دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# سۆيۈملۈك دۈشمەن

جېين ۋېبستېر ( ئامېرىكا )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# سۆيۈملۈك دۈشمەن

ISBN 978-7-228-12746-7

9 787228 127467 >

定 价：22.00 元

جېين ۋېبستېر (ئامېرىكا)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

亲爱的敌人:维吾尔文/(美)韦伯斯特著; 吾尔尼沙·马木提,卡德尔·阿尔斯朗译. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2009.8

ISBN 978-7-228-12746-7

Ⅰ.亲... Ⅱ.①韦... ②吾... ③卡... Ⅲ. 长篇小说 — 美国 — 现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I712.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第144906号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| **特约校对** | 艾比布拉·艾力 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 32开本 |
| **印　　张** | 8.625 |
| **版　　次** | 2009年8月第1版 |
| **印　　次** | 2009年8月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1-3000 |
| **定　　价** | 22.00 元 |

بۇ كىتاب خېنەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据河南文艺出版社2007年1月第1版，2007年1月第1次印刷本翻译出版。

## سۆيۈملۈك دۈشمەن

**ئاپتورى:** جېين ۋېبستېر (ئامېرىكا)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ھۆرنىسا مامۇت، قادىر ئارسلان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ھەبىبۇللا ئېلى
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 8.625
**نەشرى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1-3000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12746 - 7
**باھاسى:** 22.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

«سۆيۈملۈك دۈشمەن» ــ ئامېرىكا ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان مۇھەببەت تېمىسىدىكى داڭلىق ئون كلاسسىك رومانىنىڭ بىرى. رومان ئاپتورى جېين ۋېبستېر (1876 ــ 1916) ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى مارك تۋېننىڭ جىيەن نەۋرىسى، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى.

جېين ۋېبستېر نيۇيورك شتاتىدىكى فلودۇنىيىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ھېرىسمەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى نەشرىياتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئانىسى «تومنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى»نىڭ ئاپتورى مارك تۋېننىڭ جىيەن قىزى ئىدى.

جېين ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە دائىم باسا قىزلار ئالىي مەكتىپىنىڭ «مەكتەپداشلار» ژۇرنىلى ۋە «يەرلىك ئاخبارات» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەسەر ئەۋەتىپ تۇراتتى ھەمدە دەرستىن سىرتقى چاغلىرىدا دارىلئېيتامغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلاتتى. بۇ مەزگىلدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى كېيىن ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى «سۆيۈملۈك دۈشمەن»، «شادىپاچاق تاغا» قاتارلىقلارنىڭ ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

«سۆيۈملۈك دۈشمەن» رومانىدا، «مەن»نىڭ دارىلئېيتامنى باشقۇرۇش، يېتىم بالىلاردىن خەۋەر ئېلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئىنچىكە، تەسىرلىك بايان قىلىنغان. ئەسلىدە «مەن» ئائىلە قۇرۇپ، ياخشى ئائىلە ئايالى بولۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ساددا قىز ئىدى. تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دوستى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن

ئۇلار قۇرغان دارىلئېتامغا ۋاقىتلىق مۇدىر بولىدۇ. ئۆزى خالىمايدىغان ئىشقا تۇتۇلۇپ قالغان «مەن» دەسلەپتە دارىلئېتامنىڭ ئىشلىرىغا كۆنەلمەي، ئۇ يەردىن تېزرەك قۇتۇلۇش كويىدا بولىدۇ. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۇنىڭ دارىلئېتامغا، ئۇ يەردىكى يېتىم بالىلارغا مېھرى چۈشۈپ قېلىپ، قىيالمايدىغان دەرىجىگە بارىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدىمۇ زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، بۇ ئۆزگىرىش مۇھەببەت قارىشىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر سىياسىيون بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەن قىز ئىدى. لېكىن، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى، ھاياتقا ۋە كىشىلەرگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسى بىردەك، مەسىلىلەردە پىكىرداش، ھايات يولىدا مەسلەكداش بولالايدىغان كىشىلا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

# 1

قەدىرلىك جۈدى:

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تەكرار ئىككى قېتىم ئوقۇپ، ناھايىتى بىئارام بولدۇم. خېتىڭدە جېرۋىسنىڭ «جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى»نى نەمۇنىلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىش ئويى بارلىقىنى، يەنە ئۇنى مىلاد سوۋغىسى سۈپىتىدە ساڭا سوۋغا قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپسەن. پەرىزىمچە، سەن مېنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلماقچى، ئۆزۈڭچە پېقىر ساللىيې ماكبىردنى دارىلئېيتامغا مۇدىر بولسۇن دېمەكچىمۇ؟ بىلمىدىم. ساراڭ بولدۇڭمۇ، نېمە؟ جۆيلۈگەنلىكىڭمۇ بۇ؟ مەنزە دارىلئېيتامغا مۇدىر بولۇپ بىرەر يۈز تۈكۈۋاشقا قارىغۇدەكمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە، ھايۋانات باغچىسىنىڭ باشلىقى بول، دېسەڭچۇ كاشكى!

قەدىرلىك جۈدى، تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، سېنىڭ تېخى غەلىتە مىجەزلىك شوتلاندىيىلىك دوختۇر بىلەن كەيپىمنى ئۇچۇرماقچى بولغىنىڭ! جېرۋىس ئىككىڭلارنىڭ نىيىتىڭلار ماڭا بەش قولدەك ئايان، سىلەر ئاچقان ئائىلە يىغىنىنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ تولۇق خەۋەردارمەن. «ساللىيې مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى، ئۇ نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە؟ ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى ۋۇستېر شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت رامكىسى ئىچىدە ئىسراپ قىلىۋەتمەي، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشى كېرەك ئىدى. ساللىيېنىڭ خاللوكقا خېلى كۆڭلى بار، ئۇ قارىماققا ناھايىتى سالاپەتلىك، ئەمما تۇتۇرۇقسىز ئادەم. مەن سىياسىي ساھەدىكىلەرنى زادىلا ياقتۇرمايمەن. بىز ياخشىراق ئامال تېپىپ ئۇنى قوللاپ، بۇ خەۋپلىك مەزگىلدىن

ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم قىلساق بولاتتى. ھە راست، دارىلئېتامغا مۇدىر قىلساق، قانداق؟» ھەي جۇدى، مانا بۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى، بىرەر ئېغىزىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويمىدىم. دەپ باقە، جېرۋىس زادى نېمە دېمەكچى؟ ئۆتكەندە سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغاندا، جېرۋىس مەن بىلەن نىكاھ، سىياسىيونلارنىڭ غايىسى، ئېسىلزادە ئاياللارنىڭ مەنىسىز تۇرمۇشى دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل پاراڭلاشقانىدى.

سىركىپىياز ئېرىڭگە يەتكۈزۈپ قوي، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى ئەستە تۇتىمەن. ۋەھالەنكى، مېنىڭ تۇرمۇشۇم سىلەر ئويلىغاندەك مەنىسىز ئەمەس، ھازىر ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم «ھاراقكەش ئاياللارغا نەسىھەت قىلىش سالونى»غا بېرىپ، ئۇلارغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆددە قىلالايمەنكى، ھېلىقى ئاتالمىش سىياسىيوندىن ئەنسىرەشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. سەندىن يوشۇرمايمەن، جېرۋىس ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باج باشقۇرۇش، باج نىسبىتى ۋە سودا ھەمكارلىقى قاتارلىقلاردا ئىختىلاپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆڭلۈم بار.

سەن دائىم ماڭا جەمئىيەت ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىش ھەققىدە ۋەز ئېيتاتتىڭ، ئەمدى بۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى كۆتۈرۈپ چىقىپسەن. بۇ ئىشقا دارىلئېتام نۇقتىسىدا تۇرۇپ قاراشنىڭ كېرەك ئىدى. ئاشۇ يېتىم بالىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانسەن؟ ساڭا ئوخشىمايدىغان يېرىم، مەن بۇ ئىشقا پۈتۈنلەي شۇلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن، شۇڭلاشقا، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قىلچە ئىككىلەنمەي، ياخشى كۆڭلۈڭنى رەت قىلىشىم مۇمكىن. بىراق، سەن ماقۇل كۆرسەڭ، نيۇيوركقا بېرىپ سېنى كۆرۈپ كەلگۈم بار. يەنە شۇنى ئۇچۇق دەپ قوياي، مەن دارىلئېتامغا قىلچە قىزىقمايمەن.

مېنىڭچە، تىياتىرخانىلارغا بېرىش، كىنو كۆرۈش ۋە كەچلىك زىياپەتكە قاتنىشىش دېگەندەك ئىشلارنى كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، دارىلئېتام ۋە يەسلىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى ئە-


مەلدىن قالدۇرايلى. مەن تېخى يېقىندىلا ئىككى يورۇش كەچلىك مۇراسىم كىيىمى ۋە بىرقۇر كۆك سېرىق ئارىلاش، تېگى ئاق، ئۆرە ياقىلىق پەلتو تىكتۈردۈم. بولدى، خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي. لېپ خانىمنىڭ بىر ۋارىسى بولسامۇ، شۇنى سەمىڭگە سالماقچىمەن: مۇبادا مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئويۇڭ بولمىسا، دەرھال تېلېگرامما يوللىۋەت.

هېچ ئىشنى باشقا ئاچچىقالمىغان، بارىغا شۈكۈر قىلىدىغان، باشتىن ـ ئاخىر بىردەك بولغان:

سالليي ماكبىرد
27 ـ دېكابىر
ماسساچۇسېتس شتاتى ۋۇستېر
شەھىرى تاش دەرۋازىلىق قورۇ

ئەسكەرتىش:

تەكلىپنامەڭلار دەل ۋاقتىدا كەلدى. كولتون خاللوك ئىسىملىك بىر ياش سىياسيون كېلەر ھەپتە نيۇيوركقا بارىدىكەن. ئۇ تولىمۇ جەلپكار، ئابرۇيلۇق ياش. شۇنداق كاپالەت بېرەلەيمەنكى، سىلەر ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرسەڭلارلا ياقتۇرۇپ قالىسىلەر.






ئەسكەرتىش:

جۇدى ساللىپىنىڭ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى سەيلىسىنىڭ يۇقىرىقى رەسىمدىكىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ:

يەنە بىر قېتىم سوراپ باقاي، ئىككىڭلار ئېلىشىپ قالمىدىغانسىلەر ـ ھە؟

## 2

قەدىرلىك جۇدى:

تۈنۈگۈن كەچ سىنگاپور، جېيىن ئۈچىمىز بىللە يولغا چىقىپ، دارىلئېتامغا يېتىپ بارغىنىمىزدا سائەت ئالىلىقاچان ئون بىردىن ئاشقانىدى. دارىلئېتام مۇدىرى بولغان ئادەم مالىيە ۋە جۇڭگو نەسىللىك ئەرمەك ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرسە تازا قاملاشمايتتى. مېنى بىر كىچە ـ كۈندۈز كۈتكەن قاراۋۇل ۋە خوجىدار سىنگاپوردەك مۇنداق يوغان ئىتنى ئەزەلدىن كۆرمىگەن چېغى، خۇددى مەن قوي قوتىنىغا بۆرىنى باشلاپ كەلگەندەك ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، قاراۋۇل سىنگاپورنىڭ قاپقارا تىلىنى كۆرۈپ، قىزىقچىلىق قىلىپ: «ئۇنىڭغا قارا پۈرە بەرگەنمۇ، نېمە؟» دېدى.

بىزنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. بىچارە سىنگاپور غىڭشىپلا تۇراتتى. ئۇنى ئۇيان ـ بۇيان تارتىشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە پەيتۇن قويىدىغان بىر ئۆيگە ئەكىرىپ، قوپال كەندىر ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويدى. جېيىننىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. پۈتۈن دارىلئېتامدا ئوشۇق كارىۋات يوق، پەقەت كېسەلخانىدىلا بىر كىچىك كارىۋات بار ئىكەن. جېيىننىڭ بويى كارىۋاتتىن ئوتتۇز سانتىمېتىرچە ئۇزۇن ئىدى. كۆپچىلىك تارتقۇچلاپ يۈرۈپ ئۇنى يوتقانغا ئوراپ قويۇشتى. كېچىچە ئۇ بەئەينى قاتلاپ قويۇلغان قەلەمتىراچتەك تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا قانداق بولغانلىقىنى دەپ

يۈرمىسەممۇ پەرەز قىلالايسەن: مېڭىشلىرى تازا جايىدا ئەمەس، بەدىنى S شەكلىگە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ بۇنى مەندىن كۆرۈپ ئاغرىنىدى، بىزنىڭ بۇ ئەخمىقانە خىياللىرىمىزدىن بالدۇرراق كېچىپ، ئەقلىمىزنى تېپىپ، ۋۇستېر شەھىرىدىكى تام مەشلىك ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتىشىمىزنى ئۆتۈندى. كېيىنچە جېيىننى ئېلىۋېلىپ بەكلا نادانلىق قىلغانلىقىمنى، ئۇنىڭ خىزمىتىمگە چوڭ توسالغۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەزدىم. چۈنكى، ئۇ خىزمەتچى خادىملار بىلەن ئاسانلىقچە چىقىشالمايتتى. ئائىلىمىزدىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق بىلىسەن، مەن ئۇلارنى ئاستا – ئاستا كۆندۈرۈشۈم كېرەك. جېيىننى ئېلىۋالسام، ھەقىقەتەن مېنىڭ يېمىكىم ياخشى، ئارامىم ئوبدان بولىدۇ، گەرچە بۇ ۋاقىتلىق ئىش بولسىمۇ، شۇنداق بولغاندىلا، مەن بۇ يەرگە كېلەلەيتتىم. ناۋادا ئۇنى ھەمراھ قىلىۋالمىسام، تاش دەرۋازىدىن بىر قەدەم ئاتلىيالامدىم – ئاتلىيالمامدىم، بۇنى خۇدا ئۆزىلا بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە ئۇنىڭ بىلەن كەلدۇق. يامان بولغىنى دارىلئېتامدىكىلەر بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كەتمىدى.

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە سائەتنىڭ جىرىڭلىشى مېنى ئويغىتىۋەتتى، مەن كارىۋاتتا يېتىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى يىگىرمە بەش قىزنىڭ مۇنچىدىكى ۋاڭ – چۇڭلىرىغا قۇلاق سالدىم. روشەنكى، ئۇلار پەقەت يۈزىنىلا يۇيۇۋاتاتتى، مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا كۆلچەكتىكى سۇنىڭ خېلى بىر قىسمىنى ئىشلىتىپ بولغانىدەك قىلاتتى. خۇددى بىر توپ كۈچۈكلەردەك بىر – بىرى بىلەن پېتىشماي غەلۋە قىلىشاتتى. مەن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆزۈمنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋېلىپ، ئەتراپنى ئايلىنىپ چىقتىم. سەن يەنىلا قاقۋاش ئىكەنسەن، مېنى «ماقۇل» دېگۈزۈۋېلىپلا، ئۆزۈڭنىڭ دېگىنىڭدەك قىلدىڭ.

باللار ناشتا قىلىشقا باشلىغاندا، مەنمۇ ئاشخانىغا بېرىشقا تەرەددۇتلاندىم، مېنىڭچە، بۇ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئىدى. ئاشخانىدىكى مەنزىرە بىر – بىرىگە ئۇلىشىپ

كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى: تاماق ئۈستىلىگە قېلىن ھەم ئېغىر كىلىيونكا يېپىلغان، تۆمۈر تەخسە ـ قاچىلار، ياغاچ ئورۇندۇقلار ھەممىلا يەرگە لىق كەلگەن، سۇس ئاق تامغا «پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتىگە ھەشقاللا!» دېگەن شوئار يېزىلغانىدى. بۇ شوئارنى چاپلاشنى ئويلاپ تاپقان كىشى ھەقىقەتەنمۇ «قورقۇنچلۇق» يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي زات ئىكەن.

راستىنى ئېيتسام، قەدىرلىك جۇدى، دۇنيادا مۇنداقمۇ قاملاشمىغان جاينىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. بىر ـ بىرىدىن ئەزمە، سېرىق چىراي، كۆك فورما كىيگەن بالىلار كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغىنىدا، قەلبىم لەرزىگە كەلدى، قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مېنى تۈگەشتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. بۇ يۈز بالىنىڭ ھەربىرى كۆيۈمچان ئانىغا موھتاج، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئانىلىق مېھرىمنى يەتكۈزەلىشىمنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟

مەن بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىپ نەقەدەر يەڭگىلتەكلىك، نەقەدەر نادانلىق قىلدىم ـ ھە! بۇنداق قىلىشىمنىمۇ سەن ئۈچۈن، راستىنى دېسەم، يەنە ھېلىقى كولتون خاللوكمۇ بار، بۇ بىمئەدەپ ئەبلەخ دارىلئېيتامغا مۇدىر بولىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپلا، ئۈچەيى ئۈزۈلگۈدەك قاقاقلاپ كۈلدى. سىلەر چوقۇم ماڭا قانداقتۇر سېھىر ئىشلەتتىڭلار. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەن دارىلئېيتامغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى تېپىپ كۆردۈم. ئارقىدىن يەنە ئون يەتتە دارىلئېيتام ۋە يەسلىنى زىيارەت قىلدىم. كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم مەندە يېتىم بالىلارغا ناھايىتى زور قىزىقىش قوزغاپلا قالماي، تېخى مېنى بىرمۇنچە ئويلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىگە كەلتۈردى. راست، شۇنداق قىلماقچى بولدۇم، ئۆزۈممۇ بۇنىڭدىن ھەيرانمەن. يۈز بالىنىڭ كەلگۈسى بەختى قولۇمدا، دېگەن گەپ، ھەسسىلەپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى نەچچە مىڭ ئەۋلادىمۇ بار. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! مەندە بۇلارنى ئۈستۈمگە ئالالىغۇدەك قانچىلىك قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار بار؟ ئۆتۈنۈپ

قالاي، باشقا بىرىنى تاپقايسەن!

تاماق تارتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دارىلئېتامىنىڭ ئىككى ۋاق زىياپىتىگە «داخىل بولغان»دىن كېيىن ئىشتىھايىم پۈتۈنلەي تۇتۇلدى (قەلىمىمنى بىردەم توختىتىپ تۇراي). خىزمەتچىلەر ئادەتتە قوي گۆشى قىيمىسى، پالەك يەيدىكەن، تاماقتىن كېيىن تاتلىق ـ تۇرۇم ئورنىدا مانىخوت ئۈيۈتمىسى يېيىلىدىكەن. ھېلىقى بىچارە بالىلار نېمە يەيدۇ، بۇنى ئويلاشقا پېتىنالمىدىم.

بۈگۈن ناشتىدا نېمە دېگەنلىكىمنى ئاڭلاپ باق. مەن ئۇلارغا كېڭەش باشلىقى جېرۋىس پېندلېتون ئەپەندى ۋە ھەربىر بالىنىڭ قەلبىدىكى سۆيۈملۈك «ھەدىسى» بولغان پېندلېتون خانىمنىڭ ساخاۋەتلىك قولىنى سۇنۇشى بىلەن، دارىلئېتامدا بىرمۇنچە يېڭى ھەم گۈزەل ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىدىم. پېندلېتون جەمەتىنىڭ بۇ ئىشنى ئالايىتەن تىلغا ئالغانلىقىمنى كەچۈرگەيسەن. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بارلىق خىزمەتچىلەرگە بۇ يېڭى تەدبىرلەرنىڭ ھەرگىز مېنىڭ بىر مەزگىللىك قىزغىنلىقىم نەتىجىسىدە مۇنداقلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئىش ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدىن بىۋاستە چۈشكەن بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن.

بالىلار جىم بولۇشۇپ، چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكىشتى. ئۇلارنىڭ مەندەك قىزىل چاچلىق، قاڭشارلىق دارىلئېتام مۇدىرىنى تېخى ئۇچرىتىپ باقمىغانلىقى قاراشلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشمىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەن دارىلئېتام مۇدىرى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمىگۈدەكمەن، ھېچقانداق ئەمەلىي تەجرىبەممۇ يوقمىش. مەن جېرۋىس ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ كەتكەن ھېلىقى شوتلاندىيىلىك دوختۇرنىڭ قارىسىنى تا ھازىرغىچە كۆرمىدىم. بىراق، مەن ھەقىقەتەن بۇ كىشىلەرنىڭ ناچار پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىمەن، بولۇپمۇ ھېلىقى تۆۋەن يىللىق سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سىمس خېنىمنى. ئۇ مەن

بىلەن ساپ ھاۋا توغرۇلۇق تالىشىپلا كەتتى. مەن باللار چوكىمۇزغا ئايلىنىپ قالسىمۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان ھېلىقى غەلىتە پۇراقنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدىم.

ھازىر دەل چۈش ۋاقتى، سىرتتا ھېلىلا قار يېغىپ توختىغان، قۇياش ئالتۇن نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. تۇرمىگىلا ئوخشايدىغان ئويۇنخانىنى تاقاپ، باللارنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا ئاچىقىشقا بۇيرۇدۇم. كەپسىز بىر ئوغۇل باللىنىڭ «ئۇ ھەممىمىزنى قوغلاپ چىقارماقچى» دەپ قاقشاۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىردى. ئۇ بىلەكلىرىنى كىچىك كېلىپ قالغان چاپىنىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ھەدەپ كۆچەيتتى، باللارنىڭ ھەممىسى پەلتولىرىغا ئورىلىۋالغىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مىدىر - سىدىر قىلىشماي تۇرۇشاتتى. ئويلاپ باقە، بۇ باللار قانداق ئويناشنى بىلەمدۇ؟ سىرتقا چىقىشنىڭ خۇشلۇقىدا ۋارقىرايدىغان، يۈگۈرىدىغانلار يوق، تاغقا چىقىپ قار تېپىلىدىغانلارمۇ يوق، قار پومزىكى ئېتىشىپ ئويناشقا پېتىنىدىغانلاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىشقا تەمشىلىۋاتىمەن: بىر ئامال قىلىپ سېنىڭ ھېلىقى پۇللىرىڭنى خەجلىۋەتمەكچى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەن يېزىدىكى دۇكانلاردىن ئون بىر چايدان، نۇرغۇن ئەدىيال ۋە يوتقان سېتىۋالدىم. ئەدىياللار قوي يۇڭىدىن توقۇلغان. ھەممە ياتاقنىڭ دېرىزىلىرىنى ئاچۇرۇۋەتتىم، ئەمدى باللار كېچىدىمۇ ساپ ھاۋادىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئەمما، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار تېخى كۆپ، ۋاقىتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، سائەت ئون بوپتۇ، مەن دەرھال ئۇخلىشىم كېرەك، بۇ جېنىمنىڭ قەتئىي تەلىپى.

ھەممىگە قوماندانلىق قىلغۇچى:

سالىي ماكبىرد

سۆيۈملۈك ئەللىك ئوغۇل، ئەللىك قىز

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

15 ـ فېۋرال

## 3

قەدىرلىك جۇدى:

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆزاقتىن بېرى نامىنى ئاڭلاپ يۈرگەن روبىن ماكرىئا دوختۇر كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، يېڭى مۇدىرنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەپتۇدەك. ئەگەر ئۇ كېلەر قېتىم نيۇيوركقا بېرىپ قالسا، سېخىيلىق بىلەن مېھمان قىلىپ قويۇشۇڭغا ئەرزىگۇدەك. شۇنداق قىلساڭ، جېرۋىسنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەلەيسەن. جېرۋىس ماڭا، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ھەر كۈنى ماكرىئا دوختۇر بىلەن بىللە خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقىمنىڭ ئۆزى، دارىلئېتام مۇدىرى بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ نەتىجىلىرىمنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېلىشكەن، يەنە تېخى ئىلىم ئەھلىگە خاس سالاپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بارلىق ئېسىل سۈپەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقىنى تەكرار ئېيتقان، قارىغاندا، ئۇ قالايمىقان جۆيلۈپتۇ.

ئۇ كۆل رەڭ كۆزلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، قىزغۇچ سېرىق چاچ، ئېگىز بوي ھەم جۇدەڭگۈ ئادەم ئىكەن. بىز بىللە بولغان بىر سائەتچە ۋاقىتتا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر لەۋلىرىنى چىڭ يۇرۇۋشتۇرگىنىچە، چىرايىغا كۈلكە يولاتمىدى. بىراق، مەن ناھايىتى قىزغىن بولدۇم. ئۇنى قانداق قىلىپ ئازراق ئېچىلدۇرغىلى بولار؟ مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى تەس. بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ ئىلگىرى قانداقتۇر بىرەر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغانمىدۇ ياكى شوتلاندىيىلىكلەر تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇنداق كەم سۆزمىدۇ؟ ئۇ خۇددى قەبرە تېشىغا ئوخشاش ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىكەن! يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، خۇددى مەن ئۇنى ياقتۇرمىغىنىمدەك، ماكرىئا دوختۇرمۇ ماڭا ئانچە ئامراق بولۇپ كەتمىدىغۇ دەيمەن. ئۇ چوقۇم مېنى نادان، يەڭگىلتەك، دارىلئېتام مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە

تامامەن مۇناسىپ كەلمەيدىكەن، دەپ قارىدى. شۇنداق جەزملەش-
تۈرەلەيمەن، ئۇ چوقۇم جىرۋىسقا خەت يېزىپ مېنى ئالماشتۇرۇ-
ۋېتىشنى ئۆتۈنىدۇ.

مەن قىزلارنىڭ ھېچقانداق خاسلىقى يوق چاچ پاسونىدىن
ئاغرىنسام، ئۇ دارىلئېتامنىڭ كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە ئاغزى
بىسىقماي سۆزلىدى. سۆھبىتىمىز كۆڭۈلسىز، گەپلىرىمىز
زادىلا بىر يەردىن چىقمىدى.

سۆزۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەن كىچىك
سادى كايتنى چاقىردىم. ئۇ مېنىڭ ئالاقىچىم، ئۇنىڭ چېچى
خۇددى ئامبۇر بىلەن قىسىپ كەينىگە تارتىپ قويغاندەك، بېشى-
نىڭ ئارقىسىغا پىششىق ئىككى ئۆرۈمە قىلىپ تارالغان. تەبى-
ئىيكى، كىچىك بالىلارنىڭ قۇلىقى ئىسسىق تۇرۇشى كېرەك.
ئەمما، ماكرىئا دوختۇرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققى-
نا، ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ قورسىقىغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بالىلارنىڭ
چاچ پاسونى بىلەن قۇلىقىنىڭ ماس كېلىش - كەلمەسلىكىنى
پەرۋايىغا ئالمايدۇ. يەنە قىزىل كۆڭلەكنىڭ ئىشىمۇ بار. ئۇ قىز
بالىلار قىزىل كۆڭلەك كىيسە، روھلۇق، ئىللىق ھەم پاكىز كۆ-
رۈنىدۇ، دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن بولسام قىزلار كۆك
چاقماق رەختتىن كۆڭلەك كىيسە، فرانسىيىنىڭ قىزىل مەخمە-
لىدىن كۆڭلەك كىيگەنگە قارىغاندا ئۆز ئىززىتىنى قانداق
قوغداشنى بىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقى-
نى بەكلا چۈشىنەتتىم! ماڭا ئارىمىزدا كۆپ ئۆتمەيلا جەڭگى -
جېدەل بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئەمما، دوختۇرمۇ ماڭا ئوخشاش
يېڭى كەلگەن، شۇڭا ماڭا دارىلئېتامنىڭ كونا قائىدىلىرىنى سۆز-
لەپ تۇرۇۋالمىدى. بۇنىڭدىن مەن بەك خۇش. ئىلگىرىكى دوختۇر
بىلەن بىللە ئىشلىگەن بولسام، ئاقىۋىتىمنىڭ قانداق بولىدىغان-
لىقىنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمەيتتىم. بۇ دوختۇرنىڭ بىزگە قال-
دۇرغان تەسىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بالىلارنى چۈشىنىشى مال
دوختۇرىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىكەن. بۇ يەردىكى كونا قائىدىلەرگە

كەلسەك، بارلىق خىزمەتچىلەر دىگۇدەك مىنى بىر قىتىم ئەدەپلەپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇگۈن ئەتىگەنكى ئىشنى دەي، ھەتتا ھىلىقى ئاشپەزمۇ: «ھەر چارشەنبە كەچتە، ئەزەلدىن قوناق ئۇمىچى بىرىلىپ كەلگەن» دەپ، ماڭا قوپال تەگدى.

قەدىرلىك جۇدى، يىڭى مۇدىر ئىزدەۋاتامسەن؟ مەن ئىشنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچە بەرداشلىق بىرىمەن، تىزرەك بولارسەن، چىدىيالمايلا قالدىم.

قەتئىي نىيەتكە كەلگەن:

سالليې ماكبىرد

20 ـ فېۋرال

جون گرىئىر يېتىملار ئائىلىسى

## 4


قەدىرلىك كولتون:

گېپىمگە كىرمىدى، دەپ مەندىن خاپا بولۇۋاتامسىز؟ ئىرېلاندىيە بىلەن شوتلاندىيە قىنى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر قىزغا قوپاللىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ئەكسىچە مۇلايىمراق بولۇشىڭىز كىرەك. ناۋادا ئاشۇنداق تەرسالىق قىلمىغان بولسىڭىز، مەن چوقۇم تىزلا سىزنىڭ گىپىڭىزگە كىرگەن، بۇ ھالغىمۇ چۈشۈپ قالمىغان بولاتتۇق. راستىنى ئىيتسام، بۇ بەش كۈندىن بىرى، جىدەللەشكەنلىكىمىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ كىلىۋاتىمەن، سىزنىڭ توغرا، شۇ چاغدا دىگىنىڭىزدەك، بۇ پۇتۇنلەي مىنىڭ سەۋەنلىكىم. ناۋادا مەن بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇپ چىقسام، كىيىن چوقۇم سىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭىزغا ياۋاشلىق بىلەن قۇلاق سالىمەن. قارىڭا، قايسى ئايال مەندەك سەۋەنلىكىنى بويىنىغا ئالىدۇ؟

جۇدى ئارزۇلاپ كىلىۋاتقان دارىلئىيتامنىڭ پەقەت ئۇنىڭ كاللىسىدىكى شېئىرىي تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. بۇ

قارغىش تەگكوْر يەر راستتىنلا بەك ئوسال ئىكەن. بوْنداق جايىنى
تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. قوْپقوْروْق ئوْزوْن كارىدور، تاملار نەم
هەم خوْنوْك، چىدىغوْسىز سېسىق پوْراق كېلىپ توْرىدوْ، يەنە تېـ-
خى هېلىقى كوْك فورما كىيگەن، هېچقانداق ئىپادىسىز كىچىك
مەهبوْسلارموْ بار، ئوْلارموْ نورمال باللارغا ئوخشىمايدوْ. هەي،
نېمىسىنى دەي، دارىلئېتامدىن گوْپوْلدەپ كېلىپ توْرغان چىرىد-
گەن تاختاي هىدى كوْڭوْلنى ئەڭ ئاينىتىدوْ. هاۋا ئوْتوْشمىگەچكە،
دائىم قويوْق ئىس كوْتوْروْلوْپ توْرىدىغان مەشىنىڭ ئوْستىدە قايناپ
توْرىدىغان دارىلئېتامدىكىلەرنىڭ تامىقىنىڭ پوْراقلىرى قوشوْ-
لوْپ، ئادەمنى سەسكەندوْرىدىغان پوْراقنى هاسىل قىلغان.

سىزگە دېسەم، دارىلئېتامنى قايتا قوْروْش زوْروْر بولوْپلا
قالماي، يەنە هەربىر بالىنىموْ قايتا «قوْروْپ» چىقىش كېرەك ئىـ-
كەن. ئەزەلدىن شەخسىيەتچى، هوْروْن هەم بەتخەج ئوْگىنىپ قال-
غان ماڭا ئوخشاش ئادەم ئوْچوْن، بوْ ئاسمانغا چىقىشتىنموْ قىـ-
يىن! ئوْ تەرەپتىن موْۋاپىق بىر ئىزباسار تېپىلىپ قالسىلا، ۋەزىـ-
پەمدىن ئىستېپا بېرىمەن. ئەمما، يەنە بىر مەزگىل كوْتوْشكە
توغرا كېلەر! هازىر جوْدى هەممىنى ماڭا تاشلاپ قويوْپ، ئوْزى
جەنوْبقا ئوينىغىلى كەتتى.



مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولغان، شۇڭا ھازىرچە دارىلئېتامنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن. ئۆينى تولىمۇ سېغىندىم. ماڭا ئىلھامبەخش خەتلەرنى يېزىڭ، يەنە بىر دەستە گۈل ئەۋەتىڭ. بۇ ئىشخانا لېپ خانىمدىن قالغان، ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستەللا ئالتۇن رەڭ ، تام قەغىزى قوڭۇر، ساپالارنىڭ مەخمەل قاپلىرى سۇس تۆ-مۈر كۆك رەڭدە، گىلەم بولسا يېشىل. ناۋادا سىز ھال رەڭ ئە-تىرگۈللەرنى ئەۋەتكەن بولسىڭىز، ئىشخانامدا بارچە رەڭلەر تەل بولغان بولاتتى.

قەدىرلىكىم، ھېلىقى ئاخشىمى، مەن ھەقىقەتەن ياخشى قىلد-ىمدىم. مانا ئەمدى ھېسابتا ئۆچىڭىزنى ئېلىۋالغان بولدىڭىز.

پۇشايمانغا قاچا تاپالمايۋاتقان:

ساللىي ماكبىرد

21 - فېۋرال

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 5

قەدىرلىك كولتون:

قىممەتلىك تېلېگراممىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ قايناق ھېسسىيات بىلەن توشۇپتۇ. ئەمما، پۇلىڭىزنىڭ كۆپلۈكىدىن خەجلىگۈدەك جاي چىقمىغانمىدۇ؟ بۇنداق ئاشۇرۇۋېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. گەپلىرىڭىز ئىچىڭىزگە پاتماي قالغان بول-سىمۇ، قىسقىغىنا تېلېگرامما يوللىسىڭىزلا كۇپايە ئىدىغۇ. ئەگەر پۇلنى كۆپ تاپقان بولسىڭىز، بۇ يېتىم بالىلارغا بەرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟

قەدىرلىكىم، ئازراق غەرەز ئۇقسىڭىز، قانداق؟ مەن ئىشنى قانداقمۇ خالىغانچە تاشلاپ قويالايمەن؟ بۇنداق قىلسام، جۇدى بە-لەن جېرۋىسقا نىسبەتەن ئادىل بولامدۇ؟ كەچۈرۈڭ، بۇنداق دېيە-شىمدىكى سەۋەب، ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقۇم سىز بىلەن

بولغان دوستلۇقۇمدىن خېلى بۇرۇن باشلانغان، ئۇنداق ئىكەن، ئىشنى قانداقمۇ تاشلاپ قويالايمەن! يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەرگە كېلىشىم پۈتۈنلەي تەۋەككۈلچىلىك، شۇڭا بۇ رىقابەتنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك. ناۋادا ئۇجمە كۆكۈل بولغان بولسام، ئېھتىمال سىزمۇ مېنى سۆيمەس ئىدىڭىز. بۇ يەردە بىر ئۆمۈر تۇراتتىممۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە، يەنىلا قايتىپ كېتىمەن. راستىنى دېسەم، يەنىلا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ مېنى شۇنچە چوڭ كۆرگىنى، مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغىنى ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ. قەدىرلىكىم، ھەرھالدا مەندىن ئەندىشە قىلماپسىز، باشقۇرۇش قابىلىيىتىمنىڭ ئويلىغىنىڭىزدىن ياخشى ئىكەنلىكىگە راستتىنلا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. ناۋادا پۈتۈن زېھنىمنى خىزمەتكە بېرىدىغانلا بولسام، ئۆزۈمنىڭ بۇ بالىلار ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان ئەڭ مۇنەۋۋەر مۇدىر بولۇپ چىقالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل.

ئېھتىمال سىزگە ھاماقەتتەك تۇيۇلغاندىمەن؟ بۇ تەرىپى راست. جۇدى بىلەن جېرۋىس ئىككىسى بۇنى بىلگەن، شۇڭا مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشكەن. قاراڭ، ئۇلار ماڭا شۇنچە ئىشەنچ باغلاۋاتقان يەردە، سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرىپ، تىنىپمۇ قويماي كەتسەم بولامدۇ؟ كەتمىگەنىكەنمەن، بۇ يەردە جان تىكىپ ئىشلەيمەن. ئالدى بىلەن، دارىلئېتامنىڭ ئىش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى توغرا يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلدۇرىمەن، شۇنداق قىلالىساملا، ئاندىن بۇ يەرنى كېيىنكىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەلەيمەن.

بىراق، ئۆينى يەنىلا سېغىنىمەن. ھەر كۈنى سەھەر كۆزۈمنى ئېچىپ، لېپ خانىم چاپلىغان تام قەغەزلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ئويغىنىپ كەتسەملا، بۇرۇنقى ھالىتىمگە قايتىدىغاندەك ھېس قىلىپ كېتىمەن. ئەينى چاغدا قانداق خىياللارغا بېرىلىپ، ئىللىق ئائىلەمدىن ۋاز كەچتىمكىنتاڭ، بىلمەيمەن. مېنى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئەمەس، دېگەن سۆزىڭىزگە ئىشىنىپمۇ قالىمەن.

ئەمدى بىر مەزگىل كۆرۈشەلمەيمىز. ۋۇستېر شەھىرى بىلەن دارىلئېتامنىڭ ئارىلىقى ۋاشىنگتون بىلەن ئوخشاش كېلىدىغان تۇرسا، نېمىشقا بۇنچە ھەيران قالغانلىقىڭىزنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. كۆڭلىڭىزنى توق تۇتسىڭىز بولىدۇ: بۇ يەردە ۋۇستېر شەھىرىدىكىدەك قىزىل چاچلىق ئاياللارنى ياقتۇرىدىغان ئەرلەرمۇ يوق. سىزدەك بۇدۇشقاقلار خاتىرجەم بولسا بولىدۇ! سىز بىلەن تىركىشىپ بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىم يوق، تۇرمۇشۇم ھاياجانلىق تۇيغۇلارغا موھتاج ئىدى، بىراق ھازىر رىيازەت چېكىۋاتىمەن!

ئىلھامبەخش خەتلىرىڭىزنى تېزرەك ئەۋەتكەيسىز!

پۇشايمان ئىلكىدە:

سالليي ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 6

قەدىرلىك جۇدى:

جېرۋىسقا چوقۇم شۇنى يەتكۈزۈپ قوي، مەن ئاغزىمغا كەلدى دەپ قارىسىغا سۆزلەيدىغانلاردىن ئەمەس، مۇلايىم، ئۇمىدۋار، قەلبى پاك قىزمەن، كىشىلەرگە مۇھەببەتلىك قەلبىم بىلەن قارايمەن، ئەمما ھېچكىم بۇ مۇز تەلەت شوتلاندىيىلىك دوختۇرنى ياقتۇرۇپ قالمايدۇ.

چۈشتىن كېيىن، ئۇ يەنە كەلدى. ئۇنى كۆك رەڭلىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزۈم قارشىسىغا بېرىپ ئولتۇردۇم ــ دە، خىرامان ھالدا ئۇنىڭغا سەپسالدىم: ئۇ قېنىق سېرىق رەڭلىك يۇڭ پوپايكا، سېرىق يىپقا ئارراق يېشىل يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يۇڭ كەمزۇل كىيگەن بولۇپ، قارىماققا تاقىر شوتلاندىيە تۇزلەڭلىكىگە ئارراق ھاياتلىق تۇسى بەرمەكچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى. قىزىل گالستۇكىغا قىستۇرۇۋالغان سۆسۈن خرۇستال قىسقۇچى ۋە سۆسۈن پايپىقى ئۇنى بەئەينى سىز-

ما رەسىمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ نەمۇ-نىچى دوختۇرۇڭ دارىلئېتامدىكى جاھازلارنىڭ سەنئەت تۇسىنى ئاشۇرۇشقا ھېچقانداق تۆھپە قوشالمىغۇدەك!

بۇ بىر مەزگىلدە، ئۇ ئۆزىنىڭ دارىلئېتام ھەققىدىكى بىر قاتار ئىسلاھات لايىھىسىنى تىزىپ چىقىپتۇ.

قارا ئۇنى! بۇ يەردە مەن مۇدىرمۇ ياكى ئۇمۇ، بىلەلمەيلا قالدىمغۇ؟ ئەجەبا، مەن دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە «خوش» دەپ تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنمۇ؟

بوپتۇ، بىر ھېسابتا ئۆزۈمگە بىر رىقابەتچى تاپتىم!

دەرغەزەپكە كەلگەن:

ساللىي ماكبىرد
24 - فېۋرال
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 7

قەدىرلىك جۇدى:

ئەمدى يەنە تېلېگرامما يوللاۋەرمە!

سېنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىلىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن. ساڭا كۆندە دوكلات يوللاپ تۇرغۇم بار، بىراق مەندە نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ ۋاقىت بار دەيسەن! ھەر ئاخشىمى ھېرىپ ھالىمدىن كېتىمەن، ئەگەر جېنىم قاتتىق تۇرۇۋالمىسا، كىيىملىرىمنىمۇ يەشمەستىن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاتقان بولاتتىم.

بىر مەزگىل ئۆتسۇن، بۇ يەردىكى ئىشلار بىر ئىزغا چۈشۈپ، كۆپچىلىك ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇغاندا، مېنىڭ دۇنيادا ۋاقىتقا ئەڭ رىئايە قىلىدىغان پوچتىكەش ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن.

ساڭا خەت يازمىغىلى بەش كۈن بولدى، شۇنداقمۇ؟ بۇ بەش كۈندە يەنە بىر چوڭ ئىش يۈز بەردى: ماكرىئا دوختۇر ئىككىمىز

بۇ جاينى راۋۇرۇس تۈزەپ چىقىش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزۈپ چىقتۇق. ئۇنىڭدىن بارغانسېرى بىزار بولۇپ كەتتىم، بىراق خىزمەت ئۈستىدە يەنىلا بىر ـ بىرىمىزگە ئاز ـ تولا يول قويۇۋاتىمىز. بۇ ئادەم ھەرقانداق ئىشنى تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن قىلىدۇ. ئۆزۈمنى قابىلىيەتلىك، كۈچەپ ئىشلەيمەن، دەپ قارايتتىم، ئەمما ئازراقلا كۈچ كېتىدىغان ئىشلاردا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئۇنىڭ كەينىدە قالدىم، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھامان ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەقىقىي «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» ئىكەن. ئۇ بوۋاقلارنى بەكلا چۈشىنىدىكەن. «چۈشىنىدىكەن» دېگىنىم، بوۋاقلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى تولىمۇ پىششىق بىلىدىكەن، ئەمما بوۋاقلارغا خۇددى تەجرىبە ئۈستىلىدىكى پاقىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

بىر كەچتە جېرۋىسنىڭ ماكرىئا دوختۇرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسى ھەققىدە كۈچەپ سۆزلەپ كەتكەنلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ نەق بىر سائەت سۆزلىگەنىدى، راستىنىلا بىلجىرلىغانىكەن . دوختۇر خالىغىنىچە تۈرلۈك تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، دارىلئېتامنى ئۆزىنىڭ شەخسىي تەجرىبىخانىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نارازىلىقىغىمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەتتا بىر كۈنى ئۆزى يېڭىدىن ياساپ چىققان قان زەردابىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن، سكارلاتىنا باكتېرىيىسىنى بالىلارنىڭ تامىقىغا سېلىۋەتسىمۇ ئەجەبلەنگىلى بولمىسا كېرەك.

بارلىق خىزمەتچىلەر ئىچىدە، پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن پارقازان ئىشچىسىلا خىزمەت قىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. بالىلار ماتسۇۋس خېنىمغا ئەركىلىيەلەيدۇ، باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا بولسا، قىمىرلاشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئۇلار چوڭلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىنى بايقىۋېلىشقا تولىمۇ ماھىر كېلىدۇ. ناۋادا بالىلار مېنىڭ ئالدىمدا بەكلا ئەدەپ ساقلاپ كەتسە، بۇنىڭدىن بىئارام بولغان بولاتتىم.

خىزمەتلىرىمىز سەل ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي تەلەپ ئايدىڭلاش-

قاندا، بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش ئېلىپ بارماقچىمەن. بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن سىمىس خېنىمدىن باشلايمەن. ئۇ بىزنىڭ مەرد، سېخىي كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىمىزنىڭ جىيەن قىزى، ئۇنى خالىغانچە ئىشتىن بوشاتقىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇ دائىم شۇنداق ئەزمە، روھسىز، گەپ قىلسا ئاۋازى بۇرنىدا توسۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك غوڭۇلداپ، ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. گېپىنىڭ تۇتامى يوق، سۆزلىگەنسېرى ئۈنى ئۆچۈپ، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئەسلا بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنى مۈرىسىدىن قاماللاپ راسا سىلكىپ، ئىككى ئېغىز راۋۇرۇس گەپ قىلدۇرغۇم كېلىپ كېتىدۇ. بىراق، سىمىس خېنىم ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان ئون يەتتە بالىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق مەسئۇلى، شۇڭا ئۇنى ئىشتىن بوشىتالمىسامۇ، ئانچە مۇھىم بولمىغان بىرەر ئورۇنغا تەڭشىۋەتمىسەم بولمايدۇ.

ماكرىئا دوختۇر ماڭا بالىلار باغچىسىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىش ئۈچۈن، تولىمۇ ئوماق بىر قىزنى تېپىپ بەردى. قىزنىڭ ئۆيى دارىلئېتام ئەتراپىدا. ھەر كۈنى كېلىپ بالىلارغا قارىيالايدۇ. ئۇ ئەمدىلا ئون توققۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، بىر جۈپ يۇپيۇمىلاق كۆزلىرى چاي رەڭگىدە، تولىمۇ مۇلايىم، ئانىلىق مېھرى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىز ئىكەن. بالىلارنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك ئېجىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېمەيلا قوياي. يەنە بوۋاقلار پەرۋىش ئۆيىگە ئوچۇق ـ يورۇق، چىقىشقاق، ئوتتۇرا ياشلىق بىر خانىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ بەش بالىنىڭ ئانىسى، بالا بېقىشقا ئېپى بار ئىكەن. ئۆزى سىمىس خېنىمنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولسىمۇ، پات ـ پات ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىمۇ دوختۇر تونۇشتۇرغان، بۇ ئىشتا ئۇ خېلىلا كارغا كېلىدىكەن.

ھازىر بالىلارنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلماي، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان بولدۇم. بىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىمىز ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بەزىدە يەنىلا ئۈمىدسىز-

لىنىشتىن خالىي بولالمايمەن. ئەينى چاغدا، دوختۇرنىڭ ئىلمىي ئىسلاھات لايىھىسىگە قوشۇلغىنىمدا، بۇ بالىلارنىڭ قاغجىرىغان قەلبىنى يېتەرلىك مېھرىبانلىق ۋە ئائىلىلىق مېھرى بىلەن سۇغىرالارمەنمۇ، دېگەن خىيال ئىچىمنى تىنىمسىز تاتىلاپ تۇرغانىدى. ئىشىنىمەنكى، دوختۇر ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارالمايدۇ.

مېنىڭچە، ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت ماتېرىيال توپلاپ ئارخىپ تۇرغۇزۇش. ھازىرقى ھېسابات خاتىرىسى تولىمۇ ئېنىقسىز. لېپ خانىمدىن قالغان قارا رەڭلىك خاتىرىدە بالىلارنىڭ نەسەبى، سالامەتلىك ئەھۋالى، ھەرىكەت ئىپادىسى قاتارلىقلارنىڭ بىرىمۇ قالدۇرۇلماي خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، تولىمۇ چۇۋالچاق، يەنە تېخى بىرنەچچە ھەپتە ئاق تاشلىۋېتىلگەن ئەھۋاللار بار. بالا بېقىۋېلىشنى خالايدىغان ئائىلىلەر بالىنىڭ نام ـ نەسەبىنى بىلمەكچى بولسا، بىز نېمىگە ئاساسلىنىمىز؟

ـــ قوزام، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟

ـــ ئاسماندىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپتىكەن، شۇ يەردىن چۈشتۇم.

مانا، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇشۇنداق بايان قىلىشىدۇ. ھازىر بىر تەكشۈرگۈچى خادىمنىڭ تېز پۇرسەتتە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، بالىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ئارخىپ تۇرغۇزۇشىغا موھتاج بولىۋاتىمىز. كۆپىنچە بالىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار، بۇ ئىش بەك قىيىنغىمۇ توختاپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىشنى جېنىنى ۋىلىلغا تاپشۇرساق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىقتا مەستانە ئىكەنلىكى، جەدۋەل، سخېما ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىيالى دېگەندەكلەرگە تايىنىپ جان باقىدىغانلىقى ئېھتىمال ئېسىڭدە باردۇ.

يەنە بىر گەپنى ساڭا دەپ قوياي، ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك سالامەتلىك تەكشۈرۈۋاتىمىز، نەتىجىسى ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ، تەكشۈرۈلگەن يىگىرمە سەككىز بالا ئىچىدە كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان بەش بالىلا ساغلاملىق ئۆلچىمىگە يەتكەن.

ھېلىقى كۆرۈمسىز قوبۇلخانا چوقۇم ئېسىڭدە بار. ئۇ يەردى-

كى قارا ـ قوْرا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاچىقىۋېتىپ، ئۇنى شىپاخانا قىلىپ ئۆزگەرتتىم. بازاردىكى برايىس دوختۇردىن چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئورۇندۇق ۋە كەچىككىنە چىش ياساش ماشىنىسى، تارازا، دورا دېگەنلەرنى يېرىم باھادا سېتىۋېلىپ ئەكەلدىم. دوختۇر يەنە ئېمال ماددا ۋە نىكېل تەخسىنىمۇ قوشۇپ بەردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ داۋالاشتا زۆرۈر نەرسىلەر ئىكەن. دارىلئېيتامدىكىلەر چىش تېشىش ئەسۋابىدىن يالماۋۇزدىن قورققاندەك قورقىدىكەن. ئۇنى دارىلئېيتامغا ئەكېلىپ، «چوڭ يالماۋۇز»غا ئايلىنىپ قالدىم. بىراق، كىچىك «زديانلانغۇچى»لار چىشلىرىنى زاماسكىلاتقاندىن كېيىن، ھەر كۈنى مەندىن ئىككى تال شاكىلات ئىنئام ئېلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىشتى. دارىلئېيتامدىكى شاكىچىكلەرنى باتۇر دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئۇرۇشقاقلاردىن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم: كىچىك توماس كارلو ئۇستەلنى بىر تېپىپلا ئەسۋابلارنى چېچىۋېتىپ، چىش دوختۇرىمىزنىڭ بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغىلى تاسلا قالدى. قارىغاندا، بۇ يەردە ياخشى چىش دوختۇرى بولۇش ئۈچۈن، داۋالاش تېخنىكىسىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە قاۋۇل بەدەنگە ئىگە بولمىسا بولمىغۇدەك!

ئالدىنقى قېتىمدىكى ھېلىقى خېتىمنىڭ يېرىمىنى يېزىپلا توختاپ قالغانىدىم. سەۋەب: مەن مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل بىر خانىمنىڭ دارىلئېيتامدىكى زىيارىتىگە بىر سائەت ھەمراھ بولدۇم. بۇ خانىم مەندىن دارىلئېيتام بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بىر تالاي سوئاللارنى سوراپ، ئاخىردا بىر دوللار بېرىپ، «ئاھ، بىچارە بالىلار!» دەپ قويۇپ، يېشىنى سۈرتكىنىچە كېتىپ قالدى.

ھازىرچە، بالىلاردا مېنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىمگە قارىتا ھېچقانداق ئىنكاس يوق. ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش، پاكىز سۇ ئىچىش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. مەن ئۇلاردىن ھەپتىدە كەم دېگەندە ئىككى قېتىم يۇيۇنۇشنى تەلەپ قىلدىم. يېتەرلىك ۋاننا ۋە جۇمەك سەپلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنى

كۈندە يۇيۇندۇرىمەن.

ھازىر مەن تاماق خىراجىتىنى كۆپەيتتىم. «تېجەش» خېلى يىللاردىن بېرى دارىلئېتامىنىڭ ئەڭ ئالىي يېتەكچى پىرىنسىپى بولۇپ قالغان ھەم ئەڭ ئالقىشلانغان. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ نارازىلىقى كۆپ ئىكەن، ئۇلار ئاش پەزلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىدىكەن، يەنە بىر بۆلەك خىزمەتچىلەر بۇنى ئەخلاقسىزلىق، دەپ قارايدىكەن. ئەمدى كېڭەش باشلىقى جانابلىرىنىڭ مەردلەرچە پۇل چىقىرىشى بىلەن ئىئانە پۇلنىڭ ئىلگىرىكىدىن كۆپەيگەنلىكىنى، يەنە پىندلېتون خانىمنىڭ ماڭا نۇرغۇن خىراجەت ئاجرىتىپ بەرگەنلىكىنى، باللارغا ماروژنى ئېلىپ بېرىش دېگەندەك زۆرۈر چىقىملارنى يەنىلا چىقىم قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى خىزمەتچىلەرگە تىنماي چۈشەندۈرۈشكە ۋە بۇ ھەقتە كاپالەت بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىراق، ئۇلار يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇشۇپ، بۇنداق قىلىش ئىسراپچىلىق، دەپ قاراشتى.

دوختۇر ئىككىمىز دارىلئېتامىنىڭ تاماق تىزىملىكىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ھەيرانلىقىمىزنى باسالمايلا قالدۇق. دائىم يېيىلىدىغان تاماقلار تۆۋەندىكىچە:



ھەر كۈنى يۇيۇنۇش
دارىلئېتام مۇدىرى ئىزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان جازا

گۆرۆچ تامىقى، سۇدا پىشۇرۇلغان بەرەڭگە، توڭلىتىلغان سۈت.

باللار ھېلىمۇ كىراخمال ئۇيۇتمىسىغا ئايلىنىپ قالماپتۇ! نېمىدېگەن بىچارە – ھە!

ئەتراپنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئىختىيارسىز روبېرت بورنسنىڭ شېئىرىنى ئەسكە ئالدىم، تۆۋەندە ئازراق ئۆزگەرتىپ قويدۇم:

جەننەت بەلكىم ئەپسانە، ئەمما مەۋجۇت جەھەننەم،
يەنە جون گرېئېر دارىلئېتامى بار جەزمەن.
ساللىي ماكبىرد
1 – ماي
جون گرېئېر يېتىملار ئائىلىسى

# 8

قەدىرلىك جۇدى:

تۈنۈگۈن كىچىككىنە بىر ئىش تۈپەيلى روبىن ماكرىئا دوختۇر بىلەن يەنە سوقۇشۇپ قالدىم. سەۋەنلىك ئۇنىڭدىن ئۆتتى. شۇڭا، ھازىر ئۇنى ئالاھىدە بىر نام بىلەن چاقىرىمەن. بۈگۈن ئەتىگەن: «خەيرلىك سەھەر، دۈشمەن ئەپەندى!» دەپ سالاملىشىۋىدىم، ئۇنىڭ تەرى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ، كەيپى ئۇچۇپلا كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىشىش خىيالى يوقلۇقىنى ھەم مەن بىلەن تىركەشمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.


دارىلئېتامىمىزغا يېڭىدىن ئىككى بالا كەلدى. ئۇلار «ئېمىگرىسىئونىزمچىلار جەمئىيىتى ئائىللار قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى»دىن ئەكېلىنگەن. بىرىنىڭ ئىسمى ماكس يۇگ، يەنە بىرىنىڭكى ئىسادور گاتسچىندېر. بۇ باللارنىڭ قانداقلارچە بۇنداق ئېتىقادى بولسۇن؟ شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنى قوبۇل قىلىشقا يېتە-

نالماي قالدىم. بىراق، بۇ بىچارە خانىملار ئادەمنى قايىل قىلىشقا بەك ماھىر ئىكەن. كېيىن ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن، يەنە ھەر ھەپتىدە ھەربىر بالىغا تۆت دوللار بەش سېنت تولۇقلىما بېرىش-نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. دارىلئېيتامدا بىر يۈز ئون ئىككى بالا بار بولدى، ھازىر بۇ يەر بەكلا قىستاڭ بولۇپ كەتتى. سەن ماڭا ياردەملىشىپ، ئۇ تەرەپلەردىن بۇ بالىلارنى بېقىۋېلىش-نى خالايدىغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى ئىزدىشىپ بەرگىن، ئالتە بالام باشقىلارنىڭ بېقىۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

بىلەمسەن، ناۋادا بىركىم ئائىلەڭدە كىملەرنىڭ بارلىقىنى سورىسا، سەن جاۋاب بېرەلمىسەڭ، چوقۇم قاتتىق ئوڭايسىزلىن-نىسەن. ئەمما، مېنىڭ ئائىلە ئەزالىرىمنىڭ سانى كۈندە دېگۈدەك ئۆزگىرىپ، بەئەينى پاي چېكى بازىرىغا ئوخشاپلا قالدى. مەن تۇراقلىق بىر ساننى ساقلاپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر بىر ئايالنىڭ يۈزدىن ئارتۇق بالىسى بولسا، ئۇ چوقۇم ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئامالسىز قالىدۇ.

(دۈشەنبە)

ئىككى كۈندىن بېرى، بۇ خەتنى ئەۋەتىۋېتىشكە ۋاقىت چىق-



قىرالمىدىم. بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ۋاقتىم بار، شۇڭا بۇ خەتنى ئەۋەتمەيتتىم ئاۋۋال يەنە بىرنەچچە بەت تولۇقلىما قىلاي.

دەسلىپىدە بالىلار كۆرۈمسىز فورما ئىچىدە بىر قىلىپتىن چىققاندەكلا كۆرۈنگەنىدى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەستە تۇتالمىغانىدىم. ھەيرانمەن، ئەمدى ئۇلارنىڭ چىرايىنى پەرقلەندۈرۈشكە باشلىدىم. زۆرۈر بولغاندا، بالىلارغا يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىڭنى نەچچە رەت دەپ بولدۇڭ. بۇ ئويۇڭنى بىلىمەن، بىراق مەن ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق باش قاتۇرغۇم يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن كۆپ مۇھىم.

دېگۈدەك گەپمۇ قالمىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ بىر توپ يېتىم بالىلار مېنى ئۆزىگە ھەقىقىي تارتالمىدى. ئۆزۈمدە ئەڭ ئەقەللىي «ئانىلىق مېھرى» بار – يوقلۇقىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىدىم. بالىلارنىڭ ئۇستۇپشى پاسكىنا، يەنە تېخى بۇرنىنى سۈرتۈپ قويۇشۇڭ كېرەك! بەزىدە ئارىدىن شوخراق بىر – ئىككىسى مېنى ئۆزىگە تارتقاندەك قىلىسىمۇ، كۆپ چاغلاردا، ئۇلارنىڭ كىر ھەم زەپىران چىرايى ۋە كۆرۈمسىز فورمىسى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

بىرى بۇنىڭ سىرتىدا. تۈنجى كۈنىلا توپ ئارىسىدىن سادى كايت كىئوين كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەنىدى. ئۇ ھازىر مېنىڭ كىچىك ئالاقچىم، كۈن بويى مېنى خۇش قىلىپ تۇرىدۇ. سەككىز يىلدىن بېرى دارىلئېيتامدىكى تۇرلۇك بەتقىلىق ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە كاللىسىنىڭ مەسلىسى بار ئىكەن. بۇ قىزچاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ئالاھىدىرەك بولسىمۇ، تاشلىۋېتىلگەن ئاشۇ بالىلار ئارىسىدا يەنىلا ئادەتتىكىچە سانىلىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئون بىر يىل مۇقەددەم، ئوتتۇز توققۇزىنچى كوچىدىكى بىر ئۆينىڭ ئاستىنقى پەلەمپىيىدە، «ئالتمان شىركىتى» دەپ يېزىلغان قەغەز قاپنىڭ ئىچىدە باشقىلار تەرىپىدىن بايقالغانىكەن.

قاپقا: «سادى كايت كىئوين ئوتتۇز بەش كۈنلۈك، پەرۋەردىگار

ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغايسىلەر» دەپ يېزىلغانىكەن. بۇ قاپ ئۇنى بايقىغان ساقچى تەرىپىدىن بىللىبۇيگە تاپشۇرۇلۇپ، شۇ يەردە ئارخىپلاشتۇرۇلغانىكەن. تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلار تېپىلىش نۆۋىتى بويىچە بىر - بىرلەپ ئېتىقادى بېكىتىلىدىكەن. نەتىجىدە، دۇپدۇگىلەك كۆك كۆزلەر ۋە سادى كايىت دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ ئىربلاندىيىلىكلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىكەنلىكىدىن مانا مەن دەپ بەلگە بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۇ شۇ تەرتىپ بويىچە خرىستىئان مۇخلىسى قىلىپ قويۇلۇپتۇ. ئەمما، ئۇ دارىلئېتامدا بارغانسېرى ئىربلاندقا ئوخشاپ قالغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ ئۆز ئېتىقادىغا سادىق ئىكەن، «تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغىمۇ زەردىسى قايناپ» تۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ مايمۇنىنىڭكىدەك كىچىك يۈزىدىن شوخلۇق چىقىپ تۇرىدۇ، توم ھەم قارا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى ئوڭ - سول ئىككى تەرەپكە ئايرىلغان ھالدا قارىمۇقارشى ئىككى يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ دىڭگىيىپ تۇرىدۇ. ئۇ تايغاندەك چەبدەس، ئۇنىڭغا



دائىم قىلىدىغانغا ئىش تېپىپ بېرىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ قىلمىقسىزلىقلىرى دارىلئېتام خاتىرىسىنىڭ بىرقانچە بېتىنى توشقۇزۇۋەتكەنىكەن. يېقىنقى بىر ئىشنى ئالايلۇق، ئۇ ماگگى گىرنى ئىشىك تۇتقۇچىنى چىشلەپ بېقىشقا كۈشكۈرتۈپتۇ. ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن كارىۋاتتىن چۈشمەسلىك، كەچتە پەقەت پىرەنىكلا بېرىش جازاسى بېرىلدى.

قارىغاندا، ماگگىنىڭ ئاغزى ئاجايىپ ئېچىلسا كېرەك، ئىشىك تۇتقۇچىنى ئاغزىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋالغىلى بولمىدى. نائىلاج دوختۇر چاقىرتىلىپ، قايماق سۈرتۈلگەن ئاياغ سايقۇچ بىلەن بىچارە ماگگى ئىشىك تۇتقۇچىدىن ئازاد قىلىپ چىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سادى يەنە بۇ بىچارە بايقۇشقا «كالاچ ئېغىز ماگگى» دەپ لەقەم قويۇۋالدى. ئەمدىغۇ نېمە ئىشلارغا باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلگەنسەن. مەن كۆپ بويى بەخۋاش سادى كايتنى ئالدىراشچىلىقتا ھېلىقىدەك قىلىقسىزلىقلارنى قىلىشقا چولىسى تەگمەيدىغان قىلىۋېتىش كويىدا.

ھەر كۈنى كېچەش باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر تاغار ئىشلىرىم بار. ئىككىڭلار مېنى بۇ دارىلئېتامغا تاشلاپ قويۇپ، ئۈزۈڭلار جەنۇبقا ئوينىغىلى قاچتىڭلار، ھەددىڭلاردىن بەكلا ئاشتىڭلار! ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر ماشىنىدا شامالداۋاتقان ياكى ئايدىڭدا پالما دەرەخلىرى قاپلىغان ساھىلدا سەيلە قىلىۋاتقىنىڭلاردا، مەن نيۇيوركنىڭ مارت يامغۇرىدا بىر يۈز ئون ئىككى بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بىر قولۇمنى ئىككى قىلالماي يۈرىمەن، ئەمما بۇ ئەسلىدە سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار ئىدى، مەندىن مىننەتدار بولساڭلار بولىدۇ.

داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەپ (پەقەت ۋاقىتلىق):

سالليي ماكبىرد

شەنبە

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 9

قەدىرلىك جۇدى:
بالىلار ماڭا ئامراقمۇ، قانداق، بۇنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىتىمغا ئامراقلىقىنى بىلىمەن. بۇ يەردە ھېچكىم سىنگاپوردەك قارشى ئېلىنمايدۇ. ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇماققىنا ئۈچ ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا يېمەكلىك ۋە سۇ ئەكېلىدۇ، يە-نە ئوماق ئۈچ كىچىك ئوغۇل بالا ئۇنىڭ تۈكلىرىنى تارايدۇ. شەن-بە كەچتە بۇ ئىش تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، بۇ ھەپتە ئىسپادىسى ئەڭ ياخشى بولغان ئۈچ ئوغۇل بالا ئىسسىق سۇ ۋە سو-پۇن بىلەن سىنگاپورنى يۇيۇندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، سىنگاپور ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھو-قۇقىنى بالىلارنى ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇشقا يېتەكلەيدىغان قورالغا ئايلاندۇردۇم.

سەھرادىكى بالىلار شەھەرلىكلەرنىڭكىدەك ئەرمەك ھايۋانلار-نى بېقىپ كۆرمىگەن. باشقا بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار نەر-سىلەر ئارقىلىق مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشكە تېخىمۇ موھتاج. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ، ھايۋانات باغچىسى سالدۇرۇشتىنمۇ يانماي-مەن. تىمساھ بالىسى ۋە ئاق قۇلارنى ئالغاچ كېلەرسەنمۇ؟ ئەگەر جېنىلا بولسا، قانداقلا ھايۋان بولسا، ھەرقاندىقىنى قوبۇل قىلات-تۇق ھەم ياقتۇراتتۇق.

بۈگۈن تۇنجى قېتىم كېچەش يىغىنىغا قاتناشتىم. بىز تېخى بۇ قېتىمقى چوڭ تەكشۈرۈشكە تەييارلىنىپ بولالمىغاچقا، جېر-ۋىسنىڭ نيۇيوركتا ئورۇنلاشتۇرغان ئاددىي يىغىنىدىن كۆپ مىن-نەتدار بولدۇم. ئەمما، بۇ يىل ئاپرېلنىڭ تۇنجى چارشەنبىسى بەزى ئەمەلىي نەرسىلەرنى كۆرسىتىش ئويىمىز بار. ناۋادا ماكرىئا دوختۇر بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىلانىمىز ئەمەلگە ئاشسا، ئۇ چاغدا

كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىلەر چوقۇم قاتتىق ھەيران قالىدۇ.

كېلەر ھەپتىلىك تاماق تىزىملىكىنى تۈزۈپ، كوت ـ كوت ئاشپەزىمىزنىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەك جايغا چاپلاپ قويدۇم. ھازىر تاماق تىزىملىكىمىزنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتۇق. بۇ ئىشتىن كېيىنكى خۇشاللىقىمىزنى دېمەيلا قوي: قارا بولكا، قوناق بول-كىسى، قوناق ئۇمىچى، كۆپتۈرۈلگەن بۇغداي نېنى، كىشمىش قوشۇلغان مېۋە ئۇيۇتمىسى، كۆكتات شورپىسى، ئىتالىيە ئۇگرى-سى، قىياملىق قوناق تورتى، ئالما ئۇيۇتمىسى، زەنجىۋىل تەملىك بولكا...

كۆپلۈكىدىن ساناپ بولالمايمەن. مېنىڭچە، يېشى چوڭراق قىزلار بۇ پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسا، كەلگۈسىدە ئەرلىرى چوقۇم ئۇلارنى بىر ئۆمۈر سۆيىدۇ.

ھە راست، يەنە بىر خۇش خەۋەر بار! خېتىم يەنە ئۇزىراپ كېتىدىغان بولدى. مەن بىرىنچى دەرىجىلىك ياردەمچىدىن بىرنى تاپتىم. 1910 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بېتسىي كېندرېد يا-دىڭدا باردۇ؟ ئۇ ئىلگىرى خور ئۆمىكى تەشكىللىگەن، ئوپېرا ئۆ-مىكىنىڭ باشلىقىمۇ بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىنى چىرايلىق ياساپ يۈ-رۈشلىرى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ يەردىن يىگىرمە كىلومېتىر نېرىدىلا تۇرىدىكەن. تونۇگۈن ئۇ ماشىنىلىق بۇياققا ئۆتۈپتىكەن، ئىككىمىز تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ئىلگىرى ئىككىمىز پاراڭلىشىپ باقمىغان بولساقمۇ، خۇددى قەدىناس دوستلاردەك ئەھۋال سورىشىپ كەتتۇق. ئۇ مېنى كۆ-رۈپلا تونۇۋالدى. بۇ قېتىم چېچىم ئەسقاتتى. ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋالدىم ـ دە، ئۇنىڭغا:

— دارىلئېيتامغا كېلىپ بىزگە بالىلارنىڭ ئارخىپىنى تۇر-غۇزۇپ بەرگىن، بېتسىي، — دېدىم.

ئۇ تەكلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ناھايىتى تېزلا دارىلئېيتامغا كېلىپ ۋاقىتلىق كاتىپ بولدى. ئۇ ھەپتىدە تۆت ـ بەش كۈن دارىلئېيتامغا كېلىدۇ. ئۇ مەن ئۇچراتقان ئادەم-

لەر ئىچىدىكى ئۇنۇمنى ئەڭ تەكىتلەيدىغانلاردىن. مەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئۇزاقراق تۇتۇپ قالماقچىمەن. مەن بۇ باللار ئۇنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان كىشىلەر بولۇپ قالسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلدىم، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالاتتى. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئائىلىسىگە تايىنىپ جان بېقىشنى خالىمايدىغانلاردىن ئىكەن، ناۋادا بىز يۇقىرى ھەق بېرەلىسەك، مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم قېلىپ قالىدۇ.

كادىرلار ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن، ئەلۋەتتە، دوختۇرنىڭ ئارخىپىمۇ شۇلارنىڭ بىرى بولىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، جېرۋىس ماڭا دوختۇر توغرۇلۇق خەت يازسا، ئۇساللىقلىرىنى يازسۇن، قانچە ئۇسال بولسا شۇنچە ياخشى. تۈنۈگۈن ئۇ سامىمىي سېپىئىرنىڭ باشمالتىقىدىكى يىرىڭلىق قاپارتمىنى تېشىۋېتىش ئۈچۈن، بۇياققا ئۆتكەنىكەن. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىشخانامغا كىرىپ، ماڭا يارنى قانداق تېڭىش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى. مۇدىر بولغان ئادەم ھەممىگە قادىر بولۇش كېرەكمىش.

بۇ چۈشتىن كېيىنلىك چاي ۋاقتى ئىدى، قائىدە بويىچە ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلىشىم كېرەك، ئۇ راستتىنلا تۇرۇپ قالدى. ئۇنى مەن بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمىكىن دەپ قالما، چوقۇم ئۇنداق ئەمەس. شۇ ئەسنادا جېيىن بىر تەخسە قوتۇرماچنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئەپتىدىن ئۇ چۈشلۈك تاماق يېمىگەندەك قىلاتتى، تېخى كەچلىك تاماققا يەنە خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ قوتۇرماچ يېگەچ، مەندىن مۇدىر بولۇشقا تەييارلىقىڭىز بارمۇ، يوق، ئالىي مەكتەپتە بىئولوگىيە ئۆگەنگەنمۇ، خىمىيە نەتىجىڭىز قانداق، جەمئىيەتشۇناسلىقنى قانداقراق ئۆگەنگەن، خاستىڭىس ئۇلگىلىك دارىلئېتامىدا ئىشلەپ باققانمۇ، دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى.

ئۇنىڭ سوئاللىرىغا بىر ـ بىرلەپ ئېنىق جاۋاب بېرىپ چىقتىم. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، مەنمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى

قىلمىسام بولماس: لوگىنگىغا باي، موكەممەل، غورورلۇق، بىلىم-لىك جانابلىرى قانداق تەربىيە كۆرگەنكىن؟ مەن موشۇنداق سوراپ يۈروپ، بىرپەستە خېلى يامان ئەمەس نەرسىلەرنى قېزىپ چىقتىم. ئۇ خۇددى ئائىلىسىدە قاتتىق كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندەك جىمغۇر ئىدى. دادىسى شوتلاندىيىدە تۇغۇلغانىكەن، كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ خوبگىنىس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بوپتۇ. بىراق، دادىسى ئوغلىنى شوتلاندىيىگە ئاپىرىپ تەربىيىلىگەنىكەن. دوختۇرنىڭ موممىسى ماگلېنا جەمەتىدىن بولۇپ، ئائىلىماقىقا نام ـ ئاتىقى بار جەمەتتەك قىلاتتى. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قىشلىق، يازلىق تەتىلنى شوتلاندىيە ئېگىزلىكىدە بوغا قوغلاپ ئۆتكۈزگەنىكەن.

موشۇنچىلىك ئۇچۇرلارنىلا ئىگىلىيەلىدىم. جۇدى، دۈشمىنىمنىڭ سەتچىلىكلىرىنى ماڭا دەپ بەرگىن. شۇنداق قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ئۇ شۇنچە قالتىس بولسا، نېمە ئۇچۇن بۇ نجىس جايدا نامراتلىقتا ئۆتىدۇ؟ ئىلىم ئەھلىلىرى يا شەھەردە خىزمەت قىلىدۇ، يا تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدا تەجرىبە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سەن ئۇنى قانۇنسىز ئۇنسۇر، جاندىن تويغان قاچقۇن ئەمەس، دېيەلەمسەن؟

تاققا ـ تۇققا گەپلەرنى يېزىپ، ھېچنېمىنى ئېنىق چۈشەندۈروپ بېرەلمىدىم. ھا ـ ھا، ئەرزىمەس ئىشلار ياشىسۇن، ياشاپ كەتسۇن!

سالليي ماكبىرد

6 ـ مارت

جون گرېئىر يېتىملار ئائىلىسى

ئەسكەرتىش:

ماكرېئا دوختۇر كېيىملىرىنى ئۆزى تاللىمايدىكەن، بۇنداق ئىشلارنى ئۇنىڭ خوجىدارى ماككى خانىم قىلىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلى ئىزىغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ قېتىم راستتىنلا خوش.

# 10

قەدىرلىك كولتون:


ئەتىرگۈللىرىڭىز ۋە خېتىڭىز ماڭا ۋۇستېر شەھىرىدىن ئايرىلغاندىن بېرىقى تۇنجى شادلىقنا تولغان سەھەرنى بەخش ئەتتى.

بۇ يەردىكى قۇرغاق، مەنىسىز، بۇرۇقتۇرما تۇرمۇشنى قەلەم بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. زېرىكىش ئىچىدە بېتىسىي كېنىدىرېد بىلەن بىللە بولۇشتىنلا ئازراق تەسەللى تاپىمەن. بىز ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدىكىدەك، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ تۇگۇلۇپ كېتىمىز.

تۇنۇگۇن ئادەمنى سۇر باستۇرىدىغان ھېلىقى قوبۇلخانىدا چاي ئىچىۋېتىپ، بىردىنلا بۇ بەتبەشىرە مەنزىرىنى ئۆزگەرتىش ئويىغا كەلدىم. بىز قاۋۇل ئوغۇل بالىدىن ئالتىنى چاقىرتىپ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ بۇزۇشقا خېلى ئېپى بار. شوتا، ئىسسىق سۇ دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى ئەكېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن ئىككى سائەت ھەپىلىشىپ، تامدىكى قوڭۇر تام قەغەزلىرىنى پاك - پاكىز قىرىپ چىقىرىۋەتتۇق. تام قەغىزى يىرتىشىنىڭمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز.

ھازىر ئىككى ئىشچى بازار بويىچە ئەڭ چىرايلىق تام قەغەزىنى چاپلاۋاتىدۇ. گېرمانىيىلىك ياغاچچى ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنى ئۆلچەۋاتىدۇ، مەن ئەسلىدىكى كىمخابلارنىڭ ئۇستىنى گۈللۈك رەخت بىلەن ئورىۋەتمەكچىمەن.

قەدىرلىكىم، ئالدىرىماڭ، بۇ يەردە بىر ئۆمۈر تۇرمايمەن. بۇلار مېنىڭ بىر توپ كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا ئازراق جاۋاب قايتۇرغىنىم، خالاس. جۇدىنىڭ فلورىداغا قىلغان سەپىرىگە كۆڭۈلسىزلىك كەلتۇرگۇم يوق، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ قانچىلىك ئوسال ئىكەنلىكىنى بىلدۇرمەيمەن. بىراق، ئۇ نيۇيوركقا قايتىپ كېلىشىگىلا، دەرھال ئىستېپا بېرىمەن.



ئەسلىدە كۆپرەك يېزىپ، سىزنىڭ يەتتە ۋاراق خېتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىغانىدىم، ئەمما دېرىزەم تۈۋىدە ئىككى بالا ئۇرۇشۇپ كەتتى، ئەپتىدىن بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس، بې-رىپ ئۇلارنى ئاجراتمىسام بولمايدۇ.

ئاۋۋالقىدەك سەممىيلىك بىلەن:

ساللىي ماكبىرد

چارشەنبە

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 11

قەدىرلىك جۇدى:

دارىلئېيتام مۇدىرىنىڭ قوبۇلخانىسىنى قايتىدىن بېزەپ چىقتىم. بۇ مېنىڭ دارىلئېيتامغا قىلغان كىچىككىنە سوۋغام، دەپ قارايمەن. لېپ خانىمنىڭ ئاشۇ تۆمۈر رەڭ ئورۇندۇقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بۇ يەرگە كېلىپلا باي-

قىزۋالغاندىم. كەلگۈسىدىكى مۇدىر ئىزباسارىنىڭ خۇشاللىق بىلەن قىلىپ قىلىشى ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلماقتىمەن.

بېتىسى لىپ خانىمنىڭ ئاشۇ «ئالۋاستى ئۆڭكۈرى»نى يېڭىۋاشتىن بېزىشىمگە ياردەملىشىۋاتىدۇ. بىز بىردەك قېنىق كۆك رەڭ بىلەن ئالتۇن رەڭنى ماسلاشتۇرۇشنى تاللىدۇق. بۇ ئۆي چوقۇم مەن كۆرگەن ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى بۇ ئۆيدە بالىلارغا رەسىم سىزىشنى ئۆگەتسەم بولىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەردىكى بارلىق گۈزەللىكلەر چۈمكىۋېتىلگەنىكەن، مانا ئەمدى تامدا يېڭى تام قەغىزى، يەردە ۋۇستېر شەھىرىدىن ئەكەلگەن، ئۆزۈم ئەڭ ياقتۇرىدىغان ھېلىقى پارس گىلىمى بار بولدى، دېرىزىلەرگە پۈرمىلىك پەردىلەر تارتىلدى. ئۆي ئازادە ھەم ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېڭى ئۈستەل، بىرنەچچە چىراغ، بىرقانچە پارچە كىتاب ۋە بىر پارچە رەسىممۇ بار. ئوتمۇ قالىدۇق. شامال كىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، لىپ خانىم ئىلگىرى مورىنى ئېتىۋەتكەنىكەن.

تۈنۈگۈن ئاخشام، تام مەش يېنىدا نۇر چېچىۋاتقان ئوت يالقۇنغا قاراپ ئولتۇرۇپ، قەلبىمدە بىردىنلا قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. گۈزەل مۇھىتنىڭ ئىنسان قەلبىنى بۇ قەدەر تىنچلاندۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىكەنمەن. راستىنى ئېيتسام، جۇدى، بۇ دارىلئېيتامغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم قانائەتلىنىشىم.

مېنىڭ قوبۇلخانامنى رېمونت قىلىشتىن بالىلارنىڭ ياتىقىنى رېمونت قىلىش مۇھىم ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدىم. ھېلىقى ئويۇنخانىنى ئالساق، قاراڭغۇلۇقىدىن ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئەمما ئۇنى يەنە خىرە ئاشخانا، ھەممە يېرى ئېتىك، ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان ياتاقتا ھەمدە ۋاننىسى يوق مۇنچىغا سېلىشتۇرغاندا، يەنە خېلى يامان ئەمەس، دېيىشكە بولاتتى.

مۇمكىن بولسا، بەتبۇي پۇراپ تۇرىدىغان بۇ كونا بىنانى

كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، يېڭىۋاشتىن چىرايلىق ھەم ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇ-
رىدىغان يېتىملار ئائىلىسىدىن بىرنى قۇرساق، سىنىڭچە بولار-
مۇ؟ خاستىنگس دارىلئېتامى ئېسىمگە كەلسىلا، قاتتىق ھەۋەد-
سىم كېلىدۇ. ئاشۇنداق دارىلئېتامنى باشقۇرسا، بەلكىم تولىمۇ
مەنىلىك بولىدىغاندۇ. نيۇيوركقا قايتىپ، دارىلئېتامنى قايتا قۇ-
رۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەندە، قىممەتلىك پىكرىمنى ئويلى-
شىپ كۆرەرسەن؛ يەنە ياتاق سىرتىغا ئاتمىش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا
كارىدور چىقىرىش تەكلىپىنى بېرىمەن.
سالامەتلىك تەكشۈرتكەندە، بۇ يەردىكى بالىلارنىڭ يېرىمىدىن
كۆپرەكىنىڭ كەم قانلىق كېسىلى بارلىقى بايقالدى. پەرۋەردىگار،
نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە! ئارىدا بەزى بالىلارنىڭ ئەجدادلىرى
ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەن، يەنە نۇرغۇن با-
لىلار هاراقكەشلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئۇلار تەربىد-
يىگە ئەمەس، ساپ ھاۋاغا، ئوكسىگېنغا موھتاج. بىمارلار ئوكسىد-
گېنغا ئېھتىياجلىق ئىكەنۇ، ئۇنداقتا ساغلاملار ئېھتىياجلىق ئە-
مەسمۇ؟ مەن مەيلى قىش ياكى يازدا بولسۇن، بالىلارنىڭ ھاۋا ئۆ-
تۈشۈپ تۇرىدىغان ھۇجرىلاردا ئۇخلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.
ئەمدى، بىر توپ كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىلەرگە كەلسەك، ماشا
خون سىيرۇس ۋىكوف ئەپەندى بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتى نې-
سىپ بولدى. ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، روبىن ماك-
رىئا دوختۇر، بالىلار باغچىسىنىڭ مۇئەللىمى ۋە ئاشپەزگە بولغان
بىزارلىقىم ئۇنىڭغا بولغان بىزارلىقىم ئالدىدا يىپ ئېشەلمەي
قالدى! قارا، مەن دۈشمەننى بايقاشتەك ئېسىل تالانتنى ھازىرلى-
غانمەن.
ۋىكوف ئەپەندىمۇ يېڭى تەيىنلەنگەن مۇدىرنى كۆرۈپ بېقىش
ئۈچۈن، ئۆتكەن چارشەنبە كۈنى كەلگەنىدى.
ۋىكوف ئەپەندى ئىشخانامغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئورۇن-
دۇققا ئۆزىنى تاشلاپ راھەتلىنىپ ئولتۇرغىنىچە بىر كۈننى ئۆت-
كۈزدى. ئۇ مەندىن دادامنىڭ كەسپى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى دېگەن-

دەك بىر قىسىم ئەھۋاللارنى سورىدى. ئۇنىڭغا دادامنىڭ فورما كىيىم سودىگىرى ئىكەنلىكىنى، ئىقتىساد چېكىنگەن دەۋر (چوڭ دېپرېسسىيە دەۋرى) بولسىمۇ، بازارنىڭ فورمىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ خېلى مۇقىم ئىكەنلىكىنى ئۇدۇللا ئېيتتىم.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇ خاتىرجەم بولدى. قارىماققا، ئۇمۇ فورمىنىڭ پايدىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ يازغۇچى، ئوقۇتقۇچى ياكى پروفېسسور ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئارمانغا تولۇق دەرمانى يوق، رېئاللىققا ماسلىشالمايدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشىمدىن ئەندىشە قىلغانىكەن. ۋەكوف ئەپەندى بىزنىڭ كۆندىلىك مىزانلىرىمىزدىن قىلچە گۇمانلانمىدى.

ئۇ يەنە مەندىن بۇ كەسىپكە دائىر قانداق تەربىيىلەشلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىمنى سورىدى.

بۇ سوئال مېنى ئوسال قىلىدىغانلىقى ساڭا ئايان، ئەمما مەن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا خەير - ساخاۋەت ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ لېكسىيە ئاڭلىغانلىقىم، خەير - ساخاۋەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقىم ھەققىدە سۆزلىدىم. ئۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئارقا ھويلا ۋە پەلەمپەيلەرنى سىرلاشقا مەسئۇل بولغانلىقىمنى ئەلۋەتتە دېمەيمەن - دە! يەنە دادامنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە مەجبۇرىيەت ئەمگىكى بەلگىلەپ بەرگەنلىكىمنى تىلغا ئالدىم. بىرنەچچە قېتىم «ھاراقكەش ئاياللارغا نەسىھەت قىلىش سالونى»غا بارغانلىقىمنىمۇ قوشۇپ قويدۇم.

ئۇ مېنىڭ ھەربىر ئىشىمغا ئۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ تۇردى. نائىلاج بىزنىڭ بالىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى تولۇقلىما قىلغاچ، پەيتنى كەلتۈرۈپ، ئىلگىرى زىيارەت قىلغان دارىلئېيتاملارنى تىلغا ئېلىۋالدىم. ئۇ ئەسلىھەلىرى ئىلغار ئۇنداق دارىلئېيتامنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، جېيىن گۈل دۇكىنىدىن ئەۋەتىلگەن بىر

كورۇپكا ئەتىرگۈلنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى. بىچارە كولتون ماڭا يەنىمۇ ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، پات ـ پات گۈل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ.


شۇ ئەسنادا، جانابىي كېڭەش ئەزاسى ئەپەندى ئۆزىنى تۇتالماي چىچاڭلاپلا كەتتى. ئۇ بۇ گۈلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەكچىكەن. بۇ گۈللەرنىڭ دارىلئىپتامنىڭ پۇلىغا سېتىۋېلىنمىغانلىقىنى ئېيتىۋىدىم، كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشۈپ، جېنىنىڭ كىملىكىنى سورىدى. بۇنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم، شۇڭا يۇرەكلىك ھالدا جاۋاب بەردىم:

— ئۇ مېنىڭ مالىيىم.

— نېمىگىز؟! — ئۇ ۋارقىراپ كەتتى.

— مالىيىم.

— ئۇنداقتا، ئۇ بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟



— كىيىملىرىمنى يامايدۇ، ئاياغلىرىمنى سۈرتىدۇ، تارتمىلىرىمنى رەتلەيدۇ، چېچىمنى يۇيۇپ قويىدۇ.

مېنىڭچە، بۇ سۆزلىرىم ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇلاپلا جېينىنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزۈم بېرىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەپتىدە بەش دوللار بەش تىيىن ياتاق ھەققىنى دارىلئېيتامغا تۆلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. جېين قامەتلىك بولسىمۇ، تاماقنى بەك ئاز ئىكەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويدۇم.

ئۇ دارىلئېيتامدىكى بالىلاردىن بىرەرىنىڭ مېنىڭ بەزى ئىشلىرىمغا ياردەملەشسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ھاياجانلىنىپ كەتتىم، بىراق ئەدەپ بىلەن، جېينىنىڭ ماڭا ئەگەشكىنىگە ئۇزاق يىل بولغانلىقىنى، كەم بولسا بولمايدىغان ياخشى ياردەمچىم ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

ئۇ قايتار چاغدا، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن لىپ خانىمدىن قۇسۇر ئىزدەپ باقمىغانلىقىنى، چۈنكى لىپ خانىمنىڭ تولىمۇ ئوقۇمۇشلۇق خرىستىئان مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى، قالايمىقان ئوي - خىياللاردا بولمايدىغانلىقىنى، پۇختا ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مېنىڭ ئەقلىمنى جورۇپ لىپ خانىمنى ئۆلگە قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. قەدىرلىك جۇدى، سېنىڭچە ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرىمۇ؟

بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ، دوختۇر كەلدى. ۋىكوف ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. بۇ بىزنىڭ گېپىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم بىر يەردىن چىقىشى.

— لىپ خانىم ئىشىنى قىلسۇن! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا، — بۇ قېرى ئەبلەخ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپتۇ. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا كۆپرەك ئەقىل بەرگەي.

دوختۇرىمىز ھاياجانلانسا، پۈتۈنلەي شوتلاندىيە تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭغا يېڭى لەقەم قويدۇم: «شوتلاندىيىلىك ئەركەك!»

بۇ خەتنى يېزىۋاتقاندا، سادى كايت پولدا ئولتۇرۇۋېلىپ، جېينىغا يىپ چۇۋۇپ - تۇرۇپ بېرىشىۋاتاتتى. جېينىمۇ بۇ كىچىك بەخۋاشقا بارغانسېرى ئېجىل بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— جۇدى ھەدەڭگە خەت يېزىۋاتىمەن، — دېدىم مەن سادى كايتقا، — ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىڭ بارمۇ؟

— «جۇدى ھەدە»نى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ئۇ دارىلئېيتامدىكى ھەممە بالىلارنىڭ ھەدىسى ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق بولسا، ماڭا ئازراق كەمپۈت ئالغاچ كەلسۇن، — دېدى ئۇ.

مەن تامامەن قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

كېڭەش باشلىقىغا سالام يوللاپ:

سالليې ماكبىرد

8 - مارت

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 12

قەدىرلىك خانىم:

سىزنىڭ ئىككى پارچە تېلېگرامما، تۆت پارچە خەت، ئۈچ پارچە چېكىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. سىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىڭىزگە پىقىر مۇدىر پەرمانبەردارمەن.

بېتسىيغا يۈز دوللار بېرىپ، ئاشخانىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلدىم. ئۇ بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ياردەمچىلىككە بەش بالىنى تالليۋالدى - دە، زالنىڭ ئىدىشىنى تاقىۋالدى. بۇ بىرقانچە كۈندە بالىلار سىنىپتىكى پارتىلاردا تاماق يېدى. بېتسىينىڭ ئىچىدە زادى نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ خاتىرجەم، ئۇنىڭ ھۈنىرى مېنىڭكىدىن جىق.

ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشنىڭ دەل

ۋاقىتىدا پۈتۈشكە ئىشەنچ قىلىش ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىكەن. ياش ۋە تەجرىبىدىكى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ يېڭى ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىشى تەس ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، 1875 ـ يىلى بۇ دارىلئېتام قۇرۇلغاندا ئىشلار قانداق بولسا، كېيىنكى ۋارىسلار شۇ بويىچە قىلىسىلا بولىدىكەن.

قەدىرلىكىم، يەنە بىر ئىش تىلغا ئېلىشىمغا ئەرزىيدۇ. مۇدىرنىڭ ئايرىم تاماقخانىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتقىنىڭدا، دەسلىپىدە ئۆزۈمنى بۇ توپتىكى يادرولۇق شەخس دەپ قاراپ، بۇ سۆزۈڭگە ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدىم. قارىمامسەن، بۇ تاماقخانا بەكلا ئەسقاتتى، ناۋادا چارچاپ كەتكۈدەك بولسام، ئۆزۈم يالغۇز تاماق يەيمەن، كەيپىم چاغ كۈنلىرى بىرەرنى تاماققا ھەمراھ قىلىپ پاراڭلىشىمەن. مۇنداق بولغاندا، كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنى باشقىلارغا تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىممۇ بولىدىكەن. سىمىس خېنىمنىڭ «ساپ ھاۋا»غا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇنى بىللە كەچلىك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم ـ دە، ئۇستىلىق بىلەن كالا گۆشى توغرامچىسىغا «ئوكسىگىن» قوشۇپ يېگۈزدۈم.

كالا گۆشى توغرامچىسى كەچلىك تاماقتىكى ئاساسلىق يېمەكلىك بولۇپ، ئادەمنى رازى قىلىدۇ. ئوزۇقلۇقتىنمۇ مۇھىم ئىشلارنى قىلىپ تۈگىتىپ، كېلەركى ئايدىن باشلاپ كۆپچىلىكنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلىمەن.

سىرتتا توساتتىن «پالاققىدە» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. كىچىك پەرىشتىلىرىمىزدىن بىرى يەنە بىرىنى توپ قىلىپ تېپىپ پەلەمپەيدىن دومىلىتىۋەتتى بولغاي. بوپتۇلا، ھازىر قەلەمنى قويغۇم يوق، ناۋادا بۇ بالىلار بىلەن ئۇزاق بىللە تۇرىمەن دېسەم، ھەممە ئىشقا چېپىلىپ يۈرمەسلىكنى ئۆگىنىۋالسام بولغۇدەك.

سەن لېئونارانىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇۋالدىڭمۇ؟ ئۇ دوختۇرلۇقمۇ قىلىدىغان بىر مىسسىئونېرغا ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن

تايلاندقا باريدىكەن، بۇنداق بىمەنە ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقىقانمۇ؟ ئۇ بىر مىسسىئونېرنىڭ ئۆيىنى تۇتماقچى بوپتۇ. ئويلاپ باقە، ئۇ ئاشۇنداق ئۇسسۇل ئويناپ يۇرۇپ يات دىنىدىكىلەرگە سا-خاۋەت قىلارمۇ؟

مېنىڭ دارىلئېيتامغا مۇدىر بولغانلىقىمغا، سېنىڭ ئىتائەتچان ئائىلە ئايالى بولغانلىقىڭغا، مارتىي كىنىنىڭ پارىژدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سورۇنلىرىنىڭ ئەركىسى بولۇۋالغىنىغا سېلىشتۇر-غاندا، لېئونارادىكى ئۆزگىرىشنى ھېچنېمە دەپ كەتكىلى بولماي-دۇ. شۇنداقمۇ؟ دەپ باقە، لېئونارا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ ئەلچى-خانىنىڭ تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشارمۇ؟ چېچىنى قانداق پاسوندا ياسار؟ ئۇنىڭ چېچى قىسقا، چوقۇم كەيمە چاچ كىيىشكە توغرا كېلەرمىكىن. بىز بىر توپ قىزلارنىڭ تەرەققىياتى نېمىدېگەن قىزىق - ھە!

يەنە بىر پارچە خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. كەچۈر، ئاۋۋال ۋاشىنگتوندىن كەلگەن گۇزەل ھەم تەسىرلىك خەتنى كۆرۈۋالاي.

ئەمەلىيەتتە، بۇ خەتنى گۇزەل دېگۈچىلىكىمۇ يوق، ئەكسى-چە، ئەدەپسىزلىك بىلەن يېزىلغان دېيىلسە مۇۋاپىق. ساللىي ماكبىرد ئويلىمىغان يەردىن دارىلئېيتامغا كېلىپ ياشاۋاتىدۇ. بۇ كولتوننىڭ نەزىرىدە ئالەمچە بىر ھەزىل. بىراق، ئۇ بۇ ئىشنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى كېلىپ كۆرۈپ باقسا، ئاندىن بىلەتتى. ئۇ كېلەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەچ، مېنىڭ ئازابلىق ھالىمنى كۆرۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى دارىلئېيتامغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزۈم نيۇيوركقا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كېتىمەن. دارىلئېيتامغا بىرنەچچە كۈن مەسئۇل قىلىپ قويسام، قانداق قىلىدىكىن قېنى.

كارىۋات كىرلىكلىرى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. دارىلئېيتامدا ھازىر ئىككى يۈز ئون بىر ئەدىياللا قالدى، ھەتتا ئۇنچىلىكمۇ چىقماسلىقى مۇمكىن.

ئائىلەم، شۇنداقلا قەلبىمدىكى بىردىنبىر ئەتىۋارلىقىم

سىنگاپور ئىككىمىز ساڭا سالام يوللاۋاتىمىز.
ساللىي ماكبىرد
13 ـ مارت
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

# 13

قەدىرلىك جۇدى:

بېتسىينىڭ ئازغىنە پۇل بىلەن بىزنىڭ ئاشخانىمىزنى ئاجايىپ ياسىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرەلىگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى.

يېڭى ئاشخانا ھەقىقەتەن كۆزنى چاقنىتىدىغان خىيالىي دۇنيانىڭ ئۆزىلا ئىدى. شىمالغا قارايدىغان بۇ كۇنگەي ئۆينى بېتسىي يەنىمۇ يورۇق قىلىپ بېزەپتۇ، ئاچ سېرىق رەڭلىك تاملارنىڭ گىرۋەكلىرىگە سەكرەپ ـ تاقلاپ ئويناۋاتقان توشقانچاقلار سىزىلغان، ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارغا ئارامبەخش سېرىق رەڭ بېرىلگەنىدى. خىراجەت يېتىشمىگەچكە، كاناپ داستىخانلار ئىشلىتىلگەن، ئۇلارغىمۇ تاقلاۋاتقان توشقانچاقلار سىزىلغانىدى. لوڭقىلارمۇ سۇزۇك سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئىچىگە مەجنۇنتاللار تولدۇرۇپ قويۇلغانىدى. كېيىنچە بۇ لوڭقىلارغا ماماكاپ ۋە سېرىق گۈللۈك پوئىنسىئانا چاتقىلى، ياۋروپا جىنەستىسى قاتارلىقلارنى سېلىپ قويىمىز، دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم. بۇلاردىن باشقا تەخسىلەرمۇ يېڭىلانغان بولۇپ، ئۇستىگە ئاق ۋە سېرىق رەڭلىك نەرگىسگۈلى چۈشۈرۈلگەنىدى، ئېھتىمال ئەتىرگۈل بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ سالفېتكا ئىشلىتىدىغان بولدۇق. باللار بۇنداق نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنى قولياغلىقمىكىن دەپ بۇرنىنى سۈرتۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ماروژنى، تورت سېتىۋېلىپ يېڭى ئاشخانىمىزنىڭ ئېچىلغان-

لىقىنى تەبرىكلىدۇق. بالىلارنىڭ روھلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆ-رۈپ، قەلبىم ئېيتقۇسىز شادلىققا تولدى. سادى كايىتتىن باشقا ھەرقانداق بالا شوخلۇق قىلسا، مۇكاپاتقا ئېرىشەتتى. ئۇ ئاللىبۇ-رۇنلا ۋىلكا بىلەن تاماق ئۈستىلىنى چېكىپ، ئالتۇن رەڭ ئاشخا-نىمىزغا كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئالىمىز، دەپ ناخشا باشلاپ كەتكەنىدى.

ئاشخانا تېمىغا يېزىلغان «پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتىگە ھەشقاللا» دېگەن سۆزلەر ئېسىڭىدىدۇ. بىز ئۇنى سىرلە-ۋېتىپ، ئۈستىگە توشقانلارنى سىزدۇق. ئائىلىدە چوڭ بولغان ئاشۇ بالىلارغا نىسبەتەن، بۇلارنى ئۆگىتىش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس، ئەمما دارىلئېتامدىكى بالىلارغا، يەنى باشقىلارنىڭ ھامىي-لىق قىلىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئىلاجى يوق بالىلارغا نىسبەتەن يەنىلا ئاكتىپ تەدبىر قوللانماي بولمايدۇ.



بىزنىڭ قىبلىنەمىمىز مۇنداق ئىدى:
«پەرۋەردىگار ساڭا قول، مېڭە ۋە پۈتكۈل دۇنيانى ئاتا قىلدى. ئۇنى ئىشقا سال، بايلىق ۋە باياشاتلىققا ئېرىشىسەن؛ رەزىللىك قىلساڭ، نامراتلىق ۋە گادايلىققا دۇچار بولىسەن.»

ئاشخانا بېزىلىۋاتقان مەزگىلدە، مەن ئون بىر بالىغا ئىللىق ماكان تېپىپ بەردىم. «شتاتلىق خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيىتى»نىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۈچ قىزچاققا يامان ئەمەس ئائىلىلەرنى تاپتۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىر قىزچاق بار، ئەگەر ئۇنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولۇپ قالسا، ئۇ ئائىلە رەسمىي بېقىۋالاتتى. ئەدەپلىك، قۇلىقى يۇمشاق، قىزغىن، چاچلىرى بۇدۇر بۇ ئوماق قوزىمىزنى كۆرگەنلىكى ئادەم ياقتۇرماي تۇرالمايدۇ. بۇ ئائىلىدىكىلەرمۇ چوقۇم ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. بىرەرى بالىلارنى تاللىۋېلىشقا كەلسە، يۈرىكىم قاتتىق سىلىپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، بالىنىڭ بىر قېتىم كۆلۈپ قويۇشى دېگەندەك ئۇششاق ئىشلارمۇ هەل قىلغۇچ رول ئويناپ، بالا بەختلىك بىر ئائىلىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، تۇيۇقسىز كەلگەن چۈشكۈرۈك بىلەنمۇ، هەممە ئىشلار سۇغا چىلىشىشى مۇمكىن.

دارىلئېتامدىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئۈچ ئوغۇلنىڭ هەممىسى دېهقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتىدۇ، يەنە بىر بالا غەربىي قىسىمدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىغا بارماقچى. ئۇ كەلگۈسىدە غەربىي قىسىملىق باتۇر پادىچى بولۇپ يېتىلىشى، ئېيىقلارنى ئوۋلىشى، ئىندىئانلار بىلەن باتۇرلارچە مۇسابىقىگە چۈشۈشى مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇنى يەنىلا دېهقانچىلىق مەيدانىدا ئورۇش ـ يىغىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلسا بولاتتى، دەپ ئويلايمەن. سەۋەب: ناۋادا ئۇ خۇددى هېكايىلەردىكى قەهرىمانلاردەك بىزدىن ئايرىلسا، قېلىپ قالغان يىگىرمە بەش ئوغۇل بالىنىڭ يۈرىكىگە ئاشۇنداق بىر ئىستەك ئوتىنى ياقىدۇ. ئۇلار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، دارىلئېتامنىڭ بىخەتەر، ئەمما مەنىسىز تۇرمۇشىغا يۈزلەنگىنىدە، ئۈمىدسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئۇلاردىن باشقا يەنە بەش بالا مۇناسىپ ئاپپاراتلارغا ئاپىرىپ
بېرىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى پالەچ، بىرىنىڭ ئوڭ قۇلىقى گاس، قال-
غان ئۈچى ئەقلى ئاجىزلاردىن ئىدى. دارىلئېيتام تەلىم - تەربىيە
خاراكتېرىگە ئىگە، ئۇلار بۇ يەردە تۇرسا بولمايدۇ، بىز مەبلەغنى
ئۇلار ئۈچۈن ئىسراپ قىلىۋەتسەك بولمايدۇ.

دارىلئېيتامدىكى بەزى قاراشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. مەن خۇددى
ياتاقلىق مەكتەپلەردىكىگە ئوخشاش ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ
قالغان ئاشۇ بالىلارغا ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى يارىتىپ، جىس-
مانىي، روھىي، ئەخلاقىي جەھەتتە تەربىيىلىنىشىنى كاپالەتكە
ئىگە قىلىدىغان يېڭى تىپتىكى دارىلئېيتام قۇرۇپ چىقماقچىمەن.
«يېتىم بالا» بۇ بالىلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولسىمۇ، بۇ يەر-
دىكى نۇرغۇن بالا يېتىم ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە-
سىيلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار بەكلا جاھىل
ۋە بىزەڭ بولغاچقا، بالىلارنى ئۇلارغا تاپشۇرالمايمىز. ناۋادا با-
لىلار ئۆزلىرىنى سۆيىدىغان ئائىلىدە چوڭ بولسا، دارىلئېيتامدا
تۇرغانغا قارىغاندا، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولاتتى.



شۇڭا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىقىۋېلىشنى خالايدىغان ئائىلىلەرنى تېپىپ، ئۇلارنى تېزرەك ئائىلىنىڭ قوينىغا كىرگۈزۈۋېتىمىز.

سەپەر جەريانىدا، بەختىيار ئائىلىلەرنى ئۇچراتقانسەن؟ ئۇلارغا بىرەر بالىنى بىقىۋېلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ باققىلى بولماسمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، ئوغۇل بالىلارنى بىقىۋالسۇن. دارىلئىيتامىمىزدا ئوغۇللار بەك كۆپ، نېمىلا دەيلى، كىشىلەر ئوغۇل بالىلارنى بىقىۋېلىشنى خالىمايدۇ، يەنە تېخى ئاياللارنىڭ قارشى تۇرىمىز دېيىشىدۇ. بۇنى بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەلبىدىكى ئوغۇللارنى چەتكە قېقىش خاھىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچ گەپ ئەمەس. يۇزى سەپكۈنگە توشۇپ كەتكەن ئالتۇن چاچ قىز بولسىمۇ، ئۇنى بىقىۋالىدىغانلار چىقىدۇ، ئەمما توققۇز ياشتىن ئۇن ئۈچ ياشقىچە تېتىك، شوخ ئوغۇللار بەئەينى زەھەرلىك چۆپكە ئايلىنىپ قالغان. كۆپىنچە كىشىلەر ئوغۇل بالىلار پەقەت ئۆينى مەينەت قىلىدۇ، ئۆي جاھازلىرىنى بۇزىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەجەبا، سەن ئەرلەر كۇلۇبلىرى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى بىقىۋېلىپ، بۇنى بىر خىل قۇتنىڭ سىمۋولى قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرمىدىڭمۇ؟ بىقىۋېلىنغۇچى بالا مەلۇم بىر پۇلدار كۇلۇب ئەزاسىنىڭ ئۆيىدە تۇرسا، ھەپتە ئاخىرىدا باشقا ئەزالار نۆۋەتلىشىپ قارىسا بولىدۇ. ئۇلار بالىنى ئېلىپ توپ مۇسابىقىسى كۆرسە، قانغۇچە ئوينىتىپ، ئاندىن دارىلئىيتامغا ئاپىرىپ قويسا بولىدۇ. بۇ خۇددى كۇتۇپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئالغاندەكلا ئىش. بۇنداق قىلىشمۇ بويتاقلارغا تولىمۇ ياخشى چېنىقىش ـ دە. كىشىلەر ئۇزاقتىن بۇيان ھە دېسىلا قىزلارنى قانداق قىلىپ ياخشى ئانا، ياخشى خوتۇن قىلىپ چېنىقتۇرۇپ چىقىش ھەققىدە سۆزلەپ كېلىشتى. ئوغۇللارنىمۇ ياخشى دادا قىلىپ چېنىقتۇرىدىغان مەخسۇس تۇر تەسىس قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ «ياخشى ئەرلەر كۇلۇبى»نى ئالدى بىلەن ھەرىكەتلەندۇرەيلى. مەن كولتونغا بۇ پائالىيەتنى ۋاشىنگتوندا ئاۋۋال باشلاتقۇزماقچىمەن.

ئەلۋەتتە، سەنمۇ جېرۋىسنى تۇرلۇك كۇلۇبلاردا بۇنى تەشەببۇس
قىلىشقا دەۋەت قىلغىن، بولامدۇ؟ ئۇلار بىرمۇنچە غەلىتە كۇ-
لۇبلارغا ئەزا بولۇۋېلىشقان، شۇڭا بىز ئۇنچە بالىنى قولدىن چى-
قىرالايدىغاندىمىز؟ دېگىنىمىزدەك بولغاي.
ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

بىر يۈز ئون ئىككى بالىنىڭ ئانىسى
ساللىي ماكبىرد
جۇمە
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 14

قەدىرلىك جۇدى:
بىر يۈز ئون ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ئاخىر ئازراق ئارام ئې-
لىش پۇرستىگە ئېرىشتى.
تۈنۈگۈن كولتون ۋاشىنگتونغا قايتىش سەپىرىدە، تۇيۇقسىز
بىزنىڭ بۇ تىنچ كىچىك بازىرىمىزغا كەپتۇ. يول توغرا كېلىپ
قالدى دېيىلگەن بولسىمۇ، توغرا كېلىپ قالغان بۇ يولنىڭ مۇسا-
پىسىنىڭ بىر يۈز ئاتمىش بەش كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى خەرد-
تىدىن بىلدىم.
كۆڭلۈمدىكى ئادىمىمنى كۆرۈپ بەكلا خۇش بولدۇم. بۇ يەرگە
كەلگىنىمدىن بېرى، ئۇ تۇنجى بولۇپ دارىلئېتام سىرتىدىكى
دۇنيادىن بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ سىرتتىكى نۇرغۇن قىزىقارلىق
ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ گېزىتتىكى بارلىق خەۋەرلەرنىڭ
ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىدىكەن. كولتوننىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ
ۋاشىنگتوننىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى داڭدار شەخسلەردىن ئى-
كەنلىكىنى بىلىۋالدىم. مەن ئىزچىل تۇردە ئۇنى سىياسىي ساھە-
دە نەتىجىسى بار، دەپ قارايتتىم، خاتالاشماپتىمەن.
شۇنچىلىك ھاياجانلاندىمكى، بەئەينى يەنە نورمال ئادەملەر

جەمئىيەتكە قايتىپ كەلگەندەك بولۇپ قالدىم. ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىم مەن بىلەن مۇنچە جىق ئىشلار ھەققىدە پاراڭلاشمىغان. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قانچىلىك غېرىبسىنغانلىقىمنى بىلمەيسەن. بېتسىي ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئۆيگە قايتىدۇ، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ماكرىئا دوختۇر مۇڭداشقاق بولسىمۇ، سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى مەنتىقىلەشكەن ۋە ئۇقۇملاشقان، قۇلاققا خۇشياقمايدۇ. كولتون بولسا، مەن ئەسلىي تەۋە بولغان ماكاننىڭ تۇرمۇش چەمبىرىكىگە — سەھرا كۈلۈبى، تەنھەرىكەت، شامالداش، ئىجتىمائىي پائالىيەت قاتارلىقلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئېھتىمال بۇ خىل تۇرمۇش شەكلىنى مەنىسىز، قۇرۇق ۋە ھاياتنى ئىسراپ قىلىدىغان تۇرمۇش شەكلى، دەپ قارىشىڭ مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇلار ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنى ئىدى. مەن ئۇنى، ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئىزچىل سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن. ھازىرقى خىزمىتىم ئاڭلىماققا كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ، قىزىقارلىق، شۇنداقلا ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، مەنىسىزلىكتە چېكىگە يەتكەن. ئېھتىمال مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا قايغۇرۇش ھېسسىياتى كەم ئادەم بولسام كېرەك.

كولتوننى باللارغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى دارىلئېتامنى ئايلاندۇرۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ باللارغا نەزىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. ئۇ مېنى، ئۆزىنى خاپا قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى، دەپ ئويلاپ قالدى. شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان تەسىرلىك سۆزلىرىگىمۇ مېنى قايناق شەھەر تۇرمۇشىدىن ئايرىۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ناۋادا كولتون جاھىللىق بىلەن مېنى دارىلئېتامنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، دەپ قارىمىغان بولسا، بۇ يەرگە ئەسلا ئاياغ باسماس ئىدىم. ئۇنىڭغا بۇ قىلىقىم باشتىن - ئاخىر ناھايىتى كۆلكىلىك تۇيۇلىدۇ. بۇ يەرگە كېلىشىممۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ دارىلئېتامنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن. ئەمدى كۆز - كۆز قىلىۋالسام بولاتتى، ئەمما ئۇ-

نىڭ كۆرۈپ بېقىشقىمۇ رايى بارمايۋاتىدۇ.
مەن ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدىم. ئۇنىڭغا بىزنىڭ كالا گۆ-شى توغرامچىمىزنى تېتىتىپ كۆرمەكچىدىم، بىراق ئۇ تەكلى-پىمنى رەت قىلىپ، مېنىڭ باشقىچە تاماقلارنى يەپ بېقىشىم كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، بىز بىرانت رېستورانىغا بېرىپ راك كاۋىپى يېدۇق. راك كاۋىپى يېيىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.
سەھەر سائەت يەتتىدە، تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى مې-نى ئويغىتىۋەتتى. كولتوندىن كەلگەنىكەن، ئۇ ۋاشىنگتونغا قايتماقچى بولۇپ ۋوگزالدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دارىلئېتامغا بولغان بىر تەرەپلىمە قارىشى ۋە باللار بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. مۇشۇ قىلىقى ئۈچۈن، ئۇ باللارغا بىر خالتا خاسىڭ ئەۋەتىشنى خالايدىكەن.
كىچىككىنە ئارامدىن كېيىن، ھېلىلا تەتىلنى ئاخىرلاشتۇر-غاندەك يەڭگىللەپ، كۈچ - قۇۋۋىتىم ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ قالدىم. بۇ بىر سائەتلىك پارىڭىمىز ھەرقانداق دورىدىنمۇ بەكرەك كار قىلغانىدى.
قەدىرلىك جۇدى، ماڭا ئىككى پارچە خەتكە قەرزدارسەن، تېزرەك جاۋاب خەت يازمىساڭ، مەنمۇ ساڭا خەت يازمايمەن.
ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

سالليې ماكبىرد
18 - مارت
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 15

سۆيۈملۈك دۈشمەن:
بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم. يەنە بىر ئىشنى ئاڭلىدىم: كېلىپلا قالماي، سىمىس خېنىمنىڭ با-

لىلارغا بېلىق جىگىرى مېيى يېگۈزمىگەنلىكىنى بايقىۋاپسىز.

ناۋادا سىزنىڭ كۆرسەتمىڭىزگە قاتتىق ئەمەل قىلالمىغان بولساق، مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. بىراق، بىردەممۇ جىم تۇرمايدىغان باللارغا غەلىتە تەملىك نەرسىلەرنى يېگۈزۈشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز. بىچارە سىمىس خېنىمنىڭ بۇ ئىشقا چامىسى يەتمەي قالدى، ئۇ چوقۇم يېتىشەلمەي قالغان گەپ. ئۇ قاراۋاتقان باللارنىڭ سانى ئادەتتىكىدىن ئون نەپەر ئارتۇق. ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭغا بىر ياردەمچى تېپىپ بەرمىسەك، سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ئورۇنداشقا چارىمىز يوق.

قەدىرلىك دوشمەن، سىمىس خېنىمنىڭ باشقىلارنىڭ قارىشىغا زىيادە سەزگۈرلۈكىنى ئېھتىمال بىلىدىغانسىز. ئەگەر سىزنىڭ بىرەرى بىلەن جېدەللەشكۈڭىز بولسا، مېنى ئىزدىسىڭىزلا بولاتتىغۇ. مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن، ئۇنداق ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدىغان. بىراق، بىچارە سىمىس خېنىم ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ ھۆجرىسىغا كىرىۋالدى، ھازىر بۇ يەردىكى توققۇز بالىغا قارايدىغان، كارىۋىتىغا ئېلىپ ئۇخلىتىدىغانغا ئادەم يوق.

ناۋادا ئۇنى تىنچىتالايدىغان بىرەر دورىڭىز بولسا، سادى كايتتىن چوقۇم ئەۋەتەرسىز.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليې ماكبىرد

سەيشەنبە چۈشتىن كېيىن سائەت بەش

## 16

قەدىرلىك ماكرېئا دوختۇر:

بۇ قىلىقىڭىز مەردلىك ئەمەس. پىكرىڭىز بولسا، ئۇدۇللا دەۋېرىشىڭىزنى، تۇنۇگۈنكىدەك قايناپ، خىزمەتچىلەرگە قاتتىق تەگمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىزنىڭ تېببىي دورىلارغا ئائىت تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئىز-

چىل ئېھتىيات بىلەن ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتاتتىم، بۇ ئىشتا بە-خەستەلىك قىلغان ئوخشايمەن. ئون تۆت شېشە بېلىق جىگىرى مېيىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى چوقۇم تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىمەن.

يەنە بىر ئىش، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، سىمىس خېنىمنى ئىشتىن بوشىتىش تەلىپىڭىزنى ئورۇندىيالمايمەن. مەلۇم تەرەپ-لەردە، ئۇنىڭ ئىش ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، ئۇ بالىلارغا ناھايىتى كۆيۈنىدۇ، ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. كەم تەرەپلىرى بولسا، نازارەت قىلىشنى، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتسەكلا، تەلىپىمىزگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليې ماكبىرد
چارشەنبە ئەتىگەن

## 17

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

ئۆزىڭىزنى بېسىۋالسىڭىز قانداق؟ مەن بۈنىڭدىن كېيىن با-لىلارنىڭ ھەممىسىگە بەلگىلەنگەن مىقداردا بېلىق جىگىرى مېيى يېگۈزۈشكە بۇيرۇق قىلدىم. ھەممىدە جانابلىرىنىڭ كۆرسەتمە-سىگە ئەمەل قىلىنىدۇ.

سالليې ماكبىرد
پەيشەنبە

## 18

قەدىرلىك جۇدى:

«بېلىق جىگىرى مېيى جېڭى»دىن بۇيان، دارىلئېيتامدىكى تۇرمۇش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. سەيشەنبە كۈنىدىكى تۈنجى توقۇنۇش مەن ئەمدىلا تۆت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ نەرسە —

كېرەك سېتىۋېلىشقا ماڭغاندا يۈز بېرىپتۇ. قايتىپ كېلىپلا، دارىلئېتامنى ئەسەبىيلىك قاپلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە ھېلىقى بەتخۇي دوختۇر كەلگەنىكەن ئەمەسمۇ.

«شوتلاندىيىلىك ئەركەك» مەڭگۈ ئىككىلا نەرسىنى، يەنى بې-لىق جىگىرى مېيى ۋە پالەكنىلا قىزغىن سۆيىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ بىرەرىمۇ دارىلئېتامىمىزدا قارشى ئېلىنمايدۇ. مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ كەم قان باللارغا چوقۇم بېلىق جى-گىرى مېيى يېگۈزۈشنى تەلەپ قىلغانىكەن. كەم قانلىق قور-قۇنچلۇق ئىش، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى بالا ـ دە، دوخ-تۇر سىمىس خېنىمدىن تەلەپ بويىچە ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، سىمىس خېنىمغا نېمە بولدىكىنتاڭ... تۈنۈگۈن «شوتلاندى-يىلىك ئەركەك»نىڭ توساتتىن گۇمانى قوزغىلىپتۇ ـ دە، نەتى-جىدە بۇ «جىنايەت»نى بايقاپ قاپتۇ. ئەسلىدە دوختۇر بۇ بىچارە با-لىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزى ئويلىغاندەك سەمرىمىگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، بۇ ئىشتىن گۇمان قىلغانىكەن. ئۈچ ئايدىن بېرى، باللارغا بىر تېمىممۇ بېلىق جىگىرى مېيى يېگۈزۈلمى-گەنلىكى ئاشكارىلىنىپتۇ. دوختۇر قاتتىق چېچىلىپ، دارىلئېتام



قورۇسىنى غەزەپ يالقۇنلىرىغا تولدۇرۇۋېتىپتۇ.
بېتسىي سادىنى كىرخانىغا ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، دوختۇر
ئۇنى ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللاپ كېتىپتۇ. ئۇنداق
سۆزلەرنى بالىلار ئاڭلىسا بولمايدۇ. قايتىپ كەلسەم، دوختۇر كې-
لىپ قايتىپ كەتكەنىكەن. سىمىس خېنىم ھۇجرىسىدا بېشىنى
يۆلەپ قاتتىق يىغلاۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇ ھېلىقى ئون تۆت شېشە
بېلىق جىگىرى مېيىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. دوخ-
تۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىمىس خېنىم ئۆزى يەۋالغان دەپ، ئۇ-
نىڭغا تەنبىھ بېرىپتۇ. سەن ئويلاپ كۆرسەڭلا بىلەلەيسەن، سىمىس
خېنىمنىڭ مۇشۇنداق ئۇۋالچىلىق تارتىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ،
ئۇنى بېلىق جىگىرى مېيىنى يەۋالغان دېگىلى بولماس؟
سىمىس خېنىم ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، ئاشۇ بالىلارنى سۆي-
گەچكە، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ
ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بالىلارغا دورا يېگۈزۈشكە
بولمايدىكەن، دورىنىڭ بالىلارنىڭ ئاشقازىنىغا قىلچىمۇ پايدىسى
يوق ئىكەن. ھېلىقى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ بۇ گەپلەرنى
ئاڭلىغاندىن كېيىنكى قەھرلىك ھالىتىنى ئېھتىمال تەسەۋۋۇر
قىلالىشىڭ مۇمكىن. مەن شۇ كۆرۈنۈشكە ئۇلگۇرۇپتىمەن.
جېدەل ئانچە ئۇزاققا سوزۇلمىدى. ئۈچ كۈندىن بېرى، سادى
يەنە دوختۇر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا خەت توشۇپ، تولا
چېپىپ كىچىككىنە پاچاقلىرى ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالدى. پە-
قەت بولمىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن تېلېفونلىشاتتىم. چۈنكى، دوختۇر-
نىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى يىرگىنچلىك خوجىدار مومايىنىڭ ئاستىن-
قى قەۋەتتىكى تېلېفوندا بىزنىڭ پارىڭىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاي-
دىغان ـ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. دارىلئېيتام-
مىزدىكى بۇنداق ئىشلارنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كېتىشىنى خال-
مايمەن. دوختۇر دەرھال سىمىس خېنىمنى ئىشتىن بوشىتىشنى
تەلەپ قىلدى. مەن بۇنى رەت قىلدىم. شۇنداق، سىمىس خېنىم
قېرىپ گالۋاڭلىشىپ قالدى، ئىش قىلغاندىمۇ كۆڭۈل قويمايدۇ،

ئۇنۇمى يوق. بىراق، ئۇ بالىلارغا چىن دىلىدىن كۆيۈنىدۇ، مۇۋا-پىق يېتەكلىسەكلا، ئۇ يەنىلا لاياقەتلىك سېستىرا.

ھازىرقى ئەھۋالدا، ئۇنى ئىشتىن بوشىتالمايمەن. چۈنكى، ئۇ يا ھاراقكەش ئاشپەز ئەمەس، نام - ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ ئادى-مى، ئۇنى ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن ئىشتىن بوشىتىشنى ئويلايمەن. ئېيتايلۇق، ئۇنىڭغا سالامەتلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كالىفورنىيە شتاتىغا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزۈپ كېلىش تەكلىپىنى بېرىش دېگەندەك. چۈنكى، مەيلى دوختۇر قانداقلا تەلەپ قويسۇن، ھەركىم ئۆز ئىززەت - ئابرۇيى ئۈچۈن، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان قاراشتا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىدۇ. ناۋادا، ئۇ يەر شارى «يۇمىلاق» دېسە، بۇ «يۇمىلاق ئەمەس، ئۈچ بۇرجەك» دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

ئۈچ كۈنلۈك تالاش - تارتىشتىن كېيىن، ئىشلار بىر قۇر بېسىققان بولدى. دوختۇر ئۆزىنىڭ قوپاللىقى ئۈچۈن، سىمىس خېنىمغا ئۆزرە ئېيتتى. گەرچە دوختۇر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئۆزرە ئېيتقان بولسىمۇ، سىمىس خېنىم خاتالىقىنى بوينىغا ئېلىپ، قايتا خاتالىق سادىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بالىلارغا بېلىق جىگىرى مېيى يېگۈزۈشكە كۆڭلى ئۇنىمىغان، يە-نە بىر تەرەپتىن، دوختۇرغا قارشى چىقىشقا پېتىنالماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى گەمىنىڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ قويغانىكەن. شۇ تاپتا، بۇ نەرسىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي بېشىم قاتتى، ئاچچىقىپ سېتىۋەتكىلى بولارمۇ؟

(قەلەمنى يەنە ئالدىم)

چۈشتىن كېيىن جېدەل ئەمدىلا تىنچىپ، دوختۇر پۈتىنى بوسۇغىدىن ئېلىۋىدى، ۋىكوف ئەپەندى تاپ بېسىپلا كىرىپ كەل-دى، بىر سائەت ئىچىدە ئىككى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا كىممۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟

ۋىكوف ئەپەندى كىرىپلا يېڭى ئاشخانىنى ماختاپ كەتتى. بو-لۇپمۇ چىرايلىق توشقانچاقلارنىڭ رەسىملىرىنىڭ بېتسىنىڭ نا-زۇك قوللىرىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگ-

مەيلا قالدى. ئۇ توشقان سىزىشنى بىلىش قىز بالا هازىرلاشقا تې-
گىشلىك قابىلىيەت ئىكەنلىكىنى، ئەمما مۇدىرلىقتەك بۇنداق
ۋەزىپىگە قىز بالىنى قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ-
نىڭ قارىشىچە، پىندلېتون ئەپەندى داناراق بولغان بولسا، بىر ئا-
يالنى مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە قويمىغان بولاتتىكەن.

بىز بېتسىنىڭ ئاجايىپ ئەسىرىدىن هوزۇرلىنىۋاتقىنىمىزدا، ئاشخانا جابدۇقلىرىنى قويىدىغان ئۆيدىن ئادەمنى چۆچۈت-
كۈدەك قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، سىرىق چىنە پارچىلىرى يەر
يۈزىنى بىر ئالدى. گلادىئولا ئۇ يەردە جېنىنىڭ بارىچە يىغلاۋاتات-
تى. بۇ مەنزىرىنى ئۆزۈم كۆرگەن بولسامىۇ، تېرىككەن بولاتتىم.
هازىر يېنىمدا ماڭا قىلچە هېسداشلىق قىلمايدىغان بىر ئەپەندى
تۇرۇپتۇ. مەن ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ كەتتىم.

ئەلۋەتتە، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بۇ چىنە ـ قاچىلارنى قوغدىد-
شىم كېرەك ئىدى. سوۋغا قىلغان چىرايلىق چىنە ـ قاچىلىرىڭ-
نىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى كۆرگۈڭ بولسا، تېزرەك كېلەرسەن.

ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

سالليي ماكبىرد

12 ـ مارت

## 19

قەدىرلىك جۇدى:

هېلىلا بىر خانىم بىلەن سۆهبەتلەشتىم، ئۇنىڭ كىچىك با-
لىلاردىن بىرىنى ئەكېتىپ، ئېرىنى خۇش قىلىۋەتكۈسى بار ئىـ-
كەن. بىرمۇنچە كۈچىنىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا هەقىقەتەن بالا بېقىۋې-
لىش نىيىتى بولسا، ئېرى بىلەن مەسلىهەتلىشىشى كېرەكلىكىـ-
نى، شۇنداق بولغاندىلا، مۇۋاپىقراق بولىدىغانلىقىنى ئاران ئۇق-
تۇردۇم. ئۇ بالىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ
تۇرۇشلىرىغا ئۆزىنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ئىش-

نىڭ ئېرى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. بۇلارنى ئاڭلاپ، راستىنىلا ئەرلەر ئۈچۈن قايغۇردۇم، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. قارىغاندا، بەزى ئەرلەرنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ھوقۇقىمۇ يوق ئىكەن.

مەن ھەتتا ئۇرۇشقاق ماكرىئا دوختۇرنى ئائىلە زوراۋانلىقىنىڭ زىيانلانغۇچىسى، ھېلىقى ئايال خوجىدار زوراۋانلىق قىلغۇچى، دەپمۇ گۇمانلاندىم. ماككى خانىم نېمىدېگەن ئوسال ئايال — ھە! ئۇنىڭ دوختۇرنىڭ ئۆلۈك — تىرىكى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىكەن. مەن باللاردىن بىرىنى ئۇنىڭغا قاراتمىسام بولمىغۇدەك. ھازىر دوختۇر ئۇستۇنكى قەۋەتتە باللارغا قاراۋاتىدۇ. سادى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ بېرىۋاتىدۇ. قارا، سادىنىڭ تام مەش ئالدىغا سېلىنغان گىلەمدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ كىيىم ياماۋاتقان ھالىتىگە، شۇ تاپتا ئۇ بەئەينى بىر ئائىلە ئايالىنىڭ ئۆزى.

ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، دوختۇر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شوتلاندىيىچە ئۇنسىز كېلىشىم بار. دوختۇر چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئىشتىن چۈشۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، باللارنىڭ ئىچى سۇرگەن — سۇرمىگەنلىكى، باشقا ئالاھىدە ئەھۋاللار ياكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى بارمۇ — يوق دېگەنلەرنى تەكشۈرۈپ، دەل سائەت تۆت يېرىمدا ئىشخانامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشقا ئادەتلەنگەن. بىز بىرلىكتە ئۆزىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىمىز.

ئۇنى بۇ يەرگە مېنى كۆرگىلى كېلەمدىكىن دەپ قالما، ئۇ بۇ يەرگە بىرەر نەرسە يېگىلى كېلىدۇ، ئىشخانامدا قاقلىما بولكا، مېۋە قىيامى ۋە چاي بار. خوجىدارى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن تويغۇدەك تاماق بەرمىسە كېرەك، دائىم ئاشۇنداق جۇدەڭگۈ ۋە ئېچىرقىغان ھالدا كۆرىسەن. دوختۇر بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى خوجىدار مومايغا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىمەن.

بۇنداق چاغلاردا، يېمەكلىك سەۋەبىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ مەندىن مىننەتدار بولغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما رەسمىي سورۇنلاردىكى

سالاپىتنى ساقلاشقا زورۇقۇۋاتقان ھالىتى بەكمۇ كۈلكىلىك: بىر قولىدا بىر تەخسە كۆپتۈرمە بولكا، بىر قولىدا چاي ئىستاكىنىنى تۇتۇۋالغان، ئۈچىنچى قولى بولغان بولسا، ئۇنىڭدىمۇ بىر نەرسە ئېلىپ يەيدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇ ئاخىر ئامال تاپتى بولغاي، ئىككى تىزىنى جۈپلەپ، ئاندىن قەغەز قولىياغلىقىنى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە قىلىپ يىرتىپ، پەتنۇس ئورنىدا تىزىغا قويۇۋالدى. ئۇ تاكى چاي ئىچىپ بولغۇچە مۇشۇ تەرزدە پۈتۈن بەدىنىنى مەھكەم كىرىشتۈرگىنىچە ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ بېرىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بىراق، ئۇنداق قىلسام، ماك-رىئانىڭ ھەر قېتىم بىر نەرسە يېگەن چاغدىكى كۈلكىلىك ھالى-تىنى كۆرەلمەي قالىمەن.

پوچتىكەش كەلدى. سېنىڭ خېتىڭ بولۇشى كېرەك. خەتلەر دارىلئېتامدىكى توختام سۆدەك تۇرمۇشۇمغا ئازراق ھاياتلىق تۈسى ئاتا قىلىدۇ. ناۋادا سەن مېنى مۇدىرلىقنى داۋاملىق قىلىۋەرسۇن دېسەڭ، ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىپ تۇرغىن.

خېتىڭنى ئېلىپ ۋاقىرلاندىم.

ھېلىقى ئۈچ تىمساھ ئۈچۈن، ماڭا ۋاكالىتەن جېرۋىسقا رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن. ئۇ ئەۋەتكەن كارتا بەكمۇ ئالاھى-دە ئىكەن. يەنە مىئامىدىن ئەۋەتكەن خېتىڭمۇ بۈگۈن كەلدى. ۋاي خۇدايىم، تېخى قىستۇرما رەسىممۇ بار ئىكەن. پالما دەرىخىدەك تۇرغىنى جېرۋىس ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم. چېچى بولمىسا، ئۇنىڭ پالما دەرىخىدىن قىلچە پەرقى يوق. كولتون ۋاشىنگتوندىن تېز يولىلانما قىلىپ ئەۋەتكەن يوغان بىر خالتا خاسىڭنىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم. ئاشۇرۇۋەتكەنمۇ، قانداق؟

دادامنىڭ رۇخسىتىنى ئالالىسا، ئاكام جىمى مېنى كۆرگىلى كېلىدىكەن. بۇ خەۋەردىن بەك ھاياجانلاندىم. بىچارە جىمى زاۋۇت-تىن بىزار. بۇ ئۇنىڭ ھۇرۇنلۇقىدىن ئەمەس، ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىش-لىرىغا زادىلا قىزىقمايدۇ. دادام بۇنىڭ نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكى-نى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ زاۋۇتنى ئۆزى قۇرغان، تەبىئىي

ھالدا فورما كىيىملەرگە قىزىقىدۇ. قائىدە بويىچە چوڭ ئوغۇل ئۇنىڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. ئەمما، مەن باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، ئەركىنمەن. ھېچقانداق زاۋۇت باشلىقى قىزىنىڭ ئۆز ئىگىلىكىنى ياقتۇرۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. مانا مەندەك ئۆز ئىشىنى خالىغانچە تاللىۋالسا بولىدۇ.

يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى، يەنە بىر سودىگەردىن كەلگەن خەتتە، ئۇلاردا ئەرزان باھالىق گۈرۈچ، سۇلۇ، ئۇن، قارىئۆرۈك ۋە ئالما قېقى بارلىقى، يەنە تېخى مەخسۇس تۇرمىدىكىلەر ۋە خەير ــ ساخاۋەت ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئوراپ قويۇلغانلىقىنى يېزىپتۇ. بۇ گەپلەر قۇلاققا تولىمۇ سەت ئاڭلىنىدىكەن. يەنە دېھقان ئائىلىلىرىدىن كەلگەن بىرنەچچە پارچە خەتمۇ بار. ئۇلار دېھقانچىلىققا كارغا كېلىدىغان، تېنى ساغلام، ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇللاردىن بېقىۋېلىپ، ئۇلارنى ئىللىق ئائىلىگە ئىگە قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپتۇ. بۇنداق مەزمۇندىكى خەتلەر ھەر يىلى تېرىقچىلىق مەزگىلىدە كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۆتكەن ھەپتە بىر ئائىلىنى تەكشۈرۈپ: «قانداق مال ــ مۈلكى بار؟» دەپ



سورىۋىدىم، كەنت پوپى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن: «بىرەر ئامبورى بارمىكىن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. ئەمما، نەچچە كۈن ئىلگىرى باياشات دېھقان ئائىلىسىدىن بىرنى ئۇچراتتۇق، ئۆيلەرنى پاكىز ساقلاش ئۈچۈن، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچ ئېغىز ئۆيگە قىستىلىشىپ كىرىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئون تۆت ياشلىق بىر قىزنى بېقىش ئويى بار ئىكەن. بىراق، قارىغاندا بېقىۋېلىنغۇچى ئۇلارنىڭ ئۈچ بالىسى بىلەن كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە قىستىلىشىپ يېتىپ ـ قوپۇپ، ئەرزان مالاي بولغۇدەك. شەھەرلەردىكى ئاممىۋى ئولتۇراق ئۆيلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئاشخانا ۋە غىزالىنىش بۆلمىسىلا بار بۇ ئۆي تېخىمۇ قىستاڭ، ھاۋامۇ ئۆتۈشمەيتتى، تېرمومېتىرمۇ ئوتتۇز گرادۇسنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇلارنى ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، دۇملىنىۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈك.

مەن مۇرەسسەگە ئىمكان بەرمەيدىغان بىر قائىدىنى بېكىتتىم، قالغان شەرتلەرنى مەسلىھەتلەشسەكمۇ بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بالا بېقىۋالماقچى بولغان ئائىلىلەر بالىلارنى دارىلئېتامدىكىدىن ئەۋزەل ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتەلىسە، بالىنى بېرىمىز. بۇ يەردە دارىلئېتام ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شارائىتنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز. ئەلۋەتتە، ھازىر بىز تېخى قالاقراق.

بالا بېقىۋالماقچى بولغان ئائىلىلەرگە تولىمۇ شەپقەتسىز پوزىتسىيىدە بولدۇم، ھەتتا بېقىۋېلىش ئىلتىماسلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى رەت قىلىپ بولدۇم.

(قەلەمنى يەنە ئالدىم)

ھېسابتا كولتون ئۈچ ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان خالتىدا خاسىڭ ئەۋەتىپ بالىلارغا تولۇقلىما بەردى. ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا، بىزگىمۇ خاسىڭ، كەمپۈت، پېچىنە دېگەندەك نەرسىلەر تارقىتىپ بېرىلگەن، ياراتماي تۇمشۇقلىرىد-

مىز ئۆچلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەممىنى يەۋەتكەنىدۇق. بۇ يەردە تۇمشۇقىنى ئۆچلايدىغانلار يوق، بىچارە باللار مۇشۇنچىلىك كىچىككىنە شەپقەتكىمۇ مىننەتدارلىقىنى باسالمايۋاتىدۇ. لىپ خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇش ھەقىقەتەن تەس ئىكەن.

ئەمدىغۇ خېتىمنى «قىسقا ئىكەن» دەپ يەنە ئاغرىنىپ يۈرمەيدىغانسەن.

يېزىۋېرىپ قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن:

سەممىي سالليي ماكبىرد

26 ـ مارت

## 20

قەدىرلىك جۇدى:

ئۆلگۈر رەقىبىتىن يەنە بىرىگە دۇچ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلىساڭ، چوقۇم بىئارام بولىسەن. ئۇ دوختۇرنىڭ ئائىلىسىدىكى خوجىدار دەللە. تېلېفوندا ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆزلەشكەن، ئۇ نازاكەتلىك سۆزلەيدىغان ئېسىلزادە خانىملاردىن ئەمەس. بۈگۈن سەھەر كەنتتىن قايتىشىمدا، ئايلىنىپ مېڭىپ دوختۇرنىڭ قورۇسىدىن ئۆتكەنىدىم، ئۇنىڭ ھەقىقىي بەشىرىسىنى ئاخىر كۆرەلىدىم. ھېلىقى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» روشەنكى مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە خېلى خوپ ئۇچرىغان. زەيتۇن يېشىلى رەڭلىك ئۆي، قىيپاش لەمپە، دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى مەھكەم ئېتىكلىك بولۇپ، كىشىگە ھېلىلا مۇسىبەت بولغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. كۆلكىنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ياتلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن. ئۆيىنىڭ سىرتىنى كۆرۈپ، ئىچىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم.

بۈگۈن ناشتىدا كېيىنى ـ كەينىدىن بەش قېتىم چۈشكۈردۈم، شۇڭا دوختۇرغا كۆرۈنمەكچى بولدۇم. ئۇ باللار دوختۇرى بولسى-

مۇ. چۈشكۈرۈك چوڭ ـ كىچىكنى ئايرىماس؟ شۇڭا، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستىم.

چاتاق بولدى، خۇشلۇقىمىزنىڭ بىلىگە تېپىپ بىرى كەلدى.

ۋىكوف ئەپەندى پەلەمپەيدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كوتۇلداشلىرىغا قۇلاق سالغۇم يوق. خېتىمنى يېزىۋېرىمەن. جېيننى ئۇنى توسۇۋېلىپ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ يوقلۇقۇمنى ئېيتىشقا بۇيرۇدۇم.

خەتتىكى بۇ سەككىز دانە يۇلتۇز بەلگىسى مەن قاپقاراڭغۇ ئىشكاپتا ئۆتكۈزگەن ئازابلىق سەككىز مىنۇتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ۋىكوف ئەپەندى جېينغا بىردەم ئولتۇرۇپ، مۇدىرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىدىغانلىقىنى تەكەللۇپ بىلەن ئېيتىپلا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. جېينمۇ مېنىڭ ئىشكاپتا قىينىلىپ تۇرۇۋېرىشىمگە قاراپ تۇرمىدى، ئۇ ۋىكوف ئەپەندىنى بوۋاقلار پەرۋىشخانىسىغا ئاپىرىپ، كىچىك سادىنىڭ قىلىقسىزلىقلىرى ۋە ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەكەتتى. ۋىكوف ئەپەندى شۇنداق ئىشلارنى، بولۇپمۇ كىچىك سادىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى كۆرۈشنى خالايتتى. جېيننىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. پەرۋايىم پەلەك، پەقەت ۋىكوف ئەپەندى كۆزۈمدىن يىتىسىلا بولدى.

ھېلى سۆزلەپ نەگە كەلگەنىدىم؟ توغرا، دوختۇرنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستىم.


ئىشىكنى يەڭلىرى تۇرۇلگەن، قامەتلىك، كۆزلىرى نەشتەردەك سوغۇق، ئىلمەك بۇرۇن بىر ئايال ئاچتى. بىر قاراشتا ئۇ تولىمۇ چاكىنا كۆرۈنەتتى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئۇ مېنى چاڭ سۈمۈرگۈچ ساتقۇچى دەپ قالغانىدى.

— خەيرلىك سەھەر، — مەن كۆلۈمسىرىگىنىمچە ئىچكىرى كىردىم، — سىز ماككى خانىم بولامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — سىز دارىلئېتامغا يېڭىدىن

كەلگەن ھېلىقى ئايالمۇ؟
— شۇنداق، دوختۇر ئۆيدىمۇ؟
— يوق.
— ئۇنىڭ كېسەل كۆرىدىغان ۋاقتى بولدى.
— ئۇ ئەزەلدىن ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدۇ.
— ئۇ قائىدە بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك، — دېدىم مەن كەسكىن قىلىپ، — ماكبىرد خېنىمنىڭ كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ. چۈشتىن كېيىن دارىلـ ئېيتامغا بىر كېلىپ كەتسۇن.
— بولىدۇ! — ئۇ ئىشىكنى ناھايىتى تېز يېپىۋېدى، يوپكام قىسىلىپ قالدى.
چۈشتىن كېيىن، بۇ ئىشنى دوختۇرغا دېۋېدىم، ئۇ مۇرىسىـ نى قىسىپ قويۇپ، ماككى خانىمنىڭ ماڭا تولىمۇ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئېيتتى.
— نېمىشقا چىداپ يۈرىسىز؟ — دېدىم مەن.
— ئۇنىڭدەك ياخشى خوجىدارنى نەدىن تاپىمەن؟ — دېدى



ئۇ، — ئۈچ ۋاخ تامىقىنىڭ قەرەلى يوق بىر ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. گەرچە ئۇ ئائىلىمىزگە ئىلللىقلىق ئەكېلەلمىسىمۇ، كەچ سائەت توققۇزدا، ئىسسىق بىر ئۇستەل تاماق ھازىرلاشقا خېلى كۈچ كېتىدۇ.

ھېلىقى بىر ئۇستەل ئىسسىق تاماقنىڭ ئوخشاپ كېتىشى ناتايىن، ئۇ دېگەن مۇز چىراي، ھۇرۇن ئايال.

ماككى خانىم ھەسەت قىلىپ مەندىن بىزار بولۇۋاتقاندۇ. بەكمۇ كۈلكىلىك، ئۇ مېنى دوختۇرنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى بۇ ئارامبەخش جايدىن قوغلىۋېتىدۇ، دەپ قالدى بولغاي. ئۇنىڭ تەشۋىشلىرىنى تۈگىتىمەن دەپ يۈرمىسەممۇ بولىدۇ. قىرى دەللە ئەنسىرەپ تۇرسا، بەلكىم ئوبدانراق تاماقلارنى ئېتىپ، دوختۇرنى ئازراق سەمرىتەر. بودەكلەرنىڭ مىجەزى ياخشى كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

(كەچ سائەت ئون)

كۈن بويى ھېلى يېزىپ، ھېلى توختاپ، نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. چارچىغىنىمدىن بېشىمنى كۆتۈرگۈچىلىكمۇ قالمىدى، كۈننى ئاران كەچ قىلدىم. ناخشاڭدا ھەقىقەت كۈيلىنىپتۇ. دۇرۇس، «ھاياتتا نېمە لەززەت يېتەر ئۇيقۇغا».

خەيرلىك كەچ!

سالليې ماكبىرد

جۇمە كۈنى، ھېلى توختاپ، ھېلى ئۇلاپ،

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسىدە يېزىلدى.

## 21

قەدىرلىك جۇدى:

جېسۇۋېتقا بىر ئائىلە تاپتىم. يېڭى ئانا سېمىزغىنا، كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق، چېھرىدىن دائىم كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان شۇۋېت ئايال. ئۇ جېسۇۋېتنىڭ تېرىسىنىڭ قېنىقلىقىنى ياقتۇرۇپ

قىلىپ، ئۇنى بېقىۋالماقچى بوپتۇ. ئۆزىنىڭ تېرىسى قېنىق بالىلارنى تۇغۇشى مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇ ئاشۇنداق بالىلارغا ئامراق ئىكەن. بۇ خانىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولمىغان تاغىسىنى ياد ئېتىش ئۈچۈن، جېسۇېتىنىڭ ئىسمى پات ئارىدا ئۇسكار كارلسونغا ئۆزگەرتىلمەكچى.

كېلەر چارشەنبە كۈنى تۇنجى كېڭەش يىغىنى ئېچىلىدۇ. تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن. كېڭەش باشلىقىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشىنى، شۇنداقلا مېنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ دوكلاتىمۇ يىغىننىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرى. بىراق، كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىلەرگە لېپ خانىمغا ئوخشاش خۇشامەت قىلىپ يۈرمەيمەن. «تۇنجى چارشەنبە»دە ئەھمىيەتلىك ئاممىۋى ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىنى تەشكىللەپ، دارىلئېتامىمىزنى يېتىم بالىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق دوستلار يىغىلىدىغان، ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ۋە كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرماقچىمەن. كىچىك چاغلىرىڭىزدىكى كۆڭۈلسىز ساۋاقلىرىڭ ئېسىمدە بار. شۇڭا، بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزنىڭ بالىلارغا دەخلى قىلىشىغىمۇ يول قويمايمەن.

ئالدىنقى قېتىمقى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. شىمالغا بېرىشنى تىلغا ئالماپسەن. «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم ياخشى» دەپ، ئۆز يۇڭگە يانغانسەن. تەمسىللىرىمگە قارا، دوختۇر بىلەن بىللە يۈرۈپ، بىرمۇنچە يېڭى ئىبارىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. قەلىمىمنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىڭمۇ؟

كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى، ياخشىسى ئازراق قوي گۆشى يەپ قۇۋۋەت تولۇقلىۋالاي.

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسىدە تاماق يېيىش پەقەت جان ساقلاش ئۈچۈن.

(كەچ سائەت ئالتە)

مېنى بىزار قىلىپ، ۋىكوف ئەپەندى يەنە كەلدى. ئۇ مېنىڭ قۇيرۇقۇمدىن تۇتۇۋېلىش قەستىدە ھەر كۈنى بۇ يەرگە چاپىدۇ.

ئىچىمۇ دۇپدۇگىلەك، پور سېمىز، كۆرۈمسىز ئەپتىگە ئوخشايدىغان مەنمەنچى ئەبلەخ. بۇگۈن كەيپىم شۇنداق چاغ ئىدى، ئەمدى كەچكىچە ئاچچىق يۇتۇۋالىدىغان بولدۇم.

بارلىق ئىسلاھاتلىرىم ۋە ئىسلاھات پىلانلىرىم، يەنە ياردىشىملىق فورما، قىزىقارلىق ئويۇنخانا، يۇيۇنۇش قېتىم سانى، ساپ ھاۋا، ئۆزگەرتىلگەن يېمەكلىك تۈرلىرى، ماروژنى، سۆيۈپ قويۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر تىيىنغا ئەرزىمىدى. ئۇلار جاپالىق ئەجرىمىنىڭ مېۋىسى ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەن بالىلارنى پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان دۇنياغا ماسلىشىشقا ئامالسىز قويۇپتۇدەكمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېتىلىپ كېتەيلا دېدىم. مەن ئۇنىڭغا، ناۋادا پەرۋەردىگار بۇ بالىلارنىڭ يارامسىز گومۇشلاردىن بولۇپ چىقىشىنى ئىختىيار قىلغان بولسا، ئۇنداقتا، پەرۋەردىگاردا چوقۇم چاتاق بار، دېدىم. بىز ئۇلارنى قانداقتۇر يېڭىلىق ۋە غارايىباتلارنى كۆتۈرۈپ چىقسۇن دېمەكچى ئەمەس، پەقەت ئۇلارنى جەمئىيەتكە ئادەتتىكى بالىلاردىن بەكرەك ماسلاشتۇرماقچى. ناۋادا ئۇلار دېگەندەك ئەقىللىق بولمىسا، پۇلدارلار بالىلىرىنى مەجبۇرلىغاندەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا مەجبۇرلىمايمىز. ناۋادا ئۇلار ئالغا باسالمىسا، نامراتلاردەك ئون تۆت ياشتىلا سىرتلاردا ئەمگەك قىلىشقا چىقىرىۋەتمەيمىز. بىز ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاس قابىلىيىتىنى بايقاپ چىقىمىز. ناۋادا بۇ بالىلارنىڭ دېھقان ياكى پەرۋىش خادىمى بولۇش خىيالى بولسا، بىز ئۇلارنى ئەڭ ياخشى دېھقان ياكى پەرۋىش خادىمى قىلىپ چىقىمىز. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئادۋوكات بولغۇسى بولسا، ئۇلاردىن ئەقىللىق، سەمىمىي، پىكرى ئوچۇق ئادۋوكات قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش بۇرچىمىزنى ئۇستىمىزگە ئالىمىز. ۋىكوف ئەپەندى گەرچە ئادۋوكات بولسىمۇ، ئۇ ئوچۇق پىكىرلىك ئادەم ئەمەس ئىكەن.

گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ قولىدىكى چاينى كۆچەپ چايقاپ، نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغىلى تۇردى. ئۇنى قەنت سېلىپ چاي

ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىستاكىنىغا قەنت سېلىپ قويىدۇم ـ دە، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتتىم.

كېكەش ئەزالىرىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى — قەتئىي بولۇش، ئاخىرغىچە قەتئىي بولۇش، ئۇلارنىڭ ئازراقمۇ ئېشىۋېلىشىغا يول قويماسلىق.

قەغەزنىڭ بۇرجىكىدىكى قارا داغ چوقۇم سىنگاپورنىڭ ئىجا ـ دىيىتى. ئۇمۇ ساڭا بىر سۆيۈش يوللىماقچى بولسا كېرەك. ئاھ، بىچارە سىنگاپور ئۆزىنى بىر كۇچۇك، دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئادەم ـ لەرمۇ ئۆزىنى خاتا تونۇپ قالسا، بۇ تېخىمۇ قاملاشمىغىنى ئە ـ مەسمۇ؟ ماڭا ئوخشاش، ئۆزىنى تۇغۇلۇشىدىنلا دارىلئېتام مۇدىرى بولۇشقا ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارىسىچۇ؟

سەمىمىي، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرگۈچى:

سالليي ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

1 ـ ئاپرېل

## 22

پىندلېتۇن ئائىلىسىدىكىلەرگە:

زەيتۇن ساھىلى، فلورىدا، قەدىرلىك خانىم ۋە ئەپەندى:

تۇنجى زىيارەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن كېكەش ئەزاسى ئەپەندى ـ لەرگە بىر مەيدان ئېسىل نۇتۇق سۆزلىدىم، ھەتتا دۇشمىنىممۇ ھەقىقەتەن قالتىس بولدى، دەپ قارىدى.

كولتون يېقىندا يەنە بىر قېتىم كەلدى. ئۇمۇ دەل ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلىدىغان نۇرغۇن ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالدىم.

«چوقۇم قىزىقارلىق بولسۇن.» مەن كىچىك سادى ۋە كىچىك پەرىشتىلەرنىڭ بىر قاتار قىلىقسىزلىقلىرىنى بايان قىلدىم.

«كونكرېت سۆزلەڭ، ئاڭلىغۇچىلار چۈشەنگۈدەك بولسۇن.»

مەن ۋىكوف ئەپەندىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدىم، ئەمما ئۇ چۈشىنەلمەيدىغان ئىشلارنى ئەسلا تىلغا ئالمىدىم.

«ئاڭلىغۇچىلارغا لايىقىدا خۇشامەت قىلىپ قويۇڭ.» مەن بۇ يېڭى تەدبىرلەرنىڭ كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىلەرنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئەمگىكىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن ئەپچىللىك بىلەن بېشارەت بەردىم.

«يۈكسەك ئەخلاقىي تۇسكە تولغان ئىبارىلەرنى قوشۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈڭ.» دارىلئېتامدىكى ئاتا ـ ئانىسىز بالىلار ھەققىدە ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ توختىلىۋىدىم، ھەتتا دۈشمەنلىرىمۇ ياش تۆكۈشتى.

ئۇلاپىلا، شاكىلات، قايماق، لىمون شەربىتى ۋە ساندۋىچلارنى كەلتۈرۈپ، كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىلەرنى راسا تويدۇرۇپ، ئۇلارنى چېھرىدە كۈلكە پارلىتىپ ئۆيلىرىگە يولغا سالدىم، ئۇلارنىڭ كەچلىك تاماق يېگۈدەك يېرىمۇ قالمىدى.

بۇ يىغىلىشنى شۇنچە زورۇقۇپ سۆزلەپ سېنى خۇش قىلماقچى ۋە يەنە بىر قورقۇنچلۇق كېلىشمەسلىكنى قوبۇل قىلىشقا پسىخىك جەھەتتە تەييارلاندۇرماقچىمەن.

ھازىر، ئازابلىق ھەم قورقۇنچلۇق ھېكايەمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. يۇرىكىمنىڭ دۇپۇلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. گەرچە ئىش ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېلىغىچە بۇ ئىشنى ئەسكە ئالسام قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىمەن.

يۇقىرىقى سۆزلىرىم ئاڭلىماققا پارس قوشاقلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇلارنى ساڭا خەت يازغاچ ھېلىلا توقۇدۇم. ساڭا بىزنىڭ كىچىك تومىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرمىگەنىدىم، ئۇنى بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن. ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە سىياھ ھەم ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ناھايىتى تېتىك بالا، ئاتىسىدەك قاۋۇل ئوۋچى.

ھازىرچە كىچىك تومىنىڭ قانخور تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمىدۇق. ئۇ سالما تاشلاپ چوشقا تۇتىدۇ، خەقلەرنىڭ توخۇلىرىنى

ئوقيا بىلەن ئاتىدۇ، بۇقا بىلەن ئېلىشىدۇ، سېپى ئۆزىدىن بىر ئالاقانات. نەدىندۇر بىر تاختىمۇشۇكنى تېپىپ، ئورمانلىقتا قۇرۇپ قويۇپتىكەن، شۇنداق توغرا كېلىپ قېلىپ، تۇنۇگۇن بىر ئاغمىخاننى تۇتۇۋاپتۇ.

بۇنى تۇنجى بولۇپ سىنگاپور بايقىۋاپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپلا، گىلەمدە سالپايغىنىچە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. كىچىك تومى سىنگاپور بىلەن بولۇپ كەتكەن ۋاقتىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۆزى يالغۇز ئوتۇنخانىغا مۆكۈۋېلىپ، ئاغمىخاننىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئالدىراپ بىر تەرەپ قىپتۇ، ئاغمىخان تېرىسىنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ھۇجرىسىغا قايتىپ، ماتراسىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلسام ئىنس - جىن تۇيمايدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن، ئىشنى تۈگىتىپ، يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپ، كۆپچىلىك يەيدىغان ماروژنىنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. ماروژنىنىڭ تاماق تىزىملىكىمىزدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى بايقىغانسەن. كېيىن، سېسىق پۇراقنى يوقىتىش ئۈچۈن بار ئاماللارنى قىلىپ چىقتۇق. پار قازىنى ئىشچىسى نوئا ئوت يېقىپ، تۈتۈن بىلەن سېسىق پۇراقنى يوقاتماقچى بولدى. ئاشپەز قايىنىتىلغان قەھۋەنى ئۆيدە ئۇيان - بۇيان پۇلاڭلىتىپ يۈردى. بېتسىي كاردورغا ئاممىياك چاچتى، سىمىس خېنىم يەردىكى گىلەمگە ئەتىر پۈركۈدى. مەن دوختۇرنى دەرھال چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇ كېلىپلا تېزلىكتە پۇراق يوقاتقۇچ تەڭشەپ چىقتى. ئەمما، كىچىك تومىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئاغمىخان سېسىق پۇرىقى بىلەن بىزدىن قىساس ئېلىۋاتاتتى. دارىلئېتامنى بەتبۇي پۇراق جاھىل ئەرۋاھتەك قاپلاپ تۇراتتى.

يىغىنىمىزنىڭ بىرىنچى مۇھاكىمە تېمىسى، ئورەك كولاپ، كىچىك تومىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل بىنانىمۇ كۆمۈۋېتىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلە بولدى. بۇ ئىشلارنى كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىلەرگە خۇددى ساڭا خېتىمدە بايان قىلغاندەك سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇلار بۇ ئىش تۇپەيلى، پېقىر يېڭى مۇدىرنى قابىلىيەتسىزلىكتە

ئەيىبلەپ كېتىشمىدى، ئەكسىچە، خۇددى بىر لەتپە ئاڭلىغاندەك كۈلۈشكىنىچە قايتىشتى.

ئۇلار ئېھتىمال بىزنى بۇنداق بىمەنىلىككە تاقەت قىلىشى كېرەك، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاۋۇۋالقىدەك تۇرغان:

سالليې ماكبىرد
جون گرىئىر يېتىملار ئائىلىسى
مۇدىر ئىشخانىسى
4 ـ ئاپرېل

## 23

قەدىرلىك جۇدى:

سىنگاپور ھېلىمۇ ئوتۇنخانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، تومى ئۇنى ھەر كۈنى بىر قېتىم سوپۇنلاپ يۇيىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەتىۋارلىق ئىتىمىنىڭ قايتىپ كېلىپ مەن بىلەن جەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ھېلىقى پۇللىرىڭغا قانداق پىلان تۈزگەنلىكىمنى ئاڭلىساڭ خۇشال بولىسەن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى دۇكانلاردىن بىر تۈركۈم ئاياغ، ئاشلىق ۋە يەنە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىمىز. گەرچە سودىگەرلەرنىڭكىدىن باھاسى سەل ئۆرە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار باھانى يەنە چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇنىڭدىن ئېرىشىلىدىغان تەربىيە پۇرسىتى ئارقىلىق باھا پەرقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىمىز. دارىلئېتامدىكى كۆپچىلىك بالىلارنىڭ پۇلغا، پۇلنىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن ھېچقانداق چۈشەنچىسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم. ئۇلار بۇ ئاياغ بولسۇن، قىزىل فرانسۇز مەخمىلى بولسۇن، قوناق ياكى گۆش بولسۇن، ھەممىسىنى ئاسماندىن چۈشكەن، دەپ قارايدىكەن، نېمىدېگەن گۆدەك ـ ھە!

ئۆتكەن ھەپتە ھەمىنىمدىن بىر دوللارلىق پۇلدىن بىرى
چۈشۈپ قاپتۇ. سەككىز ياشلىق بىر شەيتان ئۇنى تېپىۋالغان-
كەن، ئۇ پۇل يۈزىدىكى بۈركۈت سۈرىتىنى كۆرسىتىپ، بۇ كى-
چىك قۇشنىڭ سۈرىتىنى ساقلاپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئېيت-
تى. ھەي، بۇ بالا تېخى بۇنداق پۇلنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. تەك-
شۈرۈپ كۆرۈپ، دارىلئېتامدىكى نۇرغۇن بالىنىڭ ئەزەلدىن ئۆز-
لىرى بىرنەرسە سېتىۋېلىپ باقمىغانلىقىنى، ھەتتا باشقىلارنىڭ
پۇل خەجلەپ نەرسە سېتىۋالغانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانلى-
قىنى بايقىدىم. ئۇلار ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە بىردىنلا پۇل ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىۋاتقان ماددىي دۇنياغا ئىتتىرىلىپ چىقىرىلىدۇ.
تەخىرىم، ئويلاپ باققىنا، ناۋادا دائىم بىراۋ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خە-
ۋەر ئالسا، ئۇلار مەڭگۈ يارامسىز ئادەم بولۇپ چىقالمايدۇ، مەڭگۈ
ئۆزىنى ئۆزى باقالمايدۇ. ئۇلار ھەربىر سېنت پۇلنى قانداق ئىش-
لىتىشنى بىلىشى كېرەك.
مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە كىچىچە ئويلىنىپ، سەھەردە يېزىغا
بېرىپ ئايلىنىپ كەلدىم. مەن يەتتە تىجارەتچى بىلەن سۆزلەش-
تىم. ئۇلاردىن تۆتى ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلىپ، بىز بىلەن
ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بىرى دەرگۇمان پوزىتسىيىدە
بولدى، يەنە بىرى ئۇچىغا چىققان ھاماقەت ئىكەن. ملىچمال دۇ-
كىنى، قۇرۇق مېۋە دۇكىنى، ئاياغ دۇكىنى ۋە مەدەنىيەت بۇيۇم-
لىرى دۇكىنىدىن ئىش باشلىدىم. بىزنىڭ زور مىقداردا مال سې-
تىۋېلىشىمىزغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇ دۇكانلارنىڭ خوجايىنلىرى
ۋە خىزمەتچىلىرى دارىلئېتامنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى
ئۈستىگە ئالىدۇ. بالىلار بۇ دۇكانلارغا بېرىپ، ئۆزى پۇل خەجلەپ
مال سېتىۋالىدۇ.
ئالايلۇق: جېنىغا بىر مېتىر رېزىنكە، بىر ئورام كۆك كەش-
تە يىپى لازىم. ئۇ ئىككى قىزچاققا پۇل بېرىپ، دۇكانغا ئەۋەتتى.
ئۇلار قول تۇتۇشۇپ ماك ئەپەندىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، يىپنىڭ
رەڭگىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ تاللاپ، دۇكاندارنىڭ

رىزىنكىنى مىتىرلىشىغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ تۇرۇشتى. كې-
يىن ئۇلار سېتىۋالغان نەرسىلەر ۋە ئاشقان پۇللارنى ئېلىپ قاي-
تىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ماختىۋىدىم، قانائەت ۋە
ئۇتۇق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگىنىچە دوستلىرىنىڭ يېنىغا كېتىشتى.

ئون - ئون ئىككى ياشلىق بالىلار ئادەتتە تەبىئىي ھالدا بەزى
ئىشلارنى بىلىۋالىدۇ، بىراق بۇ ئىلىلىق ئۆيىمىزدىكى قۇشقاچلىد-
ىرىمىز بۇلارنى ئويلاپمۇ باقمىغان. ۋاقىت يار بەرسە، نەتىجىلىرد-
ىمىزنى كۆرەلەيسەن. ھامان بىر كۈنى بالىلارنى نورمال ئادەملەر-
دىن قىلىپ چىقىمەن.

(يەنە قەلەم ئالدىم)

بۈگۈن كەچ بىرئاز ۋاقتىم بار، بىردەم مۇڭدىشايلى.

كولتوننىڭ خاسلىق ئەۋەتكەنلىكى ئېسىڭدىدۇ؟ ئۇنىڭغا يەند-
ىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئەۋەتكۈزۈش ئۈچۈن، ناھايىتى ئۇستاتلىق
بىلەن ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. نەتىجىدە، ئۇ ئويۇنچۇق
دۇكىنىغا كىرىپ دۇكاندار تاللاپ بەرگەن ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەم-
مىسىنى سېتىۋاپتۇ. تۈنۈگۈن قاۋۇل ئىككى پوچتىكەش بىر چوڭ
يەشىك سوۋغاتنى قويۇپ كەتتى، مەخمەل ئويۇنچۇقلار ئىكەن. مې-
نى پۇل خەجلە دېسە، بۇنداق كېرەكسىز نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ
سېتىۋالماس ئىدىم، بىراق بالىلار بۇ نەرسىلەرنى ياقتۇرۇپ قال-
دى. ھازىر ئۇلار كارىۋاتلىرىدا پىل، شىر، ئېيىق، يەنە تېخى
زىراپە دېگەنلەرنى قۇچاقلاپ يېتىشىدۇ. بۇنىڭ ئۇلارغا پىسخىك



جەھەتتە قانداق تەسىر ئەكىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. سىڭچە، ئۇلار چوڭ بولغاندا سىرك ئۆمىكىگە قاتنىشارمۇ؟

سىمىس خېنىم مېنى كۆرگىلى كەپتۇ. خەير ـ خوش.

سالليې ماكبىرد

جۇمە ۋە شەنبە كۈنلىرى

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

ئەسكەرتىش:

سەرگەردانىمىز سىنگاپور قايتىپ كەلدى. ئۇ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ساڭا سالام يوللاۋاتىدۇ.

## 24

قەدىرلىك جۇدى:

ھېلىلا «ئاياللار قول ھۈنەر مەشقى قوللانمىسى» ۋە دارىلئېيتام يېمەكلىكلىرى ھەققىدىكى كىتابنى ئوقۇپ چىقتىم. كىتابتا، باللارنىڭ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاقسىل، كراخمال ۋە مايلارنى قانداق قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكى يېزىلغان.

قارىغاندا، باشقۇرۇشى ئىلمىيلاشقان خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرى ھەممە نەرسىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ بوپتۇ، ھەتتا دارىلئېيتامىمۇ جەدۋەل بىلەن باشقۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. لىپپ خانىمنىڭ ساۋاتلىق تۇرۇپ نېمىشقا بۇنداق قىلمىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. بىراق، بۇ يەردە تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە تىلغا ئېلىنماپتۇ. بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى توپلاۋاتىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «كېچەشنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كونترول قىلىشى» ناملىق كىتابچىنى نەشر قىلدۇرىمەن.

دۈشمىنىمنىڭ كۈلكىلىك بىر ئىشىنى ساڭا دەپ بېرەي. مېنىڭ دەۋاتقىنىم ۋىكوف ئەپەندى ئەمەس، بەلكى بىرىنچى دۈشمىنىم. ئۇ ھازىر يېڭى تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى جىددىي تەرزدە ئېيتتى. ئۇ قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىش شۇنداق

مۇھىم، ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ كۈل-
گىنىنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ ماڭا جىددىي قىلىپ، مەن
كەلگەن تۇنجى كۈندىن باشلاپ مېنى ئەستايىدىل كۆزەتكەنلىكى،
باھا بەرگەنلىكىنى، مېنىڭ ئالاقىدار مەشىقلەرنى باشتىن كە-
چۈرمىگىنىمنى، قوپال، ئەدەپسىز، ھەتتا ھاماقەت ئىكەنلىكىمنى
ئېيتقان. ھازىر ئۇنىڭ كۆزقارىشىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولدى،
مېنى ئىلگىرىكىدەك يەڭگىلتەك دەپ قارىمايدىغان بولدى. قارا،
مەن مەسىلىلەرنى ئەرلەردەك قېزىپ چىقىدىغان ۋە چوڭقۇرلاپ
مۇھاكىمە قىلالايدىغان بولۇپ كەتتىم.

ئەرلەر بەك قىزىق ئىكەن، ئۇلار ئاياللارنى ماختىماقچى بول-
سا، ساددىلىق بىلەن، ئەرلەردىن قېلىشمايدىكەنسىز، دەيدىكەن.
ئاغزىمىزنىڭ ئۇچىدا دەپ قويۇشقا توغرا كەلسىمۇ، مەن ئۇنى
بۇنداق ماختىماس، ئۇنىڭغا ئاياللاردەك قۇسۇر ئىزدەيدىغان تالاز-
تىڭىز بار ئىكەن، دېمەس ئىدىم.

«شوتلاندىيىلىك ئەركەك» مېنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمنى كۆ-
رۈپ يەتكەن بولسىمۇ، يەنە بەزى تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىشكە تېگىش-
لىك، دەپ قارايدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى دەرسلەرنى
داۋاملاشتۇرۇشۇمغا ياردەملىشىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، دارىلئېيتام
مۇدىرى بىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، فىزىئولوگىيە، جەمئىيەتشۇ-
ناسلىق ۋە سۇپەتلىك تۇغۇش ئىلمى قاتارلىقلارنى مۇپەسسەل بى-
لىشى، يەنە پالەچ، دەلدۇش ۋە ھاراق خۇمارىدىن بولىدىغان ئىر-
سىي ئامىللارنى بىلىشى، بىنېت ئەقلىي تەجرىبىسىنى يولغا قو-
يۇشى، يەنە يېشىل پاقا ۋە ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى تەتقىق
قىلىشى كېرەك دەپ قارايدىكەن. ئۇ ئۆگىنىشىمگە قۇلاي بولسۇن
ئۈچۈن، تۆت مىڭ پارچە كىتاب ساقلىنىۋاتقان كۇتۇپخانىنى
ئىشلىتىشىمگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ كىتاب ئەكىلىپ بېرىپلا
قالماي، يەنە دائىم مېنى سىناپ، بېرىلىپ ئۆگەنگەن - ئۆگەنمى-
گەنلىكىمگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئۆتكەن ھەپتە بىز ھەممىمىز جۇكېس جەمەتىنىڭ تارىخى ۋە

خەت ـ چەكلىرىنى كۆردۇق. مارگارېت ئالتە ئەۋلاد ئىلگىرى بۇ ئائىلىنىڭ بېشى بولۇپ، جىنايەتچىنىڭ ئەجدادى ئىكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەخمىنەن بىر مىڭ ئىككى يۈز كىشى بولۇپ، يېرى-مىدىن كۆپرەكى تۈرمىگە كىرگەنىكەن. بۇنىڭدىن مۇنداق ئىلھام-غا ئېرىشتىم: ناچار ئىرسىي ئامىللار مەۋجۇت ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، دەسلەپتىلا بالىلارنىڭ جەمەت ئىرسىيە-تىنىڭ ناچار تەسىرىگە ئۇچرىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك كېرەك.

ھازىر دوختۇر ئىككىمىز چاي ئىچىپ بولۇپلا، دارىلئېتام-نىڭ نەسەبنامە خاتىرىسىنى تەتقىق قىلىپ، ھاراقكەش ئاتا ـ ئا-نىلارنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىمىز. بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن كېيىن، بۇمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان قىزىق ئويۇن ئىكەن. مانا بۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇم! مېنى بۇ قارىغىش تەگكۈر يەردىن ئەكەتكەيسەن.

سېنى بەكلا كۆرگۈم كەلدى.

سالليې ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

7 ـ ئاپرېل

## 25

قەدىرلىك پىندلېتون ئائىلىسىدىكىلەر:

خېتىڭلارنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، كېچىك-تۇرمەستىن تېزرەك خەت يېزىپ سىلەرنى توسۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. بەزى قاراشلىرىمنى ئۆزگەرتىپ، گېپىمدىن يې-نىۋالدىم. گېپىڭلارنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، سىمىس خېنىمنى ئىزباسار قىلىش ئويۇڭلار باردەك تۇرىدۇ. توۋا، مېنى ھېچ ئىشنى باشقا ئاچىقالمايدىغان، تايىنى يوق بىر ئايالغا بالىلارنى تاپشۇرۇپ بەرسۇن دېمەكچىمۇ؟ دەرۋەقە، ئۇ بەكلا مېھرىبان، بىراق بۇ ئىش-نى ئويلىسام، يۈرىكىم سىلىپ كېتىدۇ.

سىلەرچە، مۇشۇنداق ئادەم دارىلئېتامنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالالارمۇ؟ ئالالمايدۇ. ياش ھەم ساغلام، غەيرەت - شىجائەتلىك، سالاپەت ھەم تەجىبىسى بار، قىزىل چاچلىق، مىجەزى ئېسىل ئادەملا بۇ ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالالايدۇ.

دەرۋەقە، ئىلگىرى نارازى بولغانىدىم. كىملا بولسۇن، بۇنداق مالىمان توپقا دۇچ كەلسە، ئوخشاشلا نارازى بولاتتى. بۇنداق نارازىلىق سىلەر سوتسىيالىستلارنىڭ ئاتالمىش «مۇقەددەس نارازىلىقى» ئەمەسمۇ؟ سىلەرچە، بىر تالاي مۇشكۇللەردىن ئۆتۈپ، ئەمدىلا قانات يايدۇرۇۋاتقان ئىسلاھاتلىرىمنى تاشلاپ قويارمەنمۇ؟ ياق، مېنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئادەم تاپالمىساڭلار، بۇ ئورۇندىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن!

بۇ دېگىنىم، ئۆمرۈمنى مۇشۇ يەرگە بەند قىلىپ ئۆتكۈزىمەن دېگەنلىك ئەمەس. بۇ يەنىلا ۋاقىتلىق، ئىشلار ياخشىلانغاندا، بۇ يەردىن كېتىمەن. دارىلئېتامنى قايتا قۇرۇشقا مېنى تاللاپ توغرا قىلدىڭلار. مەن باشقىلارغا بۇيرۇق قىلىشنى، دارىلئېتامنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى پىلانلاشنىمۇ ياقتۇرىمەن.

سىلەرنىڭ ھېلىقى ئاق كۆڭۈل، ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئوتتۇرا ياشلىق خانىمغا ئۇقتۇرۇش قىلىۋېتىشىڭلارنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە توسۇش ئۈچۈن، بۇ خەتنى ئۈچ مىنۇت ئىچىدە يېزىپ بولۇشۇم كېرەك، شۇڭا خېتىم بەكلا چۈۋالچاق يېزىلدى.

سىلەرگە تاپشۇردۇم، خىزمىتىمنى تارتىۋالمىغايسىلەر. شەپقەتلىك ئەپەندى، خانىم، ئۆزۈمنى ئىپادىلىشىمگە پۇرسەت بەرگەيسىلەر. ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويماسلىققا كاپالەت بېرىمەن، يەنە بىر نەچچە ئاي تۇراي.

سالليې ماكبىرد
پەيشەنبە ئەتىگەن
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

قەدىرلىك جۇدى:

مەن بىر پارچە قەسىدە يازدىم:

ماكرىئا دوختۇرنىڭ
بۈگۈن ئاڭلاندى كۈلكىسى.
كىممۇ ئىشىنەر،
بۇ راستمۇ يا ساختىسى!

ساللىي ماكبىرد
پەيشەنبە چۈشتىن كېيىن
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

## 26

قەدىرلىك جۇدى:

قېلىپ قالغىنىمدىن مىننەتدار بولغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، قانچىلىك خۇش بولدۇم — ھە! بالىلارنى بارغانسېرى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلالماپتىمەن. سىلەرنىڭ تىجارەت بىلەن جەنۇبتا ئۇزاق تۇرۇشۇڭلارغا توغرا كەلگەنلىكى ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گېپىم بار، ھەممىسىنى يېزىپ كەلسەم، ئادەمنى بەك چارچىتىۋېتىدۇ. قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتىمەن.

دارىلئېيتام رېمونت قىلىنسا، ئەلۋەتتە خۇش بولىمەن. سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن، مېنىڭمۇ بىر يۈرۈش ئېسىل پىلانلىرىم بار. چېنىقىش ئۆيى، كارىدور سالساقمۇ ياخشى، ئەمما ئىزچىل كىچىككىنە بىر ئۆيۈمنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. دارىلئېيتامنىڭ خىزمىتىگە چۆككەنسېرى، دارىلئېيتامنى بىر ئائىلىگە ئوخشاش قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئايرىم بىر كورپۇس ئۆي بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي بىرلىكى. بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئائىلە تۇرمۇشىغا قانچە بالدۇر ماسلاشسا، شۇنچە پايدىلىق.

دارىلئېيتام رېمونت قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، بالىلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى مېنى كېچىچە ئۇيقۇدىن بىدار قىلـ

دى. دارىلئىپتامنى بىر تەرەپتىن رېمونت قىلىپ، بىر تەرەپتە تۇ-رىۋەرسەك، بەك قىينىلىپ كېتەرمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. ناۋادا ئوتلاقتا سېرىكچىلەرنىڭ چېدىرىدىن بىرنى تىكسەك قانداق بولار؟ پوتون كۆچمىز بىلەن ئۆزگەرتىشكە كىرىشىش بە-لەن بىر ۋاقىتتا، باللار كېسەل بولۇپ قالغاندا ياكى بىكار چاغلاردا تۇرۇشى، دەم ئېلىشى ئۈچۈن يەنە بىرقانچە ئۆي بولمىسا بولمايدۇ. ئەتراپلىق غەمخورلۇق ۋە كۆيۈنۈش باللارنىڭ هاياتىغا ئىنچىل تەسىر كۆرسىتىشتىكى ئەڭ چوڭ سىر. سىنىڭچىچۇ؟

ئائىلىسى يوق ئادەم نەقەدەر غېرىب - هە! مېنىڭ ئاتا - ئا-نام، ئاكا - سىڭىل، هامما - تاغىلىرىم ۋە يىراق تۇغقانلىرىم بار، شۇڭا مەن ئۇنداق غېرىبلىقنى هېس قىلالمايمەن. ناۋادا ئۇلارنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، يار - يۆلەكسىز قالغان بولاتتىم. جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى چوقۇم باللارنىڭ ئېهتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. شۇڭلاشقا، قەدىرلىكىم، سەندىن ئۆتۈنەي، بىرنەچچە ئېغىزلىق مېهمانخانا سالدۇرۇپ بەرگىن.

ئورنۇمغا ئادەم ئەۋەتمىگەنلىكىڭدىن ئۆزۈمنى بەختلىك سې-زىۋاتىمەن. ئەمدىلا باشلىغان ئىشىمغا باشقىلارنىڭ ۋارىسلىق قى-لىشىنى ئويلىسام، قاتتىق هەسەت قىلىمەن. هېلىقى «شوتلاندى-يىلىك ئەركەك»كە ئوخشاش هەممە ئىشقا ئۆزۈم قول تىقسام بول-غۇدەك، بولمىسا ئىشلار جايىغا چۈشمىگەندەك تۇيۇلىدىكەن.

سەممىيلىك بىلەن:

سالليې ماكبىرد
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى
13 - ئاپرېل

## 27

قەدىرلىك كولتون:

يېقىندىن بېرى خەت يازالمىغانلىقىمدىن ئاغرىنىۋاتقانلىقىڭ-

ڭىزنى بىلىمەن. قەدىرلىكىم، مەندەك بىر دارىلئېتام مۇدىرىنىڭ قانچىلىك ئالدىراش ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. خەت يازغۇدەك بوش ۋاقتىمنى ئاچ كۆز جۇدى ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭغا ئۇچ كۇنگىچە خەت بارمىسا، تېلېگراما يوللاپ، دارىلئېتامغا ئوت كەتكەندەك ئۇنى - بۇنى سوراپ ئارام بەرمەيدۇ. بىراق، سىز قە- دىرلىك ئەپەندى، خېتىمنى تاپشۇرۇۋالالمىسىڭىز، بىرەر سوۋغات ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇرسىڭىزلا بولىدۇ. ناۋادا سىزگە پەرۋاسىز مۇ- ئامىلىدە بولسام، سوۋغىغا ئېرىشەلەيمىز دەپ ئويلايمەن. دارىلئې- تامدا قالاي دەپ جۇدىغا ماقۇل بولغانلىقىمنى ئاڭلىسىڭىز، بەل- كىم ئاچچىقىڭىز كېلىدىغاندۇ. ئۇلار تاپقان يېڭى مۇدىر ئوخ- شاشلا ۋاقىتلىق ۋەزىپە ئۆتىسىمۇ، بۇ ۋەزىپىگە قىلچە ماس كەل- مەيدۇ. ۋەھالەنكى، قەدىرلىكىم، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەندە، ۋۇستېر شەھىرىدىكى تۇرمۇش بىر- دىنلا تولىمۇ مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلدى. دارىلئېتامدىكى تۇرمۇشۇمدىن ۋاز كەچمەسلىك قارارىغا كەلدىم. ئۇ يەردىكى تۇر- مۇش دارىلئېتامدىكىدىن مەزمۇنلۇق بولسا قانداق بولاركىن.

كەلگۈسى ھەققىدىكى ئويلىرىڭىزنى ھازىرچە كۆڭلىڭىزدە ساقلاپ قويۇڭ. بىر قارارغا كېلىشىمگە بىرقانچە ئاي ۋاقىت كې- تىدىغانلىقىنى سىزگە ئېيتقانىدىم. مۇھىمى، بۇ دۇنيادا ئۆزۈم- نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلسام دەيمەن. ئەتىدىن - كەچكىچە با- لىلار بىلەن بىللە بولۇش مەن ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجابىي- لىق ۋە ئۈمىدۋارلىققا ئىگە بىر تەرەپ. بۇ سىزنىڭ مېنى خوش قىلىش خاھىشىڭىزغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق، بۇ ھەرگىز ھېلىقى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ قارىشىنى چىقىش قىلمىغان. ئۇ دائىملا شۇنداق روھسىز ھەم ئۈمىدسىز. ئۇنىڭدەك ئەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئەسەبىيلىك، ھاراقكەشلىك ۋە باشقا ئىرسىي كېسەللىكلەرنى بەك چوڭقۇر بىلىپ كەتمىگەنمۇ ياخشى ئىكەن. بىلمىسىزلىكىم تۇپەيلى بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

بۇ بالىلارنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلى-

قىنى ئويلىسام، قەلبىم ئېيتقۇسىز شادلىققا چۆمىدۇ. بۇ يەردە
هەربىر بالىنىڭ تولۇپ تاشقان تەرەققىيات ئىمكانىيىتى بار.
گۇللەر هەر خىل، يەنە ياۋا چۆپلەردىن خالىي بولغىلى بولمىسى-
مۇ، يەنىلا ئەڭ ئېسىل گۇللەرنى ئېچىلدۇرۇشقا تىرىشىمىز. بار-
غانسېرى ئالىيجانابلىشىپ كېتىۋېتىمەنمۇ؟

قورسىقىم ئاچتى، كەچلىك تاماققا قوڭغۇراقمۇ چېلىندى.
كالا گۆشى كاۋىپى، قايماقلىق تۇرۇپ، قىزىلچا، تاتلىق - تۇ-
رۇملاردىن، سېرىق يوپۇرماق قىيمىلىق بولكا قاتارلىقلاردىن ها-
زىرلانغان ئېسىل كەچلىك تاماق هۇزۇرلىنىشىمىزنى كۈتمەكتە.
كەچلىك تاماقنى مەن بىلەن يېگۈڭىز بارمۇ؟ جان دەپ قوبۇل
قىلاتتىم.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليي ماكبىرد

جون گرئىر يېتىملار ئائىلىسى

يەكشەنبە



ئەسكەرتىش:

بالىلار بېقىۋاتقان مۈشۈكلەرنى كۆرۈپ باقسىڭىز بولاتتى. دەسلەپتە تۆت ئىدى، كېيىن ئۈلار ئاسلانلىدى. ئىنچىكە ھېسابلاپ كۆرمىدىم، بىراق ئاز دېگەندىمۇ، دارىلئېتامدا ئون توققۇز مۈشۈك بار.

## 28

قەدىرلىك جۇدى:

ئالدىنقى ئايدا ئىئانە قىلغان پارچە خىراجەتلىرىڭدىن باشقا، كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلغۇڭ يوقمۇ؟

قەدىرلىكىم، تۆۋەندىكى ئېلاننى گېزىتكە باستۇرۇپ، نامراتلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويالامسەن؟

دىققەت

پەرزەنتلىرىنى تاشلىۋەتمەكچى بولغان ئاتا ـ ئانىلارغا:

بالىڭىز ئۈچ ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بىر قارارغا كېلىڭ.

مېنىڭچە، بالىسىنى تاشلىۋەتمەكچى بولغان ئاتا ـ ئانىلارغا مۈشۈنداق ئۈسۈلنى قوللانساقلا، بىزگە ئەمەلىي ياردىمى بولىدۇ. رەزىللىك بىخ سۈرۈپ بولغاندا، ئاندىن ئۈنى قۇتقۇزىمەن دېيىش، ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن ئىكەن.

بۇ يەردىكى بىر بالىغا يېڭىلىپ قالغىلى تاسلا قالدىم. مۈشتتەك بالىغا يېڭىلگىنىمنى ھەرگىز تەن ئالمايمەن. بۇ شۇمەتەكنىڭ ئاغزى بېسىقسا، كۆزى ئالىيىپ، كۈن بويى چىرايى ئېچىلمايدۇ، ئەمما نەرسە ـ كېرەكلەرنى چاققىلى تۇرسا، دۇنيادىكى ئەڭ ئوسال، ئەڭ ئەسەبىي تەلۋىگە ئايلىنىدۇ. دارىلئېتامغا كەلگىنىگە ئۈچ ئاي بولار ـ بولماي، قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى چېقىپ بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، بىزگە بەكمۇ ئېغىر زىيان كەل-

تۇرۇۋەتمىدى.

مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، ئۇ دىجورنى خادىم قوڭغۇراق چېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاماق ئۈستىلىگە سېلىنغان داستىخاننى بىرلا تارتىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا شورپىلار چىقىرىلىپ بولغانىكەن، بىر دەمدىلا ھەممە نەرسىنى مالىمان قىلىۋېتىپتۇ.

لىپ خانىم ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ. ئەمما، ئاچچىقلاۋېرىشنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق، بۇنداق قىلىپ ئۇنى ئازراق ياۋاشلاتقىلىمۇ بولمايدۇ. مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، ئۇ يەنىلا بىر پارچە ئوت ئىدى. بۇ بالىنىڭ دادىسى ئىتالىيىلىك، ئانىسى ئىرېلاندىيىلىك ئىكەن. ئۇ كۆزى نىئاپوللۇقلارنىڭكىدەك قوڭۇر، چاچلىرى كۈنتىي كۈركنىڭكىدەك قىزىل، سەپكۈن يۈزلۈك بالا ئىدى. دادىسى جېدەل - ماجىرادا باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئانىسى ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنىكەن. بىچارە بالا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەنىكەن. ئۇنىڭ «كاتولىك دىنى ئۆسمۈرلەرنى ئۆزگەرتىش ئۇيۇشمىسى»دىن كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، ئادەمنى دائىم تېپىپ - چىشلەيدۇ، ئاغزىدىن بېزەپ گەپلەر ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇنىڭغا «بوكسچى» دەپ لەقەم قويۇپ قويدۇم.

تۈنۈگۈن باشقىلار ئۇنى ۋارقىرىتىپ، دۆشكەلەپ دېگەندەك ئىشخانامغا ئەكەلدى. ئۇ ئۆزىدىن كىچىك بىر قىزنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ، قونچىقىنى تارتىۋالغانىكەن. بۇ چاغدا، مەن بىرنەرسە يېزىۋاتاتتىم. سىمىس خېنىم ئۇنى ئارقامدىكى ئورۇندۇققا ئىتتىرىپلا ئولتۇرغۇزۇپ، تىنچىتماقچى بولدى. تۇساتتىن «جاراڭ - جۇرۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن، قورققىنىمدىن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم. ئېھتىياتسىزلىقتىن قولۇم تېگىپ كېتىپ سىياھ قۇتىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قولىنى ئۇزىتىپلا، دېرىزىدىكى يېشىل چاقچۇق گۈل تەشتىكىنى بىرلا ئىتتىرىپ،

پاره ـ پاره قىلىۋەتتى. بۇ شۇمتەك مېنىڭ ھودۇققان ئەپتىمنى
كۆرۈپ ۋارقىراشتىن توختىدى ـ دە، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ
كەتتى. تەڭرىم، بۇ بالا ئەينى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى ئىكەن.

مەن يېڭىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى سىناپ بېقىش قارارىغا
كەلدىم. ئۇنىڭغا مۇنداق ئۇسۇلنىڭ قوللىنىپ بېقىلمىغانلىقىنى
جەزم قىلالايمەن. ئىلھاملاندۇرۇش، ماختاش ۋە كۆيۈنۈشنىڭ رولى
بارمۇ، يوق، سىناپ باقماقچىمەن. بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي بىر تاسادى-
پىيلىق قاتارىدا كۆرۈپ، گۈل تەشتىكىنىڭ ئىشى توپەيلى ئۇنىڭ-
غا كايىمىدىم. ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، گۈل تەشتىكىگە قىلچە
پەرۋا قىلمايدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقى
توپەيلى كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقىنى ئېيتتىم.

بۇ ئىش ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ بىردىنلا تىنچلىنىپ ئاۋۋال
كۆز ياشلىرىنى، كېيىن سىياھنى سۈرتۈشۈمگە قاراپ تۇردى.

نۆۋەتتە، دارىلئېتامدىكى ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىق دەل
مۇشۇ بالا. ئۇنىڭغا زور سەۋرچانلىق قىلىش، تېخىمۇ كۆپ مېھ-
رىبانلىق ئاتا قىلىش كېرەك. ئۇ خۇددى ئاتا ـ ئانا، قان ـ قې-
رىنداشلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقاندەك غەمخورلۇق ئىچىدە ياشىشى
كېرەك. بىراق، بىزەپ سۆزلەرنى قىلىدىغان يامان ئادىتىنى ئۆز-
گەرتمەي تۇرۇپ، مۇۋاپىق بىر ئائىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكاند-
يىتى چوڭ ئەمەس. چۈشتىن بۇرۇن ئۇنى ھوجرامدا تۇرغۇزۇپ،
باشقا بالىلاردىن ئايرىۋەتتىم. جېين ئۇنىڭ قولى يېتىدىغانلىكى
سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئېگىز جايغا يۆتكىۋەتتى. تەلىيىمگە ئۇنىڭ
رەسىم سىزىشقا ھەۋىسى بار ئىكەن. گىلەمدە ئولتۇرۇۋېلىپ
ئىككى سائەتچە رەسىم سىزدى. ئۇ لەپىلدەپ تۇرغان سېرىق
بايراق ۋە رەڭگارەڭ نۇرلارغا چۆمۈلگەن بىر قولۋاقنى سىزىپتۇ.
ئۇ سىزغان رەسىمگە زور قىزىقىش بىلەن قارىغىنىمدا، ئۇ ھەيران
قالدى ۋە بىردىنلا مۇلايىملىشىپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمە دېمىگەن
بولسىمۇ، يۇمشاپ قالغاندى.

چۈشتىن كېيىن ماكرىئا دوختۇر كەلدى. ئۇمۇ ھېلىقى قې-

يىقنى ماختىدى. بۇ چاغدا «بوكسچى» ناھايىتى مەغرۇرلانغاندەك كۆرۈنەتتى. ئارقىدىن دوختۇر ئۇنىڭ ئىپادىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولغانلىقىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنى ماشىنىسىغا چىقىرىپ، يېزىغا كېسەللەرنى يوقلاشقا بىللە ئەكەتتى.

سائەت بەشلەردە، دوختۇر «بوكسچى»نى ئېلىپ سالپايغىنىچە قايتىپ كەلدى. جىمجىت سەھرادا «بوكسچى» ئۆزىنى باسالماي، ئۇششاق تاشلارنى تېرىپ، چۈجىلەرنى ئۈرۈپ، بىر پارنىكنى بۇزۇۋېتىپتۇ، ئانگولا مۇشۈكىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ، پىرقىرىتىپ ئويناپتۇ. مۇشۈكنىڭ ئىگىسى، ئاق كۆڭۈل موماي ئۇنى مۇشۈككە ئوبدان قارايدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن، بىراق ئۇ مۇشۈككە جەھەننەمنى كۆرسىتىپتۇ.

بۇ بالىلارنىڭ قانداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يىلتىز تارتىپ كەتكەن قورقۇنچلۇق خاتىرىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، بىرنەچچە يىل ئەجىر قىلىشقا، ئۇلارنى قىزغىن سۆيۈشكە،

## كىچىك «بوكسچى»نىڭ زىيارىتى



سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، بالىلار كۆپ، خا ـ دىملار ئاز، مۇھەببىتىمىز مەڭگۈ يېتەرلىك بولمايدۇ، بىز يېتە ـ شىپ بولالمايمىز.

باشقا ئىشلار ھەققىدە توختىلاي، دوختۇر دائىم ئويلاپ يۈرۈ ـ دىغان ئىرسىيەت، مۇھىت مەسىلىسى دېگەنلەر مېنىڭ قەلبىمدى ـ مۇ يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. مېنىڭچە، بۇ ئانچە ياخشى ئەھۋال ئەمەس، بۇنداق جايدا بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلالماقچى بول ـ ساق، ئۇمىدۋارلىق بىلەن بىردىنبىر ئىشەنچىمىز بولۇشى كېرەك.

«قەلئەدىكى سائەت كۆرسىتىپ تۇرار دەل ئاشۇ تۇن نىسپى ـ دىكى ۋاقىتنى.» بۇ چىرايلىق ئىبارىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ئەنگلىيىلىك شائىر مېرسىينىڭ «كرىستابېل» ناملىق شېئىرى.

ئىلگىرى ئەدەبىيات دەرسىدىن قانچىلىك بىزار ئىدىم ـ ھە! سەن ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنىڭ مۇتەخەسسىسى، بۇ شېئىر ساڭا يا ـ قىدۇ. بىراق، مەن بۇ شېئىردا نېمە دېيىلگەنلىكىنى زادىلا ئاڭ ـ قىرالمىدىم. ماڭا سىنىپقا كىرىش، سىنىپتىن چىقىش بولسىلا بولدى، ھا ـ ھا ـ ھا!

لېكىن، ھازىر دەل تۈن نىسپى بولدى، بۇ مىسرادىن پايـ ـ دىلانسام بولىدىغاندۇ. ئاخىردا، ساڭا ياخشى چۈش تىلەيمەن.

سالليې ماكبىرد

15 ـ ئاپرېل

## 29

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

دارىلئېتامنى چارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىشخانامنىڭ ئال ـ دىدىن ئۆتۈپمۇ قاراپ قويمىدىڭىز. ئەمما، چۈشلۈك غىزا — شوتلاندىيە قوتۇرمىچىنى تەييارلاپ قويغانىدىم. بۇ سىزدىن گۇنا ـ ھىمنى تىلەش ئۈچۈن ئالايىتەن ئەكەلدۈرۈلگەن سوۋغات ئىدى.

ناۋادا راستىنلا كۆڭلىڭىز يېرىم بولغان بولسا، مەن كاللى ـ

كات جەمەتى ھەققىدىكى كىتابنى ئوقۇي.

بىراق، راست گەپنى دېسەم، سىز مېنى بەكلا چارچىتىۋەتتىڭىز. مەن بارلىق زېھنىمنى لاياقەتلىك مۇدىر بولۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتىمەن، ئەمما سىزنىڭ دەرسىڭىز ھالىمدىن كەتكۈزدى. ئۆتكەن ھەپتە كېچە سائەت بىرگىچە ئۇخلىمىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، سىز خاپا بولدىڭىز. قەدىرلىك دوختۇر، سىز كۆرسەتكەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇش ئۈچۈن، مەن بىر كېچىمۇ كۆز يۇمماسلىقىم كېرەك ئوخشايدۇ.

بوپتۇ، كىتابلارنى ئەكېلىڭ. كەچلىك تاماقتىن كېيىن يېرىم سائەت ئارام ئالىمەن. ۋېللىسنىڭ ئەڭ يېڭى رومانى مەيلىمنى تارتىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ھېلىقى ئەقلى ئاجىز باللار ھەققىدىكى كىتابنى ئوقۇغاچ ئارام ئالاي.

يېقىندىن بېرى تۇرمۇش تولىمۇ مۇشكۇللىشىپ كەتتى.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليي ماكبىرد

سەيشەنبە

## 30

قەدىرلىك كولتون:

ماڭا كۈركۈمگۈل ۋە ياۋا گۈلسامساق سوۋغا قىلغانلىقىڭىزدىن بەكلا مىننەتدارمەن. بۇ گۈللەر كۆك رەڭلىك پارس لوڭقامغا تولىمۇ ماس كەلدى.

كالليكات جەمەتى ھەققىدە ئاڭلاپ باققانمىدىڭىز؟ بۇ كىتابنى ئوقۇپ كۆرۈڭ. ئۇلارنى يېڭى جېرسىي شتاتىدىكى ئىككى چوڭ جەمەتىمىكىن دەيمەن. بىراق، بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي فامىلىسى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى بىر يىگىت (قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى ۋاقتىنچە مارتىن دەپ تۇرايلى) كۈندىلەرنىڭ بىرىدە قاۋاقخانىدا مەست بولۇپ، ئەقلى ئاجىز كۈتكۈچى

قىز بىلەن قېچىپ كەتكەن، كېيىن ئۇلاردىن ئەقلى ئاجىز بىر جەمەت پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا هاراقكەش، قىمارۋاز، پاهىشە ۋە ئات ئوغرىلىرى بار ئىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يېڭى جېرسىي شتاتى ۋە ئەتراپىدىكى قوشنا رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ قۇلىقى تىنچىمىغان.

كېيىن مارتىن يامان يولدىن قايتىپ، بىر نورمال ئايالغا ئۆيلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەنە بىر جەمەت بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساقچى، سوتچى، دوختۇر، دېهقان، پروفېسسور، سىياسىيونلار بار ئىكەن. شۇ جاينىڭ كىشىلىرى ئۇلاردىن پەخىرلىنىدىكەن. هازىر بۇ ئىككى جەمەتنىڭ ئەۋلادلىرى داۋاملىق كۆپىيىۋېتىپتۇ. ناۋادا هېلىقى ئەقلى ئاجىز كۈتكۈچىنىڭ بوۋاق چېغىدا تۈپكى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسا، پۈتكۈل يېڭى جېرسىي شتاتىغا قانچىلىك زور تەسىر كۆرسەتكەن بولار ئىدى ـ هە!

شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەقلى ئاجىزلىق بىر خىل ئىرسىي سەۋەب ئىكەن، بۈگۈنگە قەدەر ئىلىم ـ پەنمۇ هەل قىلالماپتۇ. هازىرغىچە بالىغا مېڭە يۆتكەش ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ناۋادا ئۈچ ياشلىق بالىدا توققۇز ياشلىق بالىنىڭ مېڭىسى بولسا، ئۇنداقتا، تەلۋىلەرنىڭ تەڭداشسىز قورالى بارلىققا كەلگەن بولاتتى. تۈرمىدە ئەقلى ئاجىز جىنايەتچىلەرنىڭ سانى ئومۇمىي ساننىڭ ئوتتۇزدىن بىرىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇلار قىشلاقلاردا جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرسە، بىرئاز ياخشى بولغان بولاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدىلا، بىر ئەسىردىن كېيىن بىز بۇنداق ئادەملەرنى پۈتۈنلەي يوقىتالايمىز.

بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭىز؟ بىر سىياسىيونغا نىسبەتەن بۇ ئىنتايىن مۇهىم خەۋەر. ئەڭ ياخشىسى، بۇ كىتابنى ئۆزىڭىز تېپىپ ئوقۇڭ. ئەگەر قولۇمدىكى بۇ كىتابنى ئارىيەت ئالمىغان بولسام، چوقۇم سىزگە بېرىپ تۇراتتىم.

قىسقىسى، بۇ بىلىملەر ماڭا نىسبەتەن مۇھىم. قىياسىمچە، دارىلئېتامىمىزدا ئەقلى ئاجىز تىپىدىكى بالىدىن ئون بىرى بار، لورىتتا شۇلارنىڭ بىرى. يېقىنقى بىر ئايدىن بېرى، ئۇنىڭغا ئاددىي، ئەقەللىي ساۋاتلارنى ئۆگىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىمەن. ئەمدى مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى بىلدىم، ئۇنىڭ كاللىسىدىكىلەر پۈتۈنلەي ئەخلەت ئىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا مەغلۇپ بولدۇم.

مەن دارىلئېتامغا كەلگەندە، يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك، ساپ ھاۋا، قۇياش نۇرى دېگەندەك بەزى ئۇششاق نەرسىلەر ئۈستىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ باراي دېگەنىدىم. ئەمما، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمەن، شۇنىڭدىلا بىر بۆلەك نورمالىراق بالىلارنى قوبۇل قىلالايدىكەنمەن. كەچۈرۈڭ، سەل ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ ئەقلى ئاجىزلىق ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدىن بولغان. بۇ تېما تولىمۇ قىزىقارلىق، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق. قانۇن تۇرغۇزغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، بۇنداقلارنى بۇ دۇنيادىن يوقىتىش مەسئۇلىيىتىڭىز بار. تېز ھەرىكەتكە كېلىڭ.

تولۇپ تاشقان ھاياجان ئىلكىدە:

سالليي ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

17 - ئاپرېل

## 31

قەدىرلىك ئالىم:

بۇگۈن نېمىشقا كەلمىدىڭىز؟ ئەتە كەلگىنىڭىزدە ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، مەن كاللىكات جەمەتىنىڭ تارىخىنى كۆرۈپ بولدۇم. سىز بىلەن مۇھاكىمە قىلىدىغان نۇرغۇن قاراشلىرىم بار. سىزنىڭچە، پىسخىكا دوختۇرى تەكلىپ قىلىپ بۇ بالىلارنى تەكشۈرتۈشىمىز كېرەكمۇ، قانداق؟ بېقىۋالغۇچىلارغا

ئەقلى ئاجىز باللارنى يۆلكەپ قويساق بولماس.

لورىتتانىڭ زۆكىمىغا زەھەرلىك رىتسىپ يازدۇرغۇم بارلىقىنى بىلمەيسىز. ئارخىپتىن ئۇنىڭ كالللىكات جەمەتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز ئۇنى بىقىپ چوڭ قىلساق، ئۇ بىر تالاي ئەقلى ئاجىز ئەۋلادنى قالدۇرۇپ، بىقىشنى جەمئىيەتكە يۆلكەپ قويسا بولارمۇ؟

تەڭرىم، كىچىك باللارنى زەھەرلىگۈم يوق، ئەمما قانداق قىلىشىم كېرەك؟

سالليي ماكبىرد
جون گرىئىر يېتىملار ئائىلىسى
مۇدىر ئىشخانىسى
جۈمە


## 32

قەدىرلىك كولتون:

سىز مېنىڭ ئەقلى ئاجىز كىشىلەرگە نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا قىزىقىپ قالغانلىقىمغا ھەيران قاپسىز. سىز قىلچە قىزىقمايدىكەنسىز.

مېنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋاتىسىز. ناۋادا رېئاللىقتىكى بەختسىزلىكلەرگە قارىتا سىزدە ھېچقانداق ئازاب تۇيغۇسى بولمىسا، قانداقمۇ ئۇنۇملۇك قانۇنلارنى تۈرغۈزۈپ چىقالايسىز؟ بۇ مۇمكىن بولماس.

بولىدۇ، ئارزۇيىڭىزنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن بىز كۆڭۈللۈك تېمىلار ئۈستىدە سۆزلىشەيلى. ھېلىلا ئەللىك قىزغا پاسخا بايرىمىلىق سوۋغات ئۈچۈن، كۆك، قىزىل، يېشىل، سېرىق، ئىشقىلىپ ھەممە رەڭلىكتىن ئەللىك مىتىر چاچ بوغقۇچ سېتىۋالدىم. سىزگىمۇ سوۋغا ئەۋەتكۈم بار، مەخمەل مۇشۈكنى ياقتۇرامسىز؟ مەندە كۆل رەڭ، سېرىق ۋە قارا رەڭلىك ئۈچ خىل




كارتىپتا يوللۇق      تاغىل يوللۇق

مۇشۇكنىڭ ھەربىر خىلىدىن بار. قانداق رەڭلىكىنى ياخشى كۆ-
رىدىغانلىقىڭىزنى دەپ بېرىڭ، دەرھال ئەۋەتىۋېتىمەن. ئەسلىدە
رەسىمىي گەپلەرنى يازاي دېۋىدىم، چۈشلۈك چاي ۋاقتى بولۇپ
قاپتۇ، مېھمىنىمىمۇ كەلدى.

مۇشۇ يەرگىچە يېزىپ تۇراي.

سالليي ماكبىرد

ئەسكەرتىش:

ساغلام ئوغۇل بالا بېقىۋېلىش ئويى بار ئائىلىلەرنى بىلەم-
سىز؟ قوزامغا ئون يەتتە چىش چىقتى.

## 33

قەدىرلىك جۇدى:

گۈزەل جۇمە، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر يۇز يىگىرمە دانە
كرېست شەكىللىك بولكا تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇنى ئىخلاسمەن
لامبېرت خانىم ئەۋەتىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى مەن بىر چاي

يىغىلىشىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالغان (چاي ئىچىشنى پەقەت ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، دەپ كىم دەيدۇ؟) ئۇ مەندىن يۈرەك پارىلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ماڭا خىزمىتىڭىز ناھايىتى مۇقەددەس خىزمەت، كەلگۈسىدە چوقۇم ياخشى جاۋابقا ئېرىشىسىز، دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بولكىلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇ ئولتۇر- غىنىمچە ئۇنىڭ بىلەن يېرىم سائەت پاراڭلىشىپتىمەن.

ئەمدى ئۆزۈم بېرىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشىم، تولىمۇ مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭغا، يۈرەك پارىلىرىمنىڭ ئۇ ئەۋەتكەن بولكىلارنى قانچىلىك ياقتۇرغانلىقىنى دېيىشىم كېرەك. ئەلۋەت- تە، «بوكسچى»نىڭ بولكىنى ئېلىپلا سىمىس خېنىمنىڭ يۈزىگە ئاتقانلىقىنى دېمەيمەن. كۆپرەك ئىلھاملاندۇرساق، لامبېرت خانىم ساخاۋەتچىلەردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تۇۋا، مەن ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان تىلەمچىگە ئايلىنىپ قالاي دېدىم. ئۆيدىكىلەرمۇ مېنى كۆرۈپ كېتىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ، ئۇلاردىنمۇ تىلىدىم. ھەتتا دادامغا تەھدىت سېلىپ، تېزدىن كەلگۈسىدە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىمالى بولغان باللار ئۈچۈن ئاتمىش قۇر خىزمەت فورمىسى ئەۋەتىپ بەرمىسە، ئۇنىڭغا ئەمدى تېلېفون بەرمەسلىكىم مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىم. بۈگۈن ئەتىگەن ترانسپورت شىركىتى بىر پارچە ئۇقتۇرۇش قەغىزى ئەۋەتىپتۇ، ئۇنىڭدا ۋۇستىر شەھىرى ماكبىرد شىركىتىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پوسۇلكىنى ئېلىۋېلىش ئۇقتۇرۇلغانىكەن. دادام يەنىلا مەن بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىشنى خالايدىكەن. جىمى تېخى ھېچنې- مە ئەۋەتمىدى. ئۇ بىرمۇنچە ئىش ھەققى ئالىدۇ، شۇڭا، دائىم ئۇ- نىڭغا بىچارىلىك بىلەن بىز ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ تىزىم- لىكىنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن.

كولتونمۇ ئاستا - ئاستا بىر ئانىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ خاسىڭ ۋە ئويۇنچۇقلارنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ناھا- يىتى خۇشالمەن. ھازىر ئۇ كۈن ئارىلاپ بىرمۇنچە نەرسىلەرنى

ئەۋەتىپ تۇرىدۇ، مىننەتدارلىق خەتلىرىمۇ ئۇلگۇرمەيۋاتىدۇ،
چۈنكى خەت ئالدىنقىسىغا ئوخشاپ قالسا بولمايدۇ - دە. ئۆتكەن
ھەپتە، يوغان قىزىل شاردىن يىگىرمىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. «گۆ -
دەكلەر باغچىسى»دا پۇتۇنلەي مۇشۇ شارلار پۇتىڭىزغا پۇتلىشىپلا
تۇرىدۇ.

تۈنۈگۈن پاقا، ئۆردەك، بېلىق دېگەندەك ئويۇنچۇقلاردىن بىر
دۆۋە تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇلارنى ۋاننىلاردا لەيلىتىپ قويىمىز.

مۇنەۋۋەر كېڭەش ئەزاسى ئەپەندىلەر، بۇ ئويۇنچۇقلار لەيلەپ
تۇرغۇدەك ۋاننىلارنى سوۋغا قىلغايسىلەر.

ئاۋۋالقىدەكلا تۇرغان:

ساللىي ماكبىرد
20 - ئاپرېل

## 34


قەدىرلىك جۇدى:

باھار قاياقلاردىندۇر تۇيدۇرماي يېتىپ كەلدى. قۇشلارمۇ جە -
نۇبتىن شىمالغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. سېنىڭمۇ ئۇلارنى دو -
رىشىڭ كېرەكمۇ، قانداق؟ «پەسىل قۇشلىرى گېزىتى»دە مۇنداق
ئۇقتۇرۇش بېرىلگەن:

«ھايالىشمايلا، سەلكىن شامال بۇ يەرنىمۇ يېشىل ئوت -
چۆپلەرنىڭ ھىدىغا تولدۇردى. ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز تىزلىنىپ
ئولتۇرۇپ، تۇپراقنى سىلاپ باققۇسى، تاغقا چىقىپ ئايلىنىپ
كەلگۈسى كېلىدۇ.» ھەم ئىللىق، ھەم سوغۇق باھار مەندە بىر -
دىنلا دېھقان بولۇش ئىستىكىنى ئويغاتتى. بۇ بەك قىزىق ئەمەسمۇ؟

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، توققۇز ياشتىن يۇقىرى باللار ئۇ -
چۇن گۈللۈك لايىھىلەپ چىقتىم. بىر پارچە قاقاس بەرەڭگىلىكى -
مىز بار، مۇشۇ يەرنىلا ئاتمىش پارچە كىچىك گۈللۈككە پارچىلى -
غىلى بولىدۇ، ئارىلىقىمۇ دارىلئېتامغا يېقىن، شىمالدىكى دېرى -

*«قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل ئەر ـ خوتۇنلار فلورىدا شتاتىدىن قايتتى.
پىندلىتون ئەر ـ خوتۇنلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»*



ـزىدىن قارىسىلا كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەك يېقىن
دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، باللار تۇپراقنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ما ـ
لىمان قىلىۋەتسىمۇ، ئوتلاقنىڭ مەنزىرىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ.
ئاساسلىقى بۇ يەر بەك مۇنبەت، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش ئىمكا ـ
نىيىتى زور. باللارنىڭ ياز بويى بىكارغا ئىشلىشىنى خالىماي ـ
مەن. راستىنلا ئۇلارغا ھەق بېرىمەن، بۇ ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ـ
نى قوزغىتىدۇ. يەنە دارىلئېتامنىڭ ئۇلار تېرىغان زىرائەتلەرنى
سېتىۋېلىدىغانلىقىنى جاكارلايمەن. بۇنداق قىلساق، بىز چوقۇم
تۇرۇپقا كۆمۈلۈپ كېتىمىز.

بالىلاردا ئىشەنچ ۋە ئىلگىرىلەش روھى تۇرغۇزۇشنى نەقەدەر
ئارزۇ قىلىمەن ـ ھە! ئېنىقكى، ئۇلاردا بۇنداق ساپا كەمچىل.
ئەلۋەتتە، بىر قىسىم كەپسىز باللار ۋە كىچىك سادى بۇنىڭ
سىرتىدا. ئەكسىچە، مەن ئاشۇ يامان ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان
بالىلاردا ئۈمىد بار، مۆرىمەس باللار ئادەمنى ئەنسىرىتىدۇ، دەپ

قارايمەن.

ئۆتكەن بىرنەچچە كۈن «بوكسچى»نى تەسىرلەندۈرۈش بىلەن ئۆتتۈپتۇ. مېنىڭچە، جان ـ دىل بىلەن بۇ خىزمەتكە كىرىشسەم، چوقۇم ناھايىتى قىزىقارلىق بولىدۇ. ئەمما، قالغان بىر يۈز ئىككى بالىنى تەسىرلەندۈرۈشكە قۇربىم يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

بۇ كۈنلەردە ئەڭ قاملاشمىغىنى، قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلار قېلىپ قالدى. «بوكسچى»غا پۈتۈن زېھنىم بىلەن بېرىلىسەم، ئاندىن ئۇنى تەسىرلەندۈرەلەيمەن. ئەڭ ياخشىسى، يەنە بىر ياردەمچى بولسا، نۆۋەتلەشكىلى بولاتتى.

كىچىك سادى «گۆدەكلەر باغچىسى»دىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىر شۇمتەكنىڭ كولتون سوۋغا قىلغان كىچىك ئالتۇن بېلىقنى يۇتۇۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. توۋا، بۇ يەردە ئادەم ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇخلاپ قالدى. بىر ئوي كاللامغا كەلدى: ناۋادا بالىلارنى ئۈچەككە كىرگۈزگىلى بولسا، قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا بالىلارنى ئۇخلاتساق، ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدا ئويغانسا، قانچىلىك قىزىق بولار ئىدى ـ ھە!

ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

سالليي ماكبىرد
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى
مۇدىر ئىشخانىسى
20 ـ ئاپرېل

## 35

قەدىرلىك پىندلېتون ئەپەندى:

بۇ ئون مىنۇت ئىلگىرى يوللىغان ھېلىقى تېلېگراممىنىڭ تولۇقلىمىسى. ھازىرقى ھېسسىياتىمنى قىسقىغىنا تېلېگراممىا

بىلەن ئىپادىلەشكە ھەقىقەتەن چارىسىزمەن. دېمەكچى بولغانلىرىمنى مىڭ ئېغىز سۆز بىلەنمۇ تۈگىتەلمەيمەن.

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغىنىڭلاردا، دېھقان ستېررىينى ئىشتىن بوشاتقانلىقىمنى ئېھتىمال بىلىپ بولغانسىلەر. ئەمما، ئۇ مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭا، ئۇ مەندەك ئىككى كېلىدىغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قوغلاپ چىقىرالايمەن؟ ئۇنىڭغا كېڭەش باشلىقىنىڭ ماشىنىكىدا بېسىلغان رەسمىي ئۇقتۇرۇش قەغىزى كېرەك ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۆتۈنەي، تېزرەك مۇشۇنداق بىر پارچە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتسىڭىز.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق:

ئۆتكەن يىلى قىشتا بۇ يەرگە كەلگىنىمدە، ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتمىگەچكە، دېھقان ستېررىي ئەپەندىگە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. كېيىن ئۇ تازىلاپ تۇرمىغانلىقتىن چوشقا قوتىنىنىڭ بەكلا مەينەتلىشىپ كەتكەنلىكى بىرقانچە قېتىم كۆزۈمگە چېلىقتى. بۈگۈن ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، يازلىق تېرىم پىلانى ھەققىدە كېڭەشمەكچى بولدۇم.

ئۇ كەلدى. ئىشخانامغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا شىلەپىسىنى ئېلىۋېتىش ھەققىدە بېشارەت بەردىم. بۇ يوللۇق تەلەپ، ئۆيگە كىرگەندە ئەرلەرنىڭ باشكىيىمىنى ئېلىشى ئەقەللىي قائىدىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭا قارىشىپ بېرىۋاتقان بىر مۇنچە باللارمۇ كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ دېگىنىمدەك قىلدى، ئەمما ئەپتىدىن مەن بىلەن قارشىلىشىشقا تەييار تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەقسەتكە كۆچۈپ، دارىلئېتامىمىزنىڭ كەلگۈسى بىر يىل ئىچىدە بەرەڭگىنى ئاساسىي يېمەكلىك قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. قوناق، كانىماش، غولپىياز، كۆك پۇرچاق، پەمىدۇر، قىزىلچا، تۇرۇپ، ئوسۇڭلارمۇ يامان ئەمەسقۇ! ئۇ بۇ مەسىلىگە قارىتا ۋىكوف ئەپەندىدىنمۇ قوپال ۋە يولسىز پوزىتسىيىدە بولۇپ، بىزارلىقى ۋە ئاغرىنىشىنى ئىپادىلىدى، ئۇ، مەن بەرەڭگى بىلەن

قاتكۆك يېسەم بولىدىكەنۇ، باللار يېسە نېمىشقا بولمىغۇدەك، دەپ
چىچاڭلاپلا كەتتى.

مەنمۇ تۇرۇت قىلىپ ئولتۇرماي، بەرەڭگى تېرىيدىغان ئىككى مو يەرنى ئاتمىش پارچە قىلىپ باللارغا بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىمنى، ئاغدۇرۇش، ئوغۇتلاش ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ بۇ يەرنى مۇنبەت، تېرىش قىممىتى يۇقىرى، ناۋادا كىچىك كۇللۇكلەرگە بۆلۈۋېتىلسە، باللار يەرنى بۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى، كېڭەشنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. يەنە بۇ يەرنىڭ بەرەڭگى تېرىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى، ئىلگىرى ئىزچىل شۇنداق بولۇپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئەگەر ئۇلا بولىدىكەن، ئۇ يەرگە بەرەڭگى تېرىلىۋېرىدىكەن.

— ئۇنداق قىلىش ھوقۇقىڭىز يوق، ئەپەندى، — دېدىم مەن تەكەللۇپ بىلەن، — سىز ۋە بەرەڭگىلىرىڭىز يول بوشىتىشى كېرەك. مەن بۇ ئىككى مو يەرنى باللارنىڭ ئۆزىگە تېرىتىشنى



قارار قىلىپ بولدۇم.
ئەمدىلا سۆزۈم تۈگىشىگە، ئۇ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ،
بالىلارنىڭ ئۆز ئىشىغا دەخلى قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى
ئېيتتى.
مەن تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا، ياش بىر ئىرپلاند ئايال بو-
لۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالغانلىقىمنى، دارىل-
ئېيتام بالىلاردىن نەپ ئېلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئېھتىياج-
لىق بولغان نەرسىلەرنى بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى
ئېيتتىم. ئۇ بۇلارنى چۈشىنەمتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ شە-
ھەرچە تەلەپپۇزۇم ئۇنى چىدىغۇسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەن
يەنە دارىلئېيتامدىكى دېھقانلارنىڭ بالىلارغا دېھقانچىلىق ۋە باغ-
ۋەنچىلىكنى ئۆگىتىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى، مۇشۇنداق
قابىلىيىتى بولۇپلا قالماي، يەنە سەۋرچان بولۇشى كېرەكلىكىنى،
شۇڭا بۇنداق ئىشلارغا كۆڭلى يۇمشاق ئەرلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىد-
دىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بالىلارغا ئادىمىيلىك جەھەتتە ئۈلگە بو-
لۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدىم.
ستېرري ئاغزى بېسىقماي سۆزلىگىنىچە بەئەينى چاشقاندەك
ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېپىرلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. بىردىنلا ئۇ «يەك-
شەنبىلىك ئوقۇش» كاتتا نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. تېخى
ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، يەنە قانداقتۇر ئاياللارنىڭ
ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرگە كۆچتى. ئېھ-
تىمال ئۇ بۇنداق ئاياللار ھوقۇقچىلىقىغا بەكلا قارشى بولسا كې-
رەك. ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردىم، سۆزلەپ ھارغاندىن كې-
يىن، ئىش ھەققىنى بېرىپ، كېلەر ھەپتە بۇ يەردىن چوقۇم كۆ-
چۈپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردۇم.
ستېرري ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تىللاپ، بۇ يەردىن مەڭگۇ
كۆچۈپ كەتمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئۆزىنى كېڭەش باشلىقى
ئەپەندىنىڭ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى، ناۋادا ئۇلار كېتىش-
نى ئېيتمىسا، كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەلكىم ئۇ تېخى كې-

گەش باشلىقىنىڭ ئالماشقانلىقىنى بىلمىسە كېرەك.
ئەمدى ئىشنىڭ جەريانى ئۆزگىچە ئېنىق بولدى. سىزنى قىستۇرغۇم يوق، ستېرريي ئەپەندى ئىككىمىزدىن بىرىمىزنى تاللىۋېلىڭ، كېگەش باشلىقى جانابلىرى، ياكى بولمىسا، تورغاي دېھقانچىلىق مەكتىپىنىڭ مۇدىرىغا خەت يېزىپ، بىلىملىك ھەم ئەخلاقلىق، ھەم يەرلىرىمىزنى تېخىمۇ ئوبدان باشقۇرالايدىغان، ھەم بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان، ئايالى ئوقۇلۇق ئادەمدىن بىرنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈشنى ئويلىشىۋاتىمەن.
بۇنداق ئادىمىمىز بولسا، دارىلئېتامنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى توغرا يولغا سالالايتتۇق، ئوزۇقلۇق ۋە يېمەكلىك مەسىلىمىزمۇ پۈتۈنلەي ھەل بولغان بولاتتى، ھەتتا مائارىپىمىزنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرەلەيتتۇق.
ئاۋۋالقىدەكلا تۇرغان:

سالليې ماكبىرد
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى
مۇدىر ئىشخانىسى
24 ـ ئاپرېل

ئەسكەرتىش:
ستېررىينىڭ كەچتە ئوغرىلىقچە كېلىپ دېرىزەمنى چېقىۋېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. دېرىزەمنى سوغۇرتىغا قاتناشتۇرسام بولامدۇ، نېمە؟

## 36

سۆيۈملۈك دۈشمەن:
بۇگۈن چۈشتىن كېيىن سىزگە ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭىز، ئەمما مۇزدەك تەلەتىڭىزنى كۆتۈپخانىدا تۇرۇپمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىدىم. يوغان چامداپ ئوتۈنخانىغا كېتىۋاتقىنىڭىزدا، كەينىڭىزدىن قاراپ سەل پۇشايمان قىلىپ قال-

دىم. سىز بىچارە ستېرربىنى زادى نېمە قىلدىڭىز؟ ئۇنى زەھەر-
لەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭىزنى خالىمايمەن. ئۇنىڭغا قائىدە سۆزلىسە-
ڭىز بولاتتىغۇ؟

قارىغاندا، ئۇسۇلىڭىز ئۇنىڭ بەرگەندەك تۇرىدۇ. ئاڭلىشىمە-
چە، ئۇ بىر ماشىنا چاقىرىپ، مېھمانخانىدا نەرسە ـ كېرەكلىرى-
نى يىغىشتۇرۇۋاتقۇدەك.

بۇ ئىش ئۈچۈن سىزدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن.

سالليي ماكبىرد

## 37

قەدىرلىك جېرۋىس:

تېز يوللانما يوللىشىڭىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ماكرىئا
دوختۇر مەسىلىنى ئۆزىلا ھەل قىلمۇەتتى. ئەينى چاغدا، ئاچچىق-
تىن بوغۇلۇپلا قالغانىدىم. سىزگە خەت يېزىپ بولغاندىن كېيىن،
دەرھال دوختۇرغا خەت يېزىپ ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇنىڭغا دېدىم.
بۇ «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» ئىللەتلىرى كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا
ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىكەن. ئۇ ھېلىقى يەرنىڭ باللارغا كېرەك-
لىكىنى، ستېرربىنىڭ ھېچقانداق رولى يوق ئاسارئەتىقە ئىكەن-
لىكىنىمۇ ئېنىق بىلىدىكەن. ئۇ يەنە: «مۇدىرنىڭ نوپۇزىنى ھەر-
قانداق ۋاقىتتا قوغداش كېرەك» دېدى. بۇ سۆزنىڭ ئۇنىڭ ئاغزى-
دىن چىققانلىقىغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ،
ئەمما ماڭا بەكلا ياراپ كەتتى. ئۇ راستىنىلا شۇنداق دېدى، يەنە
كېلىپ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى. ئۇ تېلېفوننى قويۇپلا، ماشىنى-
سىنى ھەيدەپ تېزلا يېتىپ كەلدى. دوختۇر ستېرربىنىڭ ئىشى-
كى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى چاقىرىپ: «تېز يوقال!» دەپ ۋارقىرى-
دى، ئاۋازىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئوتتۇنخانىنىڭ دېرىزىلىرىمۇ دى-
رىلداپ كەتتى. ھەي، بۇ شوتلاندچە غەزەپ راستىنىلا ئاجايىپ
ئىكەن.

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىردە ستېررىي كېتىپ، دارىلئېتامنىڭ ئىللىق كەيپىياتى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى. ئەمدى بىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك دېھقاننىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. لايىقىدا بىر دېھقاننى تېپىشتىن ئاۋۋال، بىر قىسىم ئەمگەكلەرگە يېزىدىكىلەر ياردەملىشىدۇ.

بۇ ئىشتا سىزنى ھەقىقەتەن ئاۋارە قىلدۇق. جۇدىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۇ ماڭا بىر پارچە خەتكە قەرزدار. ناۋادا قەرزىنى قايتۇرمىسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا خەت يازمايمەن.

سىزنىڭ سادىق چاكىرىڭىز:

سالليي ماكبىرد
26 - ئاپرېل

## 38

قەدىرلىك جۇدى:

تۈنۈگۈن يازغان خېتىمدە، سىلەر ئەۋەتكەن ئۈچ ۋاننا ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. زەڭگەر يوللۇق ۋاننىلار دارىلئېتامغا يېڭى تۈيغۇلارنى قوشتى. بىزنىڭ شاكىچىكلەر يەيىمىز دېيەلمەيدىغان بۇنداق نەرسىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

يەنە بىر ياقتىن، بىزنىڭ ھۈنەر - سەنئەت دەرسىمىز ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىساڭ چوقۇم خۇش بولىسەن. بىز باشلانغۇچ يىللىقلار ئوقۇيدىغان كونا سىنىپلارغا نۇرغۇن پەشتاختا ياسىدۇق. مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇشتىن بۇرۇن، ماتسېۋس خېنىم كارىدوردا دەرس ئۆتۈپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ئۇ باشلانغۇچ يىللىقلاردىكىلەرگە دەرس بېرىدۇ.

قىزلارنىڭ تىككۈچىلىك كەسپىمۇ ئوتتەك قىزغىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىر توپ بۆك دەرىخىنى چۆرىدەپ، دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۈچىنچى يىللىقتىكى يېشى چوڭ قىزلار نۆۋەت بىلەن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ قىزلار ماشىنا

مەشغۇلاتىغا پىشقان هامان، بىز بۇ يەردىكى باللارنىڭ كىيىمنى يەڭگۈشلەيمىز. ئېهتىمال سۈرئىتىمىز ئاستا بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىر يۈز سەكسەن يۈرۈش يېڭى كىيىمنى تىكىشنىڭ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ئويلاپ كۆرسەڭلا بىلەلەيسەن. ئەلۋەتتە، ئۆزىمىز تىككەن كىيىملەرنى چوقۇم تېخىمۇ ئاسرايمىز، بۇ تەرىپىدىن خۇشال بولساق بولىدۇ.

يەنە بىر ئىش، دارىلئېتامىمىزنىڭ تازىلىق شارائىتىدىمۇ كۆپ ياخشىلىنىش بولدى. دوختۇر كۆپچىلىكنى ئەتىگەن، كەچتە ئىككى ۋاخ گىمناستىكا ئوينىتىدۇ، دەرس ئارىلىقىدا بىر ئىستاكان سۈت بېرىلىپ، مۆكۈشمەك ئوينىلىدۇ. دوختۇر يەنە ساغلاملىق دەرسىنىمۇ قوشتى، باللارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ئۇلارغا ئادەم بەدىنى ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ مودېلىنى كۆرسەتتى. هازىر باللار هەزىمگە ئائىت ساۋاتلارنى خۇددى باللار قوشاقلىرىنى يادلىغاندەك يادلىيالايدىغان بولدى. ها ـ ها ـ ها، ئۇلار بەكلا ئەقىللىقلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالساڭ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىز يېتىم باللار ئىكەنلىكىنى بايقىيالمايسەن. ئۇلارنىڭ بوستوندىكى پارپىلاردىن هېچقانداق پەرقى يوق.

(سائەت توققۇز)

جۇدى، بىر ئىشنى چوقۇم ساڭا دېيىشىم كېرەك. بىرنەچچە هەپتە ئىلگىرى، ياۋاش بىر قىزنى بېقىۋالماقچى بولغان ئائىلىدىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى تىلغا ئالغانلىقىم ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ ئاق كۆڭۈل خىرىستىئان مۇخلىسىنىڭ ئائىلىسى، بۇ ئائىلىدىكى ئاتا چېركاۋ خىزمەتچىسى. بىر ئائىلە كىشىلىرى يېزىدا كۆڭۈللۈك ياشايدىكەن. هەيدى تولىمۇ ئوماق هەم غەرەز ئۇقمىدىغان قىز، بىراق، ئۇلار بۈگۈن ئۇنى چېركاۋدىكى مۇقەددەس قەدەهنى ئوغرىلىغان دەپ ئەكېلىپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىش تۇنجى قېتىملىقى ئەمەس ئىكەن.

يېرىم كۈن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر قانداق ئىش ئىكەنـ-

99

لىكىنى ئىنقىلاپ چىقتىم. ھەيدىنىڭ يىغىسىغا ئائىلە باشلىقـ-
نىڭ ئەيىبلەشلىرى قوشۇلۇپ، مېنى بەكلا جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.
ئىش مۇنداق ئىكەن: بۇ كىشىلەرنىڭ چىركاۋى ناھايىتى ئىلغار
ئىكەن ھەم دوختۇرىمىزغا ئوخشاش تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بې-
رىدىكەن. ئۇلار چىركاۋغا مۇقەددەس قەدەھ ئەكەلدۇرگەنىكەن،
ھەيدى بۇنداق نەرسىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپمۇ باقمىغان. ھەيدى تېخى
بەكلا كىچىك تۇرسا. ئەلۋەتتە، چىركاۋغا ماسلىشىپ بولالمايدۇ ـ
دە، ئۇنىڭ كىچىككىنە كاللىسىدا يەكشەنبىلىك ئوقۇش بولسىمۇ
چوڭ گەپ. سەھرادىكى يېڭى ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن ھەم
يەكشەنبىلىك ئوقۇشقا، ھەم چىركاۋغا بېرىشنى تەلەپ قىلىدى-
كەن. ئۇ چىركاۋدا پىچىنە ـ پىرەنىكلەرنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى
بايقاپتۇ، بىراق باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قېلىشىنى
كىم بىلسۇن. بىچارە بۇنداق ئۇنتۇلۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە،
ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەپتۇ. قايتار چاغدا، بىراۋ ئېھتىياتسىز-
لىقتىن ئۇ ئولتۇرغان ئورۇنغا بىر كومۇش قەدەھنى قويۇپ قو-
يۇپتۇ. ئۇ بۇنى ئۆيگە ئەكەتسە بولىدۇ دەپ قاراپ، خاتىرە ئۈچۈن
ئېلىۋالغانىكەن.

ھەيدى ھېلىقى قەدەھنى ئويۇنچۇققا تولغان ھۇجرىسىغا قو-
يۇپ قويغاچقا، بۇ ئىش ئىككى كۈندىن كېيىن بايقىلىپتۇ. ھەيدى
ئىلگىرى ئويۇنچۇق دۇكىنىدا بىر يۇرۇش ئويۇنچۇق تەخسىلەرنى
كۆرۈپ، ئاشۇنداق بىر يۇرۇش تەخسىلەرگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ
قىلىپ كەلگەنىكەن. گەرچە مۇقەددەس قەدەھ ئۇنىڭغا ئوخشىمى-
سىمۇ، سانىنى تولدۇرۇشقا بولاتتى. ناۋادا بۇ ئۆيدىكىلەردە بۇ جە-
ھەتتە ئازراق ساۋات بولسا ئىدى، ئۇلار مۇقەددەس قەدەھنى قايتۇ-
رۇپ بېرىپ، ئويۇنچۇق دۇكىنىدىن بىر يۇرۇش تەخسە سېتىۋېلىپ
ئەكېلىپ بەرسە تامامەن بولىۋېرەتتى. ئەمما، ئۇلار ئوپۇل ـ توپۇل
ھەيدىنىڭ كۆدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ پويىزغا بېسىپ،
دارىلئېتامغا ئەكېلىپ، ئۇنى «ئوغرى» دەپ جار سالدى.

بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»تىن ئۆگەنگەن

بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن قاتتىق تىللاپ ئىزا تارتقۇزدۇم. ئۇلار ئۆمرىدە مۇنچىلىك تىل ـ ئاھانەت ئىشتىپ باقمىغاندۇ دەيمەن. ئۇلار ناھايىتى خاپا ھالدا قايتىشتى. ئەمما، بىزنىڭ كىچىك، ئىلگىرى تولىمۇ شوخ ھەيدىمىز روھى چۈشۈپ سالپىيىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ «ئوغرى» ئاتىلىپ قايتۇرۇپ كېلىندى، بىر مەسۇم قىزغا نىسبەتەن بۇ نەقەدەر زور زەربە ـ ھە! بۇ ئىشنىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى، تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇ بۇ ئىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى ئېنىق بىلىپ كەتمەيتتى. پەقەت مۇشۇ ئىشلا ئۇنىڭغا سىرتقى دۇنيانى ۋەھىمىلىك كۆرسەتىپ، دارىلئېتام قورۇسىدىن بىر قەدەم ئاتلىيالماس قىلىۋېتىشكە يېتەرلىك ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن بىر ئائىلە ئىزدىشىمىز كېرەك. بۇ نۆۋەت ھېلىقىدەك دىيانەتسىز، باللارنى چۈشەنمەيدىغانلارنى ئەمەس، ئوبدانراقىنى تاپمىساق بولمايدۇ.

(يەكشەنبە)

بىزنىڭ يېڭى دېھقىنىمىز كەلدى، ئىسمى تۇرنېلت. ئايالى سېرىق چاچ، مەڭزىدە زىنىخى بار، مېھرىبان ئايال ئىكەن. ناۋادا ئۇمۇ دارىلئېتامدىكى بالا بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا تېزلا ئائىلە تېپىپ بېرەلىگەن بولاتتىم. ئۇ بىر تالانت ئىگىسى ئىكەن، ئۇنى زايە قىلىۋەتسەك بولمىغۇدەك. شۇڭا، ئەسۋاب ـ جابدۇق ئۆيىنى بوۋاقلار پەرۋىش ئۆيىگە ئۆزگەرتىپ، تۇرنېلت خانىمنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇش ئويۇم بار. بۇنداق بولغاندا، يېڭى كەلگەن باللارنى ئۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، يۇقۇملۇق كېسەلى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلىشىمىزغا ئاسان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ بىزەپ گەپلەرنى قىلىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاندىن باشقا باللار بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

بۇ ئويۇم بولامدىكەن؟ دارىلئېتامدا بىر بۆلەك باللارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق يەتكۈزىدىغان ئالاھىدە ماكان بولۇشى كېرەك. ئالايلۇق، بەزى باللارنىڭ تۇغما نېرۋا ئاجىزلىق كېسەلى بار.

مېنىڭچە بولغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا يېتەرلىك تىنچ مۇھىت ۋە ماكان ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. بۇنداق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ سۆزلىرىمنىڭ خېلى سەۋىيىلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىڭمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دوختۇرنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالدىم.

تۇرنىپلىت كەلگەندىن كېيىنكى چوشقا قوتىنىنىڭ ئەھۋالىنى بىر كۆرۈپ باقساڭ بولاتتى. چوشقىلار شۇنداق تىمەن، قوتان شۇنداق پاكىز، ھەتتا ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى تونۇيالماي قېلىشتى.

بەرەنگى تېرىيدىغان يەردىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. تۇرنىپلىت ئۆز ئۇسۇلى بويىچە بۇ يەرنى بەئەينى شاھمات تاختىسىدىكى كاتەكچىلەردەك بۆلۈپ چىقتى. ئەمدى بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە يېرى بار. ھازىر ئۇرۇقلار مۇندەرىجىسىنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دەرسى بولۇپ قالدى.

نوئا «يەكشەنبىلىك گېزىت» سېتىۋالغىلى بازارغا كېتىپ، تېخى ھېلىلا قايتىپ كەلدى. ئۇ كىتاب ئوقۇشقا ھېرىس، يەنە تېخى كارتىنا گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقاپ يۈرۈشلىرى بەئەينى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۆزى. ئۇ پوچتىخانىدىن سىنىڭ بىر پارچە خېتىڭنى ئالغاچ كەپتۇ. جېرۋىس بىلەن ئىككىڭلارنىڭ گوستا بىرلىڭنىڭ ئەسىرىگە قىلچە قىزىقمىغىنىڭلار مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، پەقەت «پېندلېتون ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بەدىئىي زوقى يوق ئىكەن»لا دېيەلەيمەن.

خۇسۇسىي روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ بىر دوختۇرى ماكرىئا دوختۇرنى ئىزدەپ كەلدى. بۇ دوختۇر بەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاياتنىڭ ئەزەلدىن ھېچقانداق مەنىسى يوق ئىكەن. مېنىڭچىمۇ شۇنداق، ئەتىدىن كەچكىچە ساراڭلار بىلەن بىللە تۇرسا، چۈشكۈن كەيپىياتتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ ـ دە. دوختۇر بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن كېسەللىك مەنبەلىرىنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. بەختىگە قارشى، ئۇ كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىلا يەردە بارلىقىنى بايقىغان. ناۋادا

بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا تەمشەلسەم، ئۇ چوقۇم ئاغزىمنى يوغان ئاچۇرۇپ، ئۇستۇنكى تاڭلىيىمدا مەسىلە بار ـ يوقلۇقىنى تەك-شۈرۈپ بېقىشى مۇمكىن. ھەي، «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» بىلەن دوست بولسا ھەقىقەتەن باشقىچە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسى بىلەن تولىمۇ ماس كېلىشىدىكەنمىز.

ۋاي توۋا، بۇنىمۇ سالام خەت دېگىلى بولامدۇ؟

خەير ـ خوش!

سالليي ماكبىرد

## 39

قەدىرلىك جۇدى:

ياغاچچى، تامچى، تۇرۇبا ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا كەلدى. بىر تالاي ئىشلار مېنى بېسىپ، تىنالمايلا قال-دىم. بەختكە يارىشا ئاكام ماڭا ياردەم قىلمىغان بولسا، بۇ بالىلار-نى قانداق ئورۇنلاشتۇراتتىم ـ ھە!

بۈگۈن ئېشىپ قالغان رەختلەرنى رەتلەۋېتىپ، كىرلىكلەر-نىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇشقىلا يېتىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مۇشۇنداق ئەرزىمەس ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي يۈرگىنىمدە، ئويلىمىغان يەردىن جىمى كېلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ بىرمۇنچە ئاچقۇچلارنى ئېسىۋالغان ئەپتىمنى كۆرۈپ، بەلكىم مېنى ئوتتۇرا ئەسىر قەل-ئەلىرىدىكى ئايال خوجىدارمىكىن دەپ قالغاندۇ. بەك ئالدىراش ئىدىم، ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويدۇم ـ دە، ئىشىمغا ماڭدىم. جىمى زېرىكىپ كېتىپ، بىرنەچچەيلەن بىلەن كالتەك توپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بول-سىمۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ ھەپتە ئاخىرىغىچە تۇرىدىغان-لىقىنى ئېيتتى. شۇغىنىسى، دارىلئېيتامنىڭ بىر ۋاخ تامىقىغا داخىل بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن رېستورانغا بېرىپ

تاماق يېيىش قارارىغا كەلدى. تام مەش ئالدىدا قەھۋە ئىچىشكەچ
ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئۆيگە تېخى قۇرۇلۇش باشلانمىغانلىقى-
نى، باللارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلمەيۋاتقانلىقىمنى ئېي-
تىۋېدىم، ئويلىمىغان يەردىن، جىمى بىردەمدىلا ھەل قىلىش چا-
رىسىنى تاپتى.

— مۇدىر جانابلىرى، سىز ئورمانلىقتىكى بىكار يەرگە بىر
ئىنىدىئانچە چېدىر تىكتۈرۈپ، ئۈچ ئېغىز ئاددىيغىنا ئۆي سې-
لىپ، ھەربىرىگە سەككىزدىن كارىۋات تەييارلاڭ. ياز كەلگەندە،
يېشى چوڭراق باللارنىڭ يىگىرمە تۆتىنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇ-
رىسىز، بۇنىڭغا ھېچقانچە پۇل كەتمەيدۇ.

— بۇغۇ بولىدۇ، — دېدىم ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بەردىم، —
بىراق، ئۇلارغا قارايدىغان ئادەم ئورۇنلاشتۇرساق، بۇنىڭغا قانچى-
لىك پۇل كېتەر؟

— بۇ بەك ئاسان، مەن ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىمدىن
بىرقانچىنى تېپىپ كېلىمەن. ئۇلار يازنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە
خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇشىدۇ، پەقەت يەيدىغانغا تاماق، ياتى-
دىغانغا ياتاق بولسىلا كۇپايە. ھەي، بۈگۈن كەچتە ياخشى يېمەك-
لىكلەردىن ئازراق تەييارلاپ قويغىن جۇمۇ، — دېدى جىمى چاق-
چاق قىلىپ.

سائەت توققۇزلاردا دوختۇر كەلدى. ئۇ شىپاخانىنى تەكشۈ-
رۈۋېتىپ كەلگەنىدى. دارىلئېتامىمىزدا ئۈچ بالا كۆكيۆتەل بولۇپ
قالغان. بىراق، خاتىرجەم بول، ئۇلار بۇرۇنلا ئايرىۋېتىلگەن، ئەم-
دى يۇقۇم ئەھۋالى كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ كېسەللىك
سەۋەبىنى ھېچكىم بىلەلمىدى، بەلكىم قۇشلاردىن يۇققان بولۇشى
مۇمكىن. جىمى دوختۇرغا ئۆزىنىڭ يېڭىدىن چېدىر قۇرۇش پىلا-
نىنى ئەگىتىپ ئېيتتى. ئۆلگۈر دوختۇر ئۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز
قوشتى دېسە. ئۇلار قوللىرىغا قەلەم ئېلىشىپ، بىردەمدىلا بىر
لايىھىنى تۈزۈپ چىقىشتى. قارىغاندا، بۇ ئىككىيلەن يېرىم كې-
چىدە تېلېفون بېرىپ ياغاچچىلارنى ئويغاتمىغۇچە بولدى قىلماي-

دىغاندەك تۇرىدۇ. پەمىمچە، ئۇلار ئەتە ئەتىگەن ياغاچچىلارغا بىر قىسىم ياغاچلارنى يۆتكىتىپ ئەكېلىدىغاندەك قىلىدۇ. كېچە سا-ئەت بىر بولغاندا، مىلىك تەسلىكتە ئۇلارنى كەتكۈزۋۆەتتىم. ئۇلار ماڭغۇچە سۇ تۇرۇبىسى، تۇۋرۇك ۋە پەلەمپەيلەر ھەققىدە تىنىماي سۆزلەشتى.

جىمى تولىمۇ روھلىنىپ كەتكەندى. مەنچۇ؟ بىر ئىستاكان قەھۋە ۋە ئۆي سېلىش ئىشى مېنىمۇ ئارامىمدا قويمىدى. بىراق، ساڭا يەنىلا خەت يازىمەن، تەپسىلاتىنى كېيىن ساڭا دەپ بېرەي.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليي ماكبىرد

پەيشەنبە

2 ـ ماي

## 40

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

بۈگۈن بىزنىڭ رەسمىي كەچلىك زىياپىتىمىز بار، كېلە-لەمسىز؟ يەنە تېخى ماروژنى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيمىز.

جىمى خېلى يامان ئەمەس بىر يىگىتنى باللارغا قاراشقا ئەكەپتۇ. سىلەر تونۇش چىقىپ قالامسىلەر تېخى. ۋىستېر ئەپەندى بانكىدا ئىشلەيدىكەن، ئۇنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويماقچىمەن. ۋاقتىنچە دەلدۈش، پالەچ، ھاراقكەشلەرنى تىلغا ئالماي تۇرارسىز.

مېھمىنىمىز تولىمۇ قىزغىن ئىجتىمائىي تەشكىلات يېتەك-چىسى ئىكەن، ياخشى يېمەكلىكلەرگە بەكلا ئامراق ئىكەن، دارىل-ئېيتامنىڭ تامىقىدىن رازى بولارمۇ؟

بىلىشكە ئالدىراپ:

سالليي ماكبىرد

شەنبە

# 41

قەدىرلىك جۇدى:

بۈگۈن جۈمە. چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدىلا جىمى كېلىپ بولدى، دوختۇر كېيىنرەك كەلدى. ئۇلار ئىككىسى تېپىشقاندىن كېيىن، ياغاچچى، دېھقان، نوئا ئەپەندى، يەنە ئوغۇللاردىن سەككىزى بىرلىكتە ئىش باشلاپ كەتتى. ئىككى ئاتتا ماتېرىيال توشۇلدى. بۇ مەن كۆرگەن سۇرئىتى ئەڭ تېز قۇرۇلۇش ئەترىتى. دارىلئېتامدا جىمىدەك ئادەملەر كۆپرەك بولسا، ئىشلىرىمىز ئوڭاي بولاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى بىردەملىكلا، ئۇنى ئۇزاق يىللار قەد كۆتۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان قۇرۇلۇش سال دېسە، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ بىر يېڭى لايىھىنى ئېلىپ يەنە كەلدى. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئۇ كاناداغا ئوۋ ئوۋلىغىلى بارغاندا تونۇشۇپ قالغان بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئۇ بىرىنچى دۆلەت بانكىسىنىڭ خادىمى ئىكەن.

— ئۇ قالتىس تەنھەرىكەتچى، دەل بىز ئىزدەۋاتقانلاردىن، — دېدى جىمى، — ئۇ بۇ يەرگە كېلىشنى بەكلا خالايدۇ، ھەر ئايدا ئىش ھەققى ئۈچۈن پەقەت قىرىق دوللارلا ئالىدۇ، ئەلۋەتتە، ياتاق ـ تاماق بىلەن تەمىنلەيمىز. مۇنداق ئىش: ئۇ دترويىتلىق بىر قىز بىلەن توپلىشىشقا پۈتۈشۈپتىكەن، شۇڭا ئازراق پۇلغا ئېھتىياجى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ تاماقلىرىنىڭ غورىگىل ئىكەنلىكىنى، ناۋادا ئۇ رازى بولمىسا، ئۆزى ئېتىپ يېسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم سەل ئەندىشە بىلەن.

— بۇش فۇلۇنس ۋىستېر ئەپەندى.

بېشىم ئايلىنىپلا كەتتى. ئويلاپ باقە، بۇش فۇلۇنس ۋىستېر

ئەپەندى بۇ ياۋايىلارغا قارىيالارمۇ؟ ئۇلارنى بويسۇندۇرالارمۇ؟ جىمى
ئىشنى بولدى قىلمايدىغانلاردىن. ئۇ بۇش فۇلۇنس ۋىستېر ئەپەنـ
دىنى شەنبە كۈنى كەچتە دارىلئېتامغا كېلىپ كۆپچىلىك بىلەن
غىزالىنىشقا ئالللىبۇرۇنلا تەكلىپ قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ دارىلئېتاـ
مىمىزنىڭ كالا گۆشى توغرامچىسى ۋە باشقا تاماقلىرىنىڭ غوردـ
گىلللىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، بازارغا بېرىپ تۆكلۈك مۇلى
قۇلۇلىسى، باچكا ۋە ماروژنى قاتارلىقلارنى بۇيرۇتتى. شۇنداق قىـ
لىپ، ماتسېۋس خانىم، بېتسىي، دوختۇر بىرلىكتە كەچلىك تاماق
يەيدىكەنمىز.
مەن ۋىكوف ئەپەندى بىلەن سىمىس خېنىمىنىمۇ چاقىرتىپ
كېلەي دېگەنىدىم. ئىككىسى تونۇشقاندىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ چىـ
قىشىپ قالىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى. راستىنى ئېيتسام،
مەن ئەزەلدىن مۇنداق ماس كېلىدىغان بىر جۈپنى كۆرۈپ باقمىـ
غان. ۋىكوف ئەپەندىنىڭ بەش بالىسى بار، خانىمى ئالللىبۇرۇن ئاـ
لەمدىن ئۆتكەن. ئەجەبا، سەن ئۇلارغا بىراۋنىڭ مەدەت بېرىشى
كېرەكلىكىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ ناۋادا ۋىكوف ئەپەندىنىڭ خانىـ
مى بار بولسا، ئۇنىڭ دىققىتىنى دارىلئېتامدىن باشقا ياققا بۇردـ
غىلى بولارمىكىن دەيمەن. شۇنداق بولسىدى، بىر چالمىدا ئىككى
پاختەكنى سوقۇپ، بۇ ئىككىيلەندىن تەڭلا قۇتۇلاتتۇق. بۇ كەلـ
گۈسىدىكى مەخپىي پىلانلىرىمنىڭ بىرى.
نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇنىڭ بىلەن يامان ئەمەس غىزالاندۇق،
دېسەك بولىدۇ. ئۇ كۈنى كەچ بۇش فۇلۇنس ۋىستېر ئەپەندى بۇ
ئىشنى قىلالارمۇ ـ قىلالماسمۇ دەپ ئەمەس، بۇشنى دارىلئېتامغا
ئەكېلەمدۇق ـ ئەكەلمەمدۇق دەپ ئارىسالدى بولدۇم. مېنىڭچە،
پۈتۈن دۇنيانى كېزىپمۇ ئۇنىڭدەك ياخشىسىنى تاپالمايمەن. بىر
قاراشتىلا، ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلىنىپ
تۇرىدۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭ ھېچقانچە سەنئەت تالانتى يوقتۇ، بىراق
سېرىك، قارىغا ئېتىش، دېڭىز سەپىرى ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىـ
كەن، ئۇ دالا تۇرمۇشىنى، ئوغۇللارنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ

ئېيتمىشچە، ئۇ يېتىم باللار ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ تۇر-غان، ئەمما بىۋاستە ئۇچرىشىپ باقمىغانىكەن. شۇڭا، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىكەن. پەممىچە، بۇش دەل بىز ئىزدەۋاتقان ئەڭ مۇنەۋۋەر زاتلارنىڭ بىرى.

ئايرىلىش ئالدىدا، جىمى بىلەن دوختۇر قاياقتىندۇر بىر پا-نۇسنى تېپىپ كەلدى. ئۇلار كەچلىك مۇراسىم كىيىملىرى بى-لەنلا، ۋىستېر ئەپەندىنى باشلاپ ئېتىز ـ قىرلاردىن ئۆتۈپ، كەل-گۈسىدىكى تۇرالغۇسىنى كۆرۈپ كېلىشتى.

دەم ئېلىش كۈنىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزدۇق. ماشىنىدەك توخ-تىماي ئىشلەۋەرگەچكە، ئۇلاردىن دەم ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدىم. شۇڭا، ئەمدى ئۇلار قوللىرىدا بولقا، دۆۋىلەك-لىك ماتېرىياللارغا قاراشقىنىچە، ئەتىكى ئىشنى قانداق باشلاش ھەققىدە ئويلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ تاپتىكى ھالىتىگە قاراپ، ئۇلارنى بىر توپ بالىدەكلا ھېس قىلدىم.

ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇشنىڭ يىمەك ـ ئىچمىكى، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ناھايىتى ياخشى، ئەگەر رەسمىي كەچلىك مۇراسىم كىيىمى كىيمىسە، گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەيدىكەن دېگىنە. دارىلئېتامىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن، مەن بېتسىنىڭ ئۆيىدىن بىر ساندۇق كەچلىك مۇراسىم كىيىمى ئە-كەلدۇردۇم. تەلىيىمگە، ئۇ مېھمانخانىدا چۈشلۈك تاماق يەپتۇ، ئاڭلىسام، بەك مولمىش. جېرۋىسقا يەتكۈزۈپ قوي، ئۇنىڭ چېدىر تىكىشكە قاتنىشالمىغانلىقى بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. ئەمما، ۋىكوف ئەپەندى كېلىپ كەتتى، بىزنى تەڭرى ئۆزى قۇت-قۇزغاي!

ئىنتايىن بەختسىز:

ساللىي ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

يەكشەنبە

# 42

قەدىرلىك جۇدى:

چېدىر پۇتەي دەپ قالدى، قانداق، سۇرئىتىمىز تېزمىكەن! چاپچىپ ئورنىدا تۇرالماي قالغان جىمىمۇ ئاخىر تىنچىدى. يىگىرمە تۆت ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن بۇ يەردە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزدى. قوۋزاقتىن ياسالغان ئۈچ ئېغىز ئۆي بۇ يەرگە سەھرا تۈسىنى قوشتى. بۇ ئىنىدىئانچە چېدىرلارنىڭ ئۈچ تەرەپ تېمى شال بىلەن ياسىلىپ، ئۇدۇلىغا ئىشىك قويۇلغان. چوڭراق بىر ئېغىزى بۇشىنىڭ ئۆيى، تەسكەي تەرەپتىكىسى مۇنچا، مۇنچىنىڭ تېمىدا بىر چەينەك ۋە سۇ جۈمەكى بار. ئىككى چېدىرغا بىردىن گۈرۈپپا باشلىقى تەيىنلەنگەن، ئۇلار كوت ـ كوت ئوغۇللارنى سۇ چېچىپ باشقۇرىدۇ. كېڭەش باشلىقى ئەپەندى بىزگە ۋاننا بەرمىگەنىدى، بىز مانا مۇشۇنداق ھەل قىلدۇق.

ئۈچ لاگېر ئوخشاش بولمىغان ئۈچ قەبىلىگە ئايرىلغان، ھەربىر قەبىلىدە قەبىلە ئاقساقىلى ئەزالىرىنى باشقۇرىدىغان كۈندىلىك ھەرىكەت نىزامى بەلگىلەنگەن. ئەڭ چوڭ ئاقساقال ۋىكوف ئەپەندى، ماكرىئا دوختۇر بولسا پېرىخونىمىز. سەيشەنبە كەچ، ئۇلار قەبىلىنىڭ ئادىتى بويىچە كىچىك ئۆيلەرنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئۇلار مېنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئىشلار ئەرلەرنىڭ ئىشى، شۇڭا كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ، ئازراق پىرەنىك ئەۋەتىۋىدىم، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىشىپتۇ. بېتسىي ئىككىمىز كالتەك توپ مەيدانىغا ئوغرىلىقچە بېرىپ، تەبرىكلەش مۇراسىمىنى يىراقتىن كۆردۇق. باتۇرلار ئەدىيالغا ئورىلىپ، گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى، بەزىلىرى تېخى باشلىرىغا پەيلەرنى قىستۇرۇۋېلىشقانىدى. قارىماسەن،

مۇشۇ ئىش ئۈچۈن، توخۇلىرىمىزنىڭ قۇيرۇقلىرى كۆتمەك بولۇپ
قالدى. بۇ ئىش ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرسىمۇ، سۈرۈشتۈرۈش-
تىن سەل خىجىل بولدۇم. جىمى بىلەن بۇش نەس باسقۇر ئىككى
چەينەكنى چىلىۋاتاتتى. دوختۇر ئەدىيالنى ئىندىئانچە يېپىن-
چاقلاپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»
ھەقىقەتەن بەكلا قالتىس ئىكەن، ئۇنىڭ ياشلارغا خاس ھالىتىنى
تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم.

سائەت ئوندىن ئاشقاندا، باتۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كې-
تىشتى، ھېلىقى ئۈچ ئەر بولسا، غىپپىدە ئىشخانامغا كىرىۋې-
لىپ، گويا كاتتا جەڭدىن قايتقاندەك، ھارغىن ھالدا يۇمشاق
ساپادا يېتىشتى. ئۇلارنىڭ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينىغانلىقىنى بى-
لمىدىغان تۇرسام. ئۇلار مېنى قانداقمۇ ئالدىيالىسۇن؟

بۇش بۇ ئىشتىن تېخىچە خۇش بولۇپ يۈرىدۇ. بېتسىيغا يار-
دەملىشىپ، كۆكتاتلارنى سەپلەش ۋە تاماق تىزىملىكىنى تۈرغۇ-
زۇشقا مەسئۇل بولدۇم. ئۇ بىزنىڭ غورىگىل قورۇملىرىمىزغا
خېلى تەملىك يېمەكلىكلەرنى قوشتى. مەنمۇ ئىزچىل دارىلئې-
تامىنىڭ تامىقىنى ياخشىلاشقا تىرىشىۋاتىمەن. ئەمما، بىزدە بۇش
ياقتۇرۇپ يەيدىغان تۇكلۇك مۇلى قۇلۇلىسى، بۆدۆنە ۋە قىسقۇچ-
پاقا دېگەنلەر يوق. كېيىنچە، ھەر ۋاخلىق تاماقتا ئۇنىڭ ئىشتى-
ھاسىنىڭ خېلىلا يامان ئەمەس بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىزنىڭ بۇشنىڭ ئىشلىتىشكە ئاجرىتىپ بەرگۈدەك ئۆيلى-
رىمىز يوق. ئەمما، بۇ مەسىلىمۇ تېزلا ھەل بولدى: ئۇ ئۆزى يېڭى
شىپاخانىنى ئىشلىتىپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ چىش بۆ-
لۈمىدىكى داۋالاش ئورۇندۇقىدا قولىغا بىر پارچە كىتاب ئېلىپ،
غاڭزىسىنى چېشلىگىنىچە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر كېچىنى
ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭدەك پائالىيەتچان ئەرنىڭ بىر كېچىنى تىنچ
ئۆتكۈزمىكى ھەقىقەتەن تەس. ئۇنىڭ ھېلىقى دترويتلىق بولغۇسى
ئايالىنىڭ ھەقىقەتەن تەلىيى بار ئىكەن.

پەرۋەردىگار، دارىلئېتامنى زىيارەت قىلىشقا يەنە بىر ماشىنا

ئادەم كەلدى. بىرىپ ئۇلارنى كۈتۈشۈم كېرەك. بىتىمى يوق، ئەسلىدە مېھمان كۈتۈشكە ئۇ مەسئۇل ئىدى.

خەير - خوش!

سالليې ماكبىرد
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى
8 - ماي

## 43

قەدىرلىك كولتون:

بۇ سالام خەت ئەمەس، سىزنىڭ خەتلىرىڭىزگە بىر - بىرلەپ جاۋاب يېزىپ بولغانمەن. بۇ ئەللىك ئالتە جۈپ كانكىنىڭ تالونى.

چەكسىز مىننەتدارلىق ئىلكىدە:


سالليې ماكبىرد

## 44

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

مەن بىلدىم، بۈگۈن سىز كېلىپ كېتىپسىز. جېيىن سالىمىڭىزنى يەتكۈزدى. يەنە ھېلىقى «ئىرسىيەتشۇناسلىق مائارىپى» دېگەن كىتابنىمۇ بەردى. جېيىن سىزنىڭ يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن كېلىپ، تەسىراتىمنى سورايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتى. سىز ئىمتىھاننى قەغەزچە ئالامسىز ياكى ئېغىزچىمۇ؟

يەنە بار تېخى! ئەجەبا، سىز بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلىڭىزنىڭ ئىنتايىن مۇستەبىتلىك ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟ مەن دائىم ماكرىئا دوختۇر ناۋادا ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى ئازراق ئۆزگەرتەلىسە نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە، دەپ ئويلاپ قالىمەن. مېنىڭچە بولغاندا، سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى ئوقۇشقا ماقۇل بولغانىكەنمەن، سىزمۇ مەن كۆرسەتكەن كىتابلارنى ئوقۇسىڭىز، ئاندىن ئادىل بولىدۇ. ھازىرچە «باللار



تىلى» ناملىق كىتابنى قوشۇپ ئەۋەتتىم. بىرنەچچە كۈندىن كېـ-
يىن بېرىپ، مەنمۇ سىزدىن ئىمتىھان ئالىمەن.

مەن تارتىنچاق شوتلاند دىندار ئاقساقاللار ئۆيۈشمىسىنىڭ
ئەربابىنى ئوچۇق ـ يورۇقراق قىلاي دېگەن، بىراق بۇ بەكلا تەس-
كەن، ۋەھالەنكى، مەن تىرىشساملا چوقۇم شۇنداق قىلالايدىغانلى-
قىمغا ئىشىنىمەن.

سالليي ماكبىرد
جۈمە

## 45

قەدىرلىك، ئەڭ قەدىرلىك جۇدى:

ئوھىئو شتاتىدا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. بىزنىڭ بۇ يەرمۇ
خۇددى سۇغا چىلاپ قويغان بۇلۇتقىلا ئوخشاپ قالدى. توختىماي
بەش كۈن ياغقان يامغۇر دارىلئېتامنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى بۇز-
دى، نۇرغۇن بالا كاناي ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، كېچىچە ھالدـ

دىن خەۋەر ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئاشپەز كۆپچىلىكنى تامنىڭ
قېتىدا ئۆلۈك چاشقان بار دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئىندىئانچە چې-
دىردىنمۇ تامچە ئۆتۈشكە باشلىدى. قاتتىق يامغۇردىن كېيىن، تاڭ
سەھەردە ئىندىئان باللار لاغىلداپ تىترەشكىنىچە ئىشىك ئال-
دىدا كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئۆي ئىچى ئارغامچا ۋە ۋادەكلەرگە يېيىل-
غان، پۇراپ كەتكەن ئەديياللاردىن ئۆرلەۋاتقان ھور بىلەن تولغا-
نىدى. ئۇلاردىن ھور ئۆرلەيتتىيۇ، قۇرۇمايتتى. بوش ئەپەندى
ھاۋا ئوڭلانغاندا كېلىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا كەتتى. قاتتىق يام-
غۇر باللارنى ئۆيگە توپتوغرا تۆت كۈن سولاپ قويدى. يېتەرلىك
پائالىيەت سورۇنى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆكتەم مىجەزىمۇ ئاستا -
ئاستا ئاشكارىلىنىپ، خۇددى قىزىل ئەسۋىسىگە ئوخشاش كۆزگە
چېلىقىشقا باشلىدى. بىز مۆكۈشمەك، ياستۇق ئۇرۇشى، «قارىغۇ
چاشقان»، گىمناستىكا، قوم ئويناش دېگەندەك ئويۇنلارنى ئوينى-
تىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئوغۇللارنىڭ ئويۇنى بەكلا قىزىدى، بىراق
دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىمۇ چېقىلىپ بولدى، ئۇلار پاقىچىلاپ
سەكرىشىپ يۈرۈپ، زال تېمىنىڭ سىرلىرىنىمۇ تېپىپ چۈشۈرۈپ
بولدى. بىز دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ، پول سۈرتۈشكە مەج-
بۇر بولدۇق. ياغاچتىن ياسالغان بارلىق بۇيۇملار بىر قېتىم يۇيۇ-
لۇپ بولدى. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، ئۇلارنىڭ شەيتىنى يەنىلا بې-
سىقماي، ھەتتا «جەڭ» ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ دېگىنە.
كىچىك سادى بەئەينى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى، دېدەك ئالۋاس-
تىلارمۇ باردۇ؟ ئەگەر بولمىسا، ئۇ دەل ئالۋاستىنىڭ مومىسى.
بۈگۈن چۈشتىن كېيىن لورىتتا پولدا يېتىۋېلىپ، توپتوغرا بىر
سائەت ھۆۋلاپ چىقتى. نېمە ئىشلىقىنى بىلمىدىم، بىرەرى ئۇ-
نىڭغا يېقىنلاشقان ھامان، خۇددى غالتەكتەك پىرقىراپ، چىش-
لەپ، تېپىپ كېتەتتى. دوختۇر كەلگەندە ئۇنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا
كېلىپ قالغان بولۇپ، خۇدنى بىلەلمەي ياتاتتى. دوختۇر ئۇنى
كۆتۈرۈپ ئېلىپ شىپاخانىدىكى كىچىك كارىۋاتقا ياتقۇزدى، ئۇ
ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىشخانامغا كەلدى، ئۇ لورىتتا-

نىڭ ئارخىپىنى كۆرۈپ باقماقچىكەن.

لورىتتا بۇ يىل ئون ئۈچ ياش، يېقىنقى ئۈچ يىلدا مۇشۇنداق ئەھۋال بەش قېتىم كۆرۈلگەن، مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇ قاتتىق جازالانغان. ئۇنىڭ نەسەبنامىسى تولىمۇ ئاددىي.

ئانىسى هاراق ئىچىپ، بلومىندال ساناتورىيىسىدە ئۆلگەن، دادىسى ئېنىق ئەمەس.

دوختۇر ناھايىتى ئۇزاق كۆردى. ئۇ قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرۈپ، توختىماي بېشىنى چايقايتتى.

— بۇ ئىرسىي كېسەل، ئەمما نېرۋا سىستېمىسىدا چاتاق چىققانلىقى تۈپەيلى ئۇ جازالانسا بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، بولمايدۇ، — دېدىم مەن كەسكىن قىلىپ، — بىز ئۇنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدىكى كېسەلنى داۋالىيالايمىز.

— ئۇنداقتا، بىزدە بۇ جەھەتتە قابىلىيەت بولۇشى كېرەك.

— بىز ئۇنىڭغا بېلىق مېيى يېگۈزەيلى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىللىقلىق ئىزدەيلى، ئۇنىڭغا ياخشى ئائىلە تېپىپ بېرەيلى...

ئەمما، لورىتتانىڭ يۈزىگە، بىر جۈپ ئورا كۆزى، يوغان بۇرنى، ئېچىلىپ تورىدىغان ئاغزى، كىچىك ئېڭىكى، ئۈچلۈق قۇلاقلىرى، تۈپتۈز چاچلىرىغا قاراپ ئاغزىمنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇنداق بالىنى كىممۇ ياقتۇرار؟

— نېمە ئۈچۈن؟ ھە، زادى نېمە ئۈچۈن؟ — ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدىم مەن، — پەرۋەردىگار، نېمە ئۈچۈن ئۇنى كۆزلىرى كۆك، سېرىق چاچ قىلىپ ياراتمىغانسەن؟ نېمە ئۈچۈن بالىلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈملۈك ئەمەس؟! ئەگەر شۇنداق بولسا، بىرەر مىليون بالىغا ئۆي تېپىپ بېرەلىگەن بولاتتىم، ئەمما ھېچكىم لورىتتانى ئېلىشنى خالىمايدۇ.

— بۇنىڭ شەپقەتلىك پەرۋەردىگار بىلەن ئالاقىسى يوق بولۇشىنى تىلەيمەن، بۇ شەيتاننىڭ ئىجادىيىتى.

«شوتلاندىيىلىك ئەركەك» ئالەم ۋە ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىگە مانا مۇشۇنداق ئۈمىدسىز قارايتتى. ئەمما، بۇنىڭ چۆچۈپ كەت-

كۆچىلىكى يوق، ئۇنىڭ كۆڭلىرىدە ئەسلىدىنلا ھېچقانداق ھاياتلىق ئەسىرى يوق، ھازىر روھى بەربات بولاي دەپ قالغاندەك تۇراتتى. ئەتىگەن سائەت بەشتىن تا ھازىرغىچە، يامغۇردا تىنماي چېپىپ يۈرۈپ كېسەل كۆرۈۋاتىدۇ. مەن ئۇنى تۇتۇپ قېلىپ چاي بەردىم. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئىنسانلاردىكى ئەسى ئاجىزلىق، ھاراقخۇمار-لىق، پالەچ ۋە ئەسەبىيلىك ئۇستىدە تولىمۇ كۆڭۈللۈك سۆھبەت-لەشتۇق. ئۇ ئاشۇ ھاراقكەش ئائىلە باشلىقلىرىدىن قاتتىق يىر-گىنىدىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ساراڭ بولۇپ قالغانلاردىن قاتتىق ئې-سەنكىرەيدىكەن.

ئىچىمدە، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدىم، بو-لۇپمۇ بىر بوۋاق دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا، ئۇنى ئاتا ـ ئانى-سىنىڭ يېنىدىن ئەكېتىش كېرەك، دېگەن ئاتالمىش ئىرسىيەت ئىلمى ھەققىدىكى ۋەزلىرىگە ئانچە چىنپۇتۇپ كەتمىدىم. بۇ يەردە كالىدەك ياۋاش، مۇلايىم بىر بالا بار. كۆرسەڭ، ئۇنىڭ ئۆزۈڭ ئۇچراتقان ئەڭ ياخشى ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسەن. بىراق، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئانىسى، ھاممىسى ۋە تاغىلىرىنىڭ ھەممىسى ساراڭ بولۇپ ئۆلگەن.

خەير ـ خوش، قەدىرلىكىم، بۇ خەت بىرئاز تۇتۇق بولۇپ قالدى. ھەقىقەتەن خىجىلمەن. ئەمما، بۇ چاغ بولغاندا، قانچىلىك ياخشى يازغىلى بولاتتى دەيسەن. ئاللىقاچان سائەت ئون بىر بول-دى. بايا سىرتقا قارىۋىدىم، تامچىلارنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھەممە جىمجىتلىققا چۆمۈپتۇ. تېخى جېيىنلارغا چوقۇم سائەت ئوندىلا ئۇخلاشقا ۋەدە بەرگەنىدىم.

خەيرلىك كەچ!

سەپىرىڭلارغا شادلىق يار بولغاي.

سالليي ماكبىرد

10 ـ ماي

ئەسكەرتىش:

كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان پېشكەللىكلەر ئىچىدە بىرى

مېنى بەكلا رازى قىلدى: ۋېكوف ئەپەندى ئاغرىپ قالدى، يەنە كېـ-
لىپ شۇ ئاغرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ھا ـ ھا ـ ھا، مىـنـ-
نەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئالايىتەن بىر دەسـ-
تە رۇخسارگۈل ئەۋەتتىم.

ئەسكەرتىش: بىزنىڭ بۇ يەردە ھەسەتخورلۇق كېسىلى مـودا بولۇۋاتىدۇ جۇمۇ.

## 46

خەيرلىك سەھەر، قەدىرلىك جۇدى:

ھاۋا ئۈچ كۈن ئېچىلىۋىدى، پۈتۈن دارىلئېتام كۆلۈپ كـەتـ-
تى. ھېلىقى ئاۋارىچىلىكلەرمۇ بىر ـ بىرلەپ ھەل بولدى. پۇراپ
كەتكەن ھۆل ئەدىياللار قۇرۇدى. ئىنىدىئانچە چېدىـرلارمۇ ئادەمگـە
تولدى. بىز ئۆگزىگە يامغۇر ئۆتمەس قەغەز ياتقۇزدۇق، پولغا تـاخـ-
تاي ياتقۇزدۇق. بۇش بۇنى توخۇ كاتىكىگە ئوخشاتتى. قاتتىق يامـ-
غۇردىن مۇداپىئەلىنىش ئۇچۇن، تاغ باغرىغا ئازگال كولاپ، سۇنى
قوناقلىققا باشلايدىغان قىلدۇق. ئىنىدىئان بالىلىرى دالـىغا قايـتـ-
تى. ئاقساقاللار ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى.

دوختۇر ئىككىمىز ئىزچىل لورىتتاغا قاراۋاتىمىز. دارىلئېـ-
تامدا دائىم دېگۈدەك كوللېكتىپ پائالىيەت، بەزىدە مالىمانچىلىق
بار. بىزنىڭ بۇ يەردىكى كوللېكتىپ تۇرمۇش ئۇنىڭغا زور تەسىـر
كۆرسىتىدۇ. بىز ئەڭ ياخشى چارە ئۇنىڭغا بىر ياخشى ئائىلە تېـ-
پىپ بېرىش، دېگەن يەرگە كەلدۇق. مەن ھېلىلا بىر ئائىلىنى زىـ-
يارەت قىلىپ كەلدىم. ئۇ دوختۇرنىڭ قوشنىسى، ئوبدان ئائىلـە
ئىكەن. ئەر پولات زاۋۇتى قۇيمىچىلىق بۆلۈمىنىڭ باشقۇرغۇچىسى
ئىكەن. خانىم تولىمۇ يېقىملىـق ھەم چىـقىشقـاق بولۇپ، ياڭـراق
ئاۋازدا كۈلەتتى. ئۇلار مېھمانخانىنىڭ پاكىزلىقىـنى ساقلاش ئـۈ-
چۈن، ئاشخانىدا تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاشخانـ-
سىمۇ بەكلا پاكىز ئىكەن، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم چۈشۈپ قالـدى. دېـ-

رىزە تەكچىسىگە تاشئالما قويۇلغان، مەش ئالدىغا سېلىنغان گىلەمدە ئاسلانچاق خورۇلداپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ھەپتە ئاخىردا ئۇ تورت، پېچىنە، زەنجىۋىل بولكىسى ۋە باشقا تاتلىق - تۈرۈملارنى پىشۇرىدىكەن. مەن ھەر شەنبە ئەتىگەن سائەت ئون بىردە لورىتتانى كۆرۈپ كېلىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ئىككىلا تەرەپنىڭ بىر - بىرىمىزگە بەرگەن تەسىرىمىز ناھايىتى ياخشى بولدى. مەن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ دوختۇرغا مېنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى، بىزنىڭ خاراكتېرىمىزدە ئوخشاش تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى، ھەر ئىككىمىزنىڭ چىقىشقاق ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىپتۇ.

لورىتتا بىرئاز ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى ئۇنىڭ كىچىككىنە گۇللۇكى بار بولىدىغان بولدى، مۇھىمى، قۇياش نۇرى ئاستىدا مۇستەقىل ئوينىيالايدىغان بولدى. يېڭى ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ، ئۇنى سۆيىدۇ، ئۇنى خۇشال قىلىدۇ. ئۇ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ئوزۇقلۇقى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى يېيەلەيدۇ. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە پەقەت ئۈچ دوللارلا تۆلىسەك بولىدۇ.

مۇشۇنداق ئۆيدىن بىرەر يۈزى تېپىلغان بولسا، قانداق ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! ئۇ چاغدا، بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق كۈن كەچۈرگەن، دارىلئېتامىمىز ئەقلىي پەرۋىشخانىغا ئايلانغان بولاتتى، شۇنداقمۇ؟ شۇنداق بولسا، ئەقلىي پەرۋىش جەھەتتە ھېچقانداق ئۈمىچى يوق پېقىر مۇدىرمۇ كۈدە - كۆرپەمنى يۇدۇپ ئۆيگە قايتىپ، بەختلىك ياشىغان بولاتتىم.

راستىنى ئېيتسام، جۇدى، مەن بارغانسېرى ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، دارىلئېتامدا تۇرىۋەرسەم قەلبىم بۇ يەرگە باغلىنىپ قېلىپ، ئۆزۈمنى تارتالمايدىكەنمەن. مېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىم، كۈن ۋە تۈنۈم دارىلئېتام بىلەن باغلانغان. ئۇنىڭغا بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن. كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىلگىرىكى گۈزەل ئىنتىلىشلىرىمنى جىرۋىس بىلەن ئىككىڭلار بىرلىشىپ بەربات

قىلىۋەتتىڭلار.
ناۋادا ئىستىپپا بېرىپ ئۆيگە قايتسام، چوقۇم توي قىلىپ با-لىلىق بولىمەن. ئېھتىمال بەش ـ ئالتە بالىلىق بولۇشۇم مۇم-كىن، بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، بۇنداق ئائىلە نېمىدېگەن زېرىكىشلىك ـ ھە! يەنە تېخى نۇرغۇن قائىدىلەرگە رىئايە قىلى-شىم كېرەك.
سېنى راسا بىر تىلللىغۇم كېلىپ:

سالليي ماكبىرد
26 ـ ماي

ئەسكەرتىش:
بۇ يەردە دادىسىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر بالا بار. بۇ، بىر ئائىلىنىڭ نەسەب تارىخى ئۈچۈن نەقەدەر پاجىئەلىك ئىش ـ ھە!

## 47

ئەڭ قەدىرلىك جۇدى:
مامىي قارىئۆرۈك يېيىشنى ياقتۇرمايدىكەن. قانداق قىلى-مەن؟ قارىئۆرۈك بەكلا ئەرزان بولسىمۇ، سالامەتلىككە پايدىلىق. ئۇنىڭ ياقتۇرماسلىقىنىڭ چاك باسقۇدەك ھېچقانداق سەۋەبى يوق. دارىلئېتامدا بۇنداق مىجەزنى باشقۇرماي بولمايدۇ. ھۆسنخەت ئو-قۇتقۇچىسى كايلۇر خېنىم چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، مامىينىڭ چوقۇم يېيىشنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن چۈش سائەت بىردە مامىينى ئىشخانامغا چاقىرىپ، نېمە ئۈچۈن قارىئۆ-رۈك يېيىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ قانداقتۇر بىر جازانى كۈتتى بولغاي، ئورۇندۇقتا موكلا ئولتۇرۇپ، جازا بېرى-شىمنى كۈتۈشكە باشلىدى.
سەن بانان يېيىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلىسەن. ناۋادا بىرەرى ئۇنى «يە» دېسە، ياندۇرغۇملا كېلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، نې-

مىشقا مامىينى قارىئۆرۈك يېيىشكە مەجبۇرلىغۇدەكمەن؟
مەن بىچارە مامىينى قانداق قويۇۋېتىش، يەنە كايلۇر خېنىمـ-
نىڭ يۈزىنىمۇ قىلىش ھەققىدە ئويلىنىشۋاتاتتىم. دەل شۇ چاغدا
ماڭا تېلېفون كېلىپ قالدى.
— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، مېنى ساقلاڭ، — مەن سۆزۈمنى
تۈگىتىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. بىر خانىم
مېنى «قوزام» كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ بېرىشكە تەك-
لىپ قىلىپ تېلېفون قىلغانىكەن. ھازىر دارىلئېتام نامىدىن بۇ
يەردە كۆچ تەشكىللىمەكچى بولۇۋاتىمەن، بۇنى ساڭا دېمىگەن. بۇ
كەنتتە مۇنداق ئەھۋال بار: بىر قىسىم بايلار ئاستا - ئاستا بۇ
يەردىن كۆچۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن تۇرلۇك زىياپەت ۋە چويلا توپ
مۇسابىقىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى تۇتۇپ قالماقچى. ئۇلار ئەزەلدىن
دارىلئېتامغا ھېچقانداق ياردەم قىلىپ باقماپتىكەن، ئەمدى پەيتى
كەلدى. چۈشتىن كېيىنلىك چاي ۋاقتى بولغاندا قايتىپ كېلىپ،
چوڭ زالدا دوختۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ئىشخانامغا كىر-
رىپ ماتېرىيال كۆرمەكچىكەن، مەن ئىشىكنى ئېچىپلا، مامىينى
كۆردۈم. پەرۋەردىگار، تۆت سائەتتىن بېرى ئۇ شۇ پېتى ئولتۇ-
رۇپتۇ ئەمەسمۇ!



قولىقى يۇمشاق
بىر قىزچاق

— قوزام، — مەن هودۇقۇپ كەتتىم، — ئىزچىل مۇشۇنداق ئولتۇرمىغانسىز؟

— شۇنداق ئولتۇردۇم، مۇئەللىم، — دېدى ماميې، — سىز مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ دېگەن.

بۇ كىچىك پەرىشتە بىر ئېغىز ئۇن چىقىرار - چىقارمايلا هالىدىن كەتتى. هېلىقى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ بەكمۇ چىقىشقاقلىقىنى دەيمەن، ئۇ ماميېنى كۆتۈرۈپ كۈتۈپخانىغا ئەكىرىپ، دۈمبىسىگە يەڭگىل شاپىلاقلاپ ئۇنى كۆلدۈردى. جېيىن تىككۈچىلىك ئۈستىلىنى يۆتكەپ كىرىپ، تام مەش ئالدىغا قويدى. دوختۇر ئىككىمىز چاي ئىچتۇق، كىچىك ماميې كەچلىك تاماق يېدى. شۇ چاغدا، مائارىپشۇناسلارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ هازىر ئېچىرقىدى، قارىئۆرۈك يېگۈزۈشنىڭ ئوبدان پەيتى كەلدى، دەپ ئويلىدىم، ئەمما ئۇنداق قىلمىدىم. دوختۇر تۇنجى قېتىم مېنىڭ هېچقانداق نەزەرىيە ئاساسى يوق بۇ قاردىشىمنى ماختىدى. ماميې بۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ مول كەچلىك تاماققا داخىل بولدى. مەن ئۇنىڭغا بۆلجۈرگەن قىيامى بەردىم، دوختۇر ياليۇز تەملىك كەمپۈت بەردى. يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ناهايىتى خۇشال قايتتى، ئەمما قارىئۆرۈككە يەنىلا يېقىن يولىمىدى.

بىراق، هېلىقى لېپ خانىم ئادىمىيلىككە ئۇيغۇن بولمىغان ئىتائەتنى يېتىلدۈرۈشتە چىڭ تۇردى. بۇنىڭدىنمۇ قاباھەتلىك ئىش يوقلۇقىنى بىلىسەن. بۇ دەل دارىلئېتامدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىستىلى، بۇنداق پىسخىكىنى پاچاقلاپ تاشلىماقچىمەن. ئالغا بېسىش، مەسئۇلىيەت، قىزىقىش، يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىسىگە ۋە كۈرەش قىلىشقا ئىنتىلدۈرمەكچىمەن. ئاھ، دوختۇردا مۇشۇنداق قان زەردابى بولغان بولسا ياكى مۇشۇنداق بىرەر نەرسىنى ياساپ چىقسا ئىدى، بۇنداق گۈزەل پەزىلەتلەرنى بالىلارنىڭ قېنىغا ماڭدۇرۇۋېتىش ئارزۇيۇم بار ئىدى.

(يەنە قەلەمنى ئالدىم)

يەنىلا نيۇيوركقا قايتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن سېنى

بىزنىڭ ئىلان ۋاكالەتچىلىكىمىزگە تەيىنلىدىم. بىز سىنىڭ بەدىئىي تالانتىڭغا موھتاج. بۇ يەردە بېقىنۇېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان يەتتە بالا بار. مېنىڭچە، تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەش سىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىڭ.

(يەنە قەلەمنى ئالدىم)

كىچىك گرېترۇد تۇغما ئالىغاي، ئەمما ئۆزى بەكلا قىزغىن، شوخ، ئوماق. بېقىۋالغۇچى ئائىلىنىڭ ئۇنىڭ تۇرقىغا پەرۋا قىلمىغۇدەك قىلىپ، بىر پارچە ئىلان يېزىپ بېرەلەرسەنمۇ؟ يېشى سەل چوڭايغاندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلدۇرسا بولىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى بەكلا ياخشى، بۇنى ھەرقانداق ئوپېراتسىيە ئارقىلىقمۇ يېتىلدۇرگىلى بولمايدۇ جۇمۇ. گەرچە ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، قانداقتۇر بىرنەرسىسى كەملىكىنى ھېس قىلامدۇ، قانداق، يولدىن ئۆتكەنلەرگە تەلمۈرۈپ قوللىرىنى سۇنىدۇ. قەدىرلىكىم، ئىلاننى تېزرەك يېزىپ، بۇ بىچارىگە يېڭى ئاتا ـ ئانا تېپىپ بەر.

سەن ھەر خىل بالىلارنى ئوبيېكت قىلىپ، «نيۇيورك گېزىتى»گە يەكشەنبىلىك شەخسلەر سەھىپىسى ئاچقىن، ساڭا سۈرەتلەرنى تەييارلاپ بېرىمەن. «جوننىڭ تەبەسسۇمى»نىڭ دېڭىز شاملى بازىرىغا ئەكەلگەن غايەت زور تەسىرى ئېسىڭدىمۇ، بىلمىدىم. سېنى رەسىملەر بىلەن تەمىنلەيمەن، پەقەت بۇنىڭغا سۆز قوشساڭلا بولىدۇ.

يەنە ياردەم قىلىپ، ئىرسىيەت ئىلمىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەمدىن بىرنى تېپىشىپ بەرگىن. ئاھ، نەقەدەر ئازابلىق ـ ھە! ھەممە ئادەمنىڭ ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ئەڭ ئېسىل جەمەتنىڭ ئەۋلادى بولغۇسى كېلىدىكەن.

سەمىمىيىتىنى ساقلاپ:

سالليي ماكبىرد

سەيشەنبە

## 48

قەدىرلىك، ئەڭ قەدىرلىك جۇدى:

چوڭ مالىمانچىلىق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئاشپەز بىلەن
خوجىدارنى بىراقلا ئىشتىن بوشاتماقچىمەن، يەنە گرامماتىكا ئو-
قۇتقۇچىسىغىمۇ كېلەر يىلى كەلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىد-
مەن. هەي، مېنىڭ هەتتا ۋىكوف ئەپەندىنىمۇ ئىشتىن بوشاتقۇم
بار. بۇگۈن ئەتىگەن يۈز بەرگەن ئىشنى ساڭا دەپ بېرەي: بىزنىڭ
جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان هېلىقى كېڭەش ئەزاسى ئەپەند-
ىمىز هازىر ساقىيىپ، توساتتىن مېنى يوقلاپ كەلدى. شۇ چاغدا،
«بوكسچى» ئىشخانامدىكى گىلەمدە كۈبىك ئويناۋاتاتتى. ئۇنى باش-
قا بالىلاردىن ئايرىۋېتىپ، مونتېسسور مېتودىدىكى خۇسۇسىي
گىلەم سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، دىققىتىنى چاچمايدىغان قىلىش
ئۈچۈن ياتىقىمغا ئەكىرىۋالغانىدىم. بۇ ئۇسۇل هەقىقەتەن بولىد-
كەن، مەن بەكلا رازى بولدۇم. ئۇ يېقىندىن بېرى ئەدەپ بىلەن
سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى.

ۋىكوف ئەپەندى يېرىم سائەتچە چۆرگىلەپ، قايتىپ كەتتى.
ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن «بوكسچى» كىشىنى مەپتۇن قىلىد-
غان قوڭۇر كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ: «ۋاي پەرۋەر-
دىگارىم، بۇ ئادەم ئادەمنى هەقىقەتەن بىزار قىلىدىكەن، شۇنداق-
مۇ؟» دېدى.

ناۋادا ياخشى نىيەتلىك خىرىستىئان مۇخلىسلىرىدىن بىرەرى
بۇ بەش ياشلىق بالىنى بېقىۋېلىشنى خالىسا، دەرهال مەن بىلەن
ئالاقىلەشكىن.

سالليي ماكبىرد
جۇمە

## 49

قەدىرلىك پېندلېتون ئائىلىسىدىكىلەر:

سىلەردەك ئەزمە ئادەملەرنى بۇ كەمگىچە كۆرۈپ باقماپتىمەن. يۇك ـ تاقلىرىمنى تېگىپ قويغىلى بىرقانچە كۈن بولدى. سىلەرنىڭ ئۆيدە يەكشەنبىنى ئۆتكۈزمەكچىدىم، ئەمما ئەمدى تېخى ۋاشىنگتونغا يېتىپ بېرىپسىلەر. قانداق قىلارمەن؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرىكىتىڭلار تېزرەك بولسۇن. پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، دارىلئېتامدىكى كەيپىيات مېنى بەكلا ئېزىۋەتتى، ئورۇن يەڭگۈشلىمىسەم، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىمەن.

تۇنجۇقۇپ قالايلا دەپ قالغان:

سالليي ماكبىرد
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى
مۇدىر ئىشخانىسى

ئەسكەرتىش:

كولتونغا باغاقچە ئەۋەتىپ، كەلگەنلىكىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار. گەرچە جېرۋىس ئۇنى ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇ خۇشلۇقىدىن ئۆزىنى ۋە پۈتكۈل ۋاشىنگتوننى ئىككىڭلارغا بېغىشلىۋېتىشى مۇمكىن. جېرۋىسنىڭ سىياسىيونلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قارىشىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ سىياسىيغا ئارىلىشىپ قالامدىمەن تېخى، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

## 50

قەدىرلىك جۇدى:

دوستلار ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن تولىمۇ قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۆتكەن ھەپتە لېۋېرت ئىسىملىك

بىر ئەپەندىنىڭ (ئۇنىڭ ئىسمىنى نام ـ ئەمەل كارتىسىدىن كۆرگەنىدىم) ماشىنىسى دارىلئىپتامىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، چاقىغا ئەينەك پارچىسى كىرىپ كېتىپتۇ. شوپۇر بالونىنى ياماۋاتقاندا، ئۇنىڭ دارىلئىپتامىغا كىرىپ كۆرۈپ باققۇسى كەپتۇ. بېتىسى يول باشلاپ، ھەممە ياقنى كۆرسىتىپ مېڭىپتىكەن، ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ بۇ يەردە كۆرگەن ھەربىر نەرسىگە، بولۇپمۇ يېڭىدىن تىكىلگەن چېدىرغا بەكلا قىزىقىپ قاپتۇ. بۇنداق ئىشلار ئەرلەرنى ئاسانلا جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئىككى ئىندىئان بالا بىلەن كالتەك توپ ئويناپتۇ. ئالاھازەل يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ سائىتىگە قاراپ، بىر ئىستاكان ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن كالتەك توپ مەيداندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ ئىش ئاللىقاچان ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى، بۈگۈن پوچتىكەش بىر سوۋغات ئەكەلدى، ئۈستىگە لېۋېرت ئەپەندىنىڭ خىمىيە تەجرىبىخانىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. بۇ بىر چېلەك يېشىل رەڭلىك سۇيۇق سوپۇن ئىكەن.

گۈلزارلىقىمىزدىكى گۈللەرنىڭ ئۇرۇقى ۋاشىنگتوندىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ساڭا دېگەندىمەن؟ بۇ كولتون ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىرگە قىلغان سوۋغىسى. ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت بەكلا قابىلىيەتسىز ئىدى، مارتىن ئەپەندى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. ئۇ بۇ يەردە تۇرغان ئۈچ يىل مابەينىدە، بەئەينى گۆردەك چوڭقۇر ئورەك كولاپ، پويرارىيە چاتقىلى ئۇرۇقىنى كۆمۈپ قويۇپلا بولدى قىلغانىكەن.

تۈزەپ رەتلەشكە تېگىشلىك جايلارنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس! بەلكىم سەن تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭ مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەن ئادەمدە شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىدىكەن. نەزەر دائىرەڭنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىشلارنىڭ كەينىدىكى ئېچىنىشلىق كۆلەڭگىلەر، ھەتتا تراگېدىيىلەر كۆز ئالدىڭدا زاھىر

بولىدىكەن.
يېقىندىن بېرى، مەن مۇراسىملارغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىۋا-تىمەن. دارىلئېتامنىڭ ئۆزىمىزگە خاس مۇراسىمىمىزدىن باشقا يەنە ئۇسسۇللۇق مۇراسىملىرىمىزمۇ بار. بىز مېھمانلارغا مۇئامى-لە قىلغاندا، ھەرگىز ياسالمىلىق قىلمايمىز. قىز ئوقۇغۇچىلار ئەدەپ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، يەنە تېخى مېھمانلار ئور-نىدىن تۇرغاندا، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردىن باشكىيىمىنى ئېلىپ ئۆرە تۇرۇش، ئاندىن ئورۇندۇقنى ئۇستەلنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈ-ۋېتىش قەتئىي تەلەپ قىلىنىدۇ. دەسلەپتە ئوغۇللار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ توختىمىدى، ئەمما قەھرىمانىمىز بۇش ئەپەندىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار مۆتىۋەرلەرگە ئوخشاپ قې-لىشتى. تومى تۈنۈگۈن سادىنىڭ بېشىنى شورپىغا تىقىۋېتىپ، ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. ئەمما، سادى ناھايىتى تۇرگۇن قىز، ئۇ ئوغۇللارنىڭ قىلىقسىزلىقىغا پەرۋا قىلمىدى.
بۈگۈن سەھەر «بوكسچى» قېشىمغا كەلدى. مەن ئىزچىل

*ئۇسسۇل مەكتىپى ئۇسلۇبىدىكى*
*مۇراسىم*



ساڭا خەت يېزىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئۇ رەڭلىك قېرىنداشنى ئوينىغىنىچە، دېرىزە تۈۋىدە جىمغىنا ساقلاپ تۇردى. بېتسي ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، بۇرنىغا بىرنى سۆيۈپ قويۇۋىدى، ئۇ: «ئەجەبمۇ ئىچىمنى ئىلەشتۇردى» دەپ غودۇردى ـ دە، ئارقىدىن قىزىرىپ كەتتى، ئەمما تېزدىن ئوغۇللارغا خاس مەغرۇرلۇقىغا قايتىپ، بۇرنىنى سۈرتۈپ قويدى. كېيىن مەن ئۇنىڭ خۇشال ھالدا رەسىم سىزغاچ ئىسقىرتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۇسال مىجەزىنى چوقۇم ئۆزگەرتىمىز.

(سەيشەنبە)

بۈگۈن دوختۇر توختىماي قاقشاپلا چىقتى. ئۇ باللار كەچلىك تاماق يەۋاتقاندا كەلگەندى، تاماقنى ئازراق تېتىپ كۆردى. ماۋۇ چاتاقنى كۆرۈڭ، بەرەڭگىگە ئىس ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! ئۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا يېرىم كۈن سۆزلىدى. سەنمۇ بىلىسەن، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئائىلىلەردىمۇ بەزىدە بۇنداق ئىش بولۇپ تۇرىدۇ. بەرەڭگىگە ئىس ئۆتۈپ كېتىش دارىلئېيتامدا تېخى تۇنجى قېتىم. ئەمما، ھېلىقى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ ئەپتىگە قارىساڭ، خۇددى ئاشپەز قەستەن ئىس ئۆتكۈزۈۋەتكەن، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغاندەكلا.

ئىلگىرى دېگەندىمغۇ، ئۇ بولمىسىمۇ ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى قىلالايمەن.

(چارشەنبە)


تۈنۈگۈن قۇياش پارلاپ تۇرغان كۈن ئىدى. بېتسي ئىككىمىز ئۇنىڭ دوستىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسىغا مېھماندارچىلىققا بېرىپ، ئىتالىيانچە گۈللۈكتە چاي ئىچىشتۇق. بۈگۈن سادى كايت بىلەن «بوكسچى»نىڭ ئىپادىسى ياخشى بولدى، شۇڭا بۇ ئىككى شەيتاننى بىللە ئېلىپ بارغۇمىز كېلىپ، تېلېفوندا ساھىبخانىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈردۇق.

«تامامەن بولىدۇ، قوزىچاقلارنى چوقۇم بىللە ئەكېلىڭلار.»

ئەسلىدە بىز قۇلىقى يۇمشاق مامىينى ئېلىپ بارساق توغرا بولار

ئىكەن. مېھماندارچىلىقنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى سۆزلەپ بولالماي-
مەن. «بوكسچى»مىز سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە سەكرەپ چۈشۈپ، ئالتۇنبېلىقلارنى تۇتۇپ كومېدىيىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. ئاخىردا ساھىبخانىنىڭ تىترەپ تۇرۇپ پۈتىدىن تارتىۋېلىشى بىلەن، سۇ-
زۇپ چىقىرىۋېلىندى. ئۇ نائىلاج ساھىبخانىنىڭ قىزىل مۇنچا لۆڭگىسىگە ئورىلىپ، ياۋاشلىق بىلەن دارىلئېيتامغا قايتتى.

بۇ ھەقتە قانداق ئويغا كەلدىڭ؟ ماكرىئا دوختۇر تۇنۇگۈنكى ئىشتىن ئازراق خىجىللىق ھېس قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بېتسىي ئىككىمىزنى يەكشەنبە كەچ سائەت يەتتىدە، ھېلىقى زەيتۇن يې-
شىلى رەڭلىك ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. يەنە تېخى بىزگە مىكرو پروييېكسىيە كۆرسەتتى. كەينىدىكى نومۇر چوقۇم



سكارلاتىنا باكتېرىيىسىنى قانداق ئۆستۈرۈش، ئىسپىرتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۇبېركۇليوز تەنچىسى بولىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت پائالىيەتلىرىگە قىلچە قىزىقمىسىمۇ، دارىلئېتامدا ئۆز نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئوخشۇشلۇق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، پېقىر مۇدىرغا ھۆرمەت بىلدۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

خېتىمنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، بىر - بىرىگە باغلاشمايدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن بىرمۇنچە يېزىۋېتىپتىمەن. شۇنداقتىمۇ، چۈشىنەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، ئۈچ كۈندىن بۇيانقى بارلىق بوش ۋاقىتلىرىمنى بۇ خەتنى يېزىشقا سەرپ قىلغانلىقىمنى بىلىشىڭ كېرەك.

ئەڭ ئالدىراش:

سالليې ماكبىرد

ئەسكەرتىش:

بۈگۈن خانىم كەلدى. ئۇنىڭ يازدا قىسقا مەزگىل تېنى ئاجىز، كېسەلچان باللاردىن بىرەرنى بېقىۋېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئويى بار ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرى يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، بىرەر ئىش قىلىپ دىققىتىنى بۇرىماقچىكەن. بەك تەسىرلىكمىكەن؟

## 51

قەدىرلىك جۇدى، جېرۋىس:

قايتا - قايتا سۆيلەش نەتىجىسىدە، ئاكام جىمى (بىز ھەممىمىز مۇشۇنداق جور بولىشالايمىز) ئاخىر سوۋغات ئەۋەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ئۆزى تاللاپتۇ دېگىنە. بىزنىڭ بىردىنلا «جاۋا» ئىسىملىك مايمۇنىمىز بار بولدى. «جاۋا» كېلىشىگە پۈتۈن دارىلئېتام ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ، بالىلارنىڭ قولىقىغا دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى كىرمەس بولدى. بالىلار ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇشاتتى. بىچارە سىنگاپور بىر چەتكە قايرىپ

قويۇلدى. مەن پۇل بېرىپ يۇرۇپ، ئۇنى يۇيۇشقا بىرنەچچە شۇمتەكنى ئاران كۆندۇردۇم.

سادى كايت ئاللىقاچان مېنىڭ شەخسىي كاتىپىم بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ۋاكالىتەن مىننەتدارلىق خەتلىرىنى يازىدۇ، بىزگە ياردەم قىلغۇچىلار ئۇنىڭ خەتلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرغاچقا، ئۇ دائىم كۇتۇلمىگەن سوۋغاتلارغا ئېرىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەجدادى ئىرېلاندىيىنىڭ غەربىدىكى قاقاسلىقتىن باش كۆتۈرۈپ چىققاندىكەن، ئەمما مەن ئۇنىڭ «تىل قەلئەسى»دىن چىققانلىقىغا ئىشىنىمەن. تۆۋەندىكى خەتتىن بۇنى كۆرۈۋالالايسەن.

قەدىرلىك جىمى ئەپەندى:

بىزگە سۆيۈملۈك مايمۇننى سوۋغا قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سىزگە كۆپ رەھمەت. ئۇنىڭغا «جاۋا» دەپ ئىسىم قويۇۋالدۇق. ئۇ بىزگە ئوكيانىنىڭ قارشىسىدىكى ئىللىق ئارالنى ئەسلىتىدۇ. دوختۇر بىزگە «جاۋا»نىڭ شۇ يەردە تۇغۇلغانلىقىنى، قۇشلارغا ئوخشاش ئۆڭكۈردە ياشىغانلىقىنى، ئۇۋىسىنىڭ بەكمۇ چوڭلۇقىنى دەپ بەردى.

ئۇ كەلگەن تۇنجى كۈنى، دارىلئېتامىمىزدىكى ھەربىر شاكىچىك ئۇنىڭ بىلەن «خەيرلىك سەھەر، جاۋا ئەپەندى» دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىنى سىلىسا ئاجايىپ بولىدىكەن، يەنە كېلىپ، ئۇ بەك چىڭ سىقىۋېتىدىكەن. دەسلىپىدە مەن ئۇنىڭغا يېقىن بېرىشقا پېتىنالمىغانىدىم، ئەمما ھازىر ئۇنى مۇرەمدە ئولتۇرغۇزالايمەن. بەزىدە ئۇ بوينۇمنى تۇتۇۋېلىپ قىزىقارلىق ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ، بىرەرى قۇيرۇقىنى تارتىپ قويسا، ئاچچىقلاپ چىرقىراپ كېتىدۇ.

بىز ئۇنى ئىنتايىن، ئىنتايىن سۆيىمىز، ئەلۋەتتە سىزنىمۇ ياخشى كۆرىمىز. ناۋادا كېلەر قېتىم سوۋغا ئەۋەتمەكچى بولسىڭىز، پىلدىن بىرنىلا ئەۋەتكەيسىز. مۇشۇ يەرگىچە يازدىم.


سەمىمىيلىك بىلەن:

ساللىي ماكبىرد

ئەسكەرتىش:

بۇش ئۆزىنىڭ كىچىك شىرىكلىرىگە تولىمۇ سادىق، مەن زىيادە چارچاپ كېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى دائىم دەم ئالدۇرىمەن. ئۇ مەسئۇلىيەتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپلا قالماي، يەنە يېڭى ھەمراھىنى باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ رايوندىكى مۇناسىۋەت دائىرىسى بەكلا كەڭ ئىكەن. شەنبە كۈنى كەچتە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىككى دوستى بىللە كەپتۇ. ئۇلار گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن ئوۋچىلار ھەققىدە ھېكايە ئېيتىشتى.

ئاردا بىرى ئەمدىلا دۇنيانى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ ساراۋاكتىكى ئوۋچى مىللەتلەر ھەققىدىكى ھېكايىسى بالىلارنى قورقۇتۇپ، قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزۇۋەتتى. ساراۋاك بورنىئو شتاتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۇ بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسى. بىزنىڭ كىچىك بالىلىرىمىزنىڭ دەرھال چوڭ بولۇپ، ساراۋاكقا بارغۇسى كېلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، دارىلئېتامىمىزدىكى قامۇستىكى ئوۋچى



مىللەتلەرگە دائىر بارلىق مەزمۇنلار ئوقۇلۇپ بولدى. ھازىر كې-
چىك ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ۋە
تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۇلار ياشايدىغان جاينىڭ كىلىماتى، ئۆسۈم-
لۈكلىرى ۋە مىكرو جانلىقلىرىنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. مەن
بۇشنىڭ بىزگە تولىمۇ ناتونۇش ساراۋاكنى ئەمەس، ئەنگلىيە،
فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئادەم ئوۋلاپ باققان
كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭدىلا، بىزنىڭ
بىلىم قۇرۇلمىمىزغا ياردىمى تېگەتتى.

دارىلئېتامىمىزغا يېڭى ئاشپەز كەلدى. ئۇ مەن ۋەزىپىگە
ئولتۇرغاندىن بېرىقى تۆتىنچىسى. مەن تېخى ساڭا بۇ يەرنىڭ يې-
مەك ـ ئىچمىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمىدىم. دارىلئېتامدىمۇ
خۇددى باشقا ئائىلىلەرگە ئوخشاش يېمەك ـ ئىچمەك ئۇچۇن باش
قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭى ئاشپەز جەنۇبىي كارولىنا شتاتى-
دىن كەلگەن قامەتلىك، كۆلۈپلا تۇرىدىغان، تېرىسى شاكىلات
رەڭلىك نېگىر خانىم. ئۇ كەلگەندىن بېرى بىز ھەر ۋاخلىقىمىز-
غا مەززىلىك تائاملارنى يەپ تويۇپلا كەتتۇق. ئۇنىڭ ئىسمىغا
كەلسەك، نېمىسىنى دەي، ساللىيې ئىكەن. ئۇنى ئىسمىنى ئۆزگەر-
تىۋالسىكەن دەيمەن.

«خېنىم، بۇ ئىسمىنى مەن سىزدىن بۇرۇن قوللانغان. ناۋادا
سىز مېنى جۆلى دېسىڭىز، قەتئىي ئادەتلىنەلمەيمەن. مەن ئۆ-
زۈمنىڭ ساللىيې دەپ چاقىرىلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن.» شۇڭا،
بىز يەنىلا ئۇنى ساللىيې دەپ چاقىرىدىغان بولدۇق. ھەرھالدا بىز-
نىڭ خەت ساندۇقىمىز ھازىرغىچە ئالمىشىپ قالمىدى. ئۇنىڭ فا-
مىلىسى ئۇزۇنراق، مېنىڭكىدەك ئاددىي ئەمەس.

(يەكشەنبە)

يېقىندىن بېرى دوختۇرغا بىرمۇنچە لەقەم قويۇپ چىقتۇق.
ئۇنىڭ ئاشۇ سۇرلۇك ھالىتى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى
قىستايدۇ. ھېلىلا بىرنەچچىنى ئويلاپ تاپتۇق. «پومېشچىك ماك-
رىئا»نى بۇش تاپقان.

پومېشچىك ماكرىئا ئۇلۇغ ھەم مەغرۇر،
نەپسى زېمىندىنمۇ ئارتۇقراق تۇرۇر.

دوختۇردىن ئەڭ بىزار بولىدىغىنى سىمىس خېنىم، ئۇ ئۇنى «ھېلىقى كىشى»، بېتسىي بولسا «بېلىق جىگىرى مېيى ئەپەندى» دەپ ئاتايدۇ. مەن بولسام «ماپخېرسون، كلون، گلۇكېتتىي، ئادگۇس، ماكرىئا دوختۇر» دېيىشنى ياخشى كۆرىمەن. سادى كايت قويغان «كەلگۈسى بىر كۈنى ئەپەندى» دېگەن لەقەم قويۇق شېئىرىي تۈسكە ئىگە. جەزم قىلالايمەنكى، دوختۇر شېئىر ئوقۇشنى بىلمەيدۇ، ئەمما تۆۋەندىكى شېئىرنى دارىلئېتامدىكى بارلىق بالىلار يادقا بىلىدۇ:

كەلگۈسى بىر كۈنى
ياخشى ئىشلار يۈز بېرەر ھامان،
ئېسىڭدە تۇت: ياخشى بالا بول،
كۆلكە پارلاپ تۇرسۇن چېھرىڭدە.
بېلىق مېيى يە،
شۇنداق قىلساڭ، ئېرىشىسەن
يالپۇز تەملىك كەمپۈتكە.

بۈگۈن ئاخشام بېتسىي ئىككىمىز دوختۇرنىڭ كەچلىك تاماقىغا داخىل بولىمىز. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭ ھېلىقى قاپقارالىغۇ ئۆيىنى بەكلا كۆرۈپ باققۇمىز بار. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ياخشى دوستلىرىنى تىلغا ئالمايدۇ. گويا «ئىلىم ـ پەن» ناملىق ئابىدىدە تەنھا ئۆزى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، مىجەزىدىكى ئوسالللىقلاردىن باشقا، ئۇنىڭدا نورمال ئادەملەردە بولىدىغان ھېسسىيات، كەيپىيات ياكى ئادىمىيلىك دېگەندەك «ئاجىزلىق»لار يوق. بېتسىي ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە بەكلا قىزىقىمىز. ئاشۇ ئۆيگىلا كىرەلىسەك، رازۋېدكىچىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئاچاتتۇق. ئەمما، ياۋۇز ماككى خانىم ئىشىك

ئالدىدا تۇرۇۋالسا، ئۇ ئۆيگە كىرەلەمدۇق، كىرەلمەمدۇق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، هازىر ئىشىك ئوچۇق ئىكەن.
غەيرەت قىلىۋاتقان:
سالليې ماكبىرد

## 52

قەدىرلىك جۇدى:
تۇنۇگۇن كەچ مەن، بېتسىي، ۋىستېر ئەپەندى ئۈچىمىز بىر-لىكتە دوختۇرنىڭ ئۆيىدىكى كەچلىك زىياپەتكە باردۇق. باشتا كەيپىيات بىرئاز سورلۇك بولدى، ئاخىردا بەك كۆڭۈللۈك بولۇپ كەتتى.
ئۆي ئىچى سىرتىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. بۇ ئۆمرۈمدە تام، پەردە ۋە گىلەملەرنىڭ ھەممىسى قېنىق يېشىل رەڭدىكى مۇنداق تاماقخانىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. قارىداپ كەتكەن مەرمەر تام مەشتە بىرنەچچە پارچە كۆمۈر تۇتەپ تۇراتتى. ئۆيدىكى جاھازلار-نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قارا ئىدى. تامغا «جىلغىدىكى خوجايىن»، «دېڭىز بويىدىكى بۇغا» ناملىق ئىككى پارچە مىس ئويما رەسىم قارا رامكىغا ئېلىنىپ ئېسىلغانىدى.
بىز ئائىلىنىڭ بارچە كەيپىياتنى يۇمشىتىشقا تىرىشتۇق، ئەمما ماڭا يەنىلا ھاراق گەمىسىدە تاماق يەۋاتقاندەك بىلىندى. ماككى خانىم قارا چاپان كىيگەن، قارا پەرتۇق تارتقان ھالدا سو-ۋۇپ قالغان تائاملارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇستەل ئەتراپىدا چۆرگى-لەپ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئېغىر قەدەملىرى ھەربىر تاشلاز-غاندا، بىر چەتتە توختىتىلغان ئىشكاپتىكى كۇمۇش چىنە ـ قاچىلار جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىپ كېتەتتى.
ئۇنىڭ بۇرنى ئۇستىگە دىڭگىيىپ، جاۋغىيى قىيسىيىپ تۇراتتى. روشەنكى، ئۇ خوجايىنىنىڭ مېھمان چاقىرىشىدىن ئانچە خۇش بولۇپ كەتمىگەن، مېھماننى ئىككىنچى يولىماس قىلىۋې-

تىشنى قەستلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

«شوتلاندىيىلىك ئەركەك»مۇ ئۆيىنىڭ تازا ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى بولغاي، سۆسۈن ئەتىرگۈل ۋە قىزىل، سېرىق كۈركۈمگۈللەردىن بىرنەچچە دەستە سېتىۋېلىپ، ئۆيىنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقاندى. ماككى خانىم بولسا گۈللەرنى قېنىق يېشىل رەڭلىك لوڭقىغا تىقىپ، خۇددى چوڭ سېۋەتتەك قىلىپ تاماق ئۈستىلىگە قويۇپ قويغانىدى. بۇ گۈللەرنى كۆرۈپ، بېتسىي ئىككىمىز ئەدەپ ــ يوسۇننى بۇزۇۋېتىشكە تاسلا قالدۇق. دوختۇر ئۆزىنىڭ تاماقخانىسىغا ئازراق ھۆسن قوشقانلىقىدىن تولىمۇ رازىدەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، بېتسىي ئىككىمىز كۈلكىمىزنى زورغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئېپى بارلىقىنى كۆچەپ ماختاشتۇق.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆزىمىزنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، دوختۇرنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان زېمىنغا چىقتۇق. ئۇ يەردە ماككى خانىم ئارتۇق گەپلەرنى سورىيالمايتتى. ۋىرىسلىق سېمىز ھەم پاكار، ئەگرى پاچاق لېۋېلىيىن تازىلىغاندىن سىرت، ھېچكىم ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسى، ئىشخانىسى ياكى تەجرىبىخانىسىغا كىرەلمەيتتى. لېۋېلىيىن دوختۇرغا ھەم خىزمەتكار، ھەم شوپۇر ئىدى. دوختۇرنىڭ كۇتۇپخانىسى، مەن كۆرگەن ئەرلەرنىڭ كۇتۇپخانىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئازادىسى ھېسابلانمىسىمۇ، يەنىلا يامان ئەمەس ئىدى. يەردىن تورۇسقىچە كىتابلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن. يەر، ئۈستەل، تام مەشلەرگىچە پاقىنى چىشلىۋالغان تۇرنا، ساقىيقۇش، يۇملاق ياغاچ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلغان ئېيىقچاق، قاپقارا پارقىراق سىرلانغان ئىلوپىس بېلىقلىرى قويۇلغان، ئۆي ئىچىنى دورا ھىدى قاپلىغانىدى.

دوختۇر فرانسۇزچە قەھۋە ماشىنىسىدا ئۆز قولى بىلەن قەھۋە دەملەپ بەردى. بىز ئۇنىڭ ئايال خوجىدارىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇق. قارىغاندا، ئۇ ياخشى خوجايىن بولۇش ئۈچۈن بار كۈچىنى سەرپ قىلغاندەك تۇراتتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئۇ تۇنجى قېتىم «ساراڭ» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمىدى.

دى. بېلىق تۇتۇش دوختۇر تولىمۇ ياقتۇرىدىغان ئىش. بۇش ئىك-
كىسى سالمون بېلىقى ۋە تىرۇز بېلىقى ھەققىدە تىنىماي سۆزلى-
شىپ كەتتى. كېيىن ئۇ يەنە بىزگە تۈرلۈك بېلىق يەملىرىنى
كۆرسەتتى، ئارقىدىن شوتلاندىيە ئېگىزلىكىدىكى ماھارەت مۇسا-
بىقىسى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قېتىم يېڭىلىپ
قېلىپ دالىغا بېرىۋېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلگەنلى-
كىنى سۆزلەپ بەردى. قارىغاندا، بۇ «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ
كۆڭلى ھازىرغىچە شۇ يەردە ئىكەن. بەلكىم بېتسىي ئىككىمىز
ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمىز، ئىلگىرىكى قاراشلىرىمىزدىن
بىراقلا كېچىشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى
قاچقۇنلاردىن ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. ئەمدى بىز ئۇنىڭ مۇھەب-
بەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى قىياس قىلىشقا قىزىقىپ قالدۇق.
ئېھتىمال «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نى بۇنداق مەسخىرە قى-
لىشىمىز توغرا بولمىغاندۇ. ئۇ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە چىرايىلا
سورلۇك، ئەمەلىيەتتە بىچارە ئادەم ئىكەن. بىر كۈنلۈك ئالدىراش
خىزمەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاشۇ مۇدھىش تاماقخانىسىدا يالغۇز
تاماق يەيدىغانلىقىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرسەكلا، ھەقىقەتەن بەك-
مۇ ئېچىنىشلىق.
بىلمىدىم، بىزنىڭ شاكىچكلەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ
تاملىرىغىمۇ توشقانلارنى سىزدۇرۇۋەتسەك ياخشى بولارمىكىنتاڭ؟
ئاۋۋالقىدەك سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليي ماكبىرد
دۈشەنبە

## 53

قەدىرلىك جۇدى:
سەنمۇ نيۇيوركقا قايتىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ تېزرەك بولغىن.
مېنىڭ ۋال ـ ستريت كوچىسىدىن ئەمەس، نيۇيوركتىكى بە-

شىنچى نومۇرلۇق كوچىدىن بىر شىلەپە سېتىۋالغۇم بار. كوببى خانىم بۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى باشكىيىم سودىگىرى. ئۇ ئىنگىلىز ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن باشكىيىم لايىھىلەيدىكەن، پارىژنىڭ مودا پاسونلىرىغا پەقەتلا ئىشەنمەيدىكەن. ئۇچ يىل ئىلگىرى ئۇ قاتتىق غەيرەت قىلىپ، نيۇيوركتىكى دۇكانلارنى ئارىلاپ چىقىپ-تۇ، ئەمما شىلەپىلىرى يەنىلا ئۇچ يىل ئىلگىرىكى كونا پاسوندا.

ئەلۋەتتە، ئۆزۈمدىن باشقا دارىلئېيتامدىكى باللارغىمۇ شىلە-پە، ئاياغ، شارابار ئىشتان، كوپتا، لىنتا، يەنە پايپاق ۋە پايپاق قىسقۇچ دېگەنلەرنى سېتىۋالىمەن. بۇنچە كۆپ ئادەمنى تۇزۇكرەك كىيىندۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن.

ئۆتكەن ھەپتە يازغان خېتىمنى تاپشۇرۇۋالدىڭمۇ؟ پەيشەنبە كۈنىدىكى خېتىمدە بۇنى تىلغا ئالماپسەنغۇ؟ ئۇ خەت ئۇن يەتتە ۋاراق كېلەتتى، ئۇنى بىرنەچچە كۈندە ئاران يېزىپ چىققانىدىم.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليي ماكبىرد

ئەسكەرتىش:

كولتوننىڭ ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايسەنغۇ؟ سىلەر كۆرۈشتۈڭلەرمۇ؟ ئۇ مېنى سورىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلى-غۇم بار. ئۇ ۋاشىنگتوندىكى جەنۇبلۇق ئايالنى قوغلىشىۋاتامدۇ؟ ماڭا نېمىشقا ھېچنېمىنى دېمەيسەن؟

## 54

قەدىرلىك جۇدى:

تېلېگراماڭنى ئىككى مىنۇت ئىلگىرى تاپشۇرۇۋالدىم.

بەك خۇش بولدۇم، پەيشەنبە چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتىن قىرىق توققۇز مىنۇت ئۆتكەندە كېلىدىكەنسەن، شۇ كۈنى كەچتە چوقۇم ۋاقىت چىقارغىن، سەن بىلەن جون گرىئېرنىڭ ئىشلىرى-نى سۆزلەشكۈم بار، قانغۇچە مۇڭدىشىۋالايلى.

جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى بازار ئايلىنىدىغان بولدۇق. ئېھتىمال، سىنىڭ دېگەنلىرىڭ توغرىدۇ، مەن خۇددى قەپەستىكى قۇش، كىيىملىرىم يېتىپ ئاشىدۇ. شۇنداقتىمۇ باھاردا ھامان تۆك تاشلىشىم كېرەكتۇ؟ ھازىر ھەر ئاخشىمى كەچلىك مۇراسىم كىيىمى كىيۋاتىمەن. بۇنداق قىلىشىم پەقەت كىيىپ كونىرىتىۋېتىش ئۈچۈن، ياق، ياق، پۈتۈنلەي ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. پەقەت ئۆزۈمگە مۇشۇنداق ئالاھىدە بىر خىل تۇرمۇش يولىغا ئىتتىرىلگەن بولسامۇ، يەنىلا ئاددىي بىر ئايال ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويماقچى، خالاس.

تۈنۈگۈن خون سېپىرۇس جېپىن تىككەن كىيىمنى كىيىۋالغانلىقىمنى كۆردى. بۇ پارىژچە ئۇسلۇبتا يېشىل رەڭلىك كاپرونىدىن تىكىلگەن كىيىم ئىدى. ئۇ بەكلا ھەيران قالدى. قارىماققا، بىرەر تانسا كېچىلىكىگە بارىدىغاندەك قىلمايتتىم. ئۇنى قېلىپ قېلىپ بىللە كەچلىك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىۋىدىم، خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى، تاماق يېيىلىۋاتقاندىمۇ رازىمەنلىك بىلەن كەيپى چاغ ئولتۇردى. بىز بەكلا چىقىشىپ كەتتۇق. ناۋادا بېرنارد شاۋنىڭ ئويۇنى ھېلىمۇ ئوينىلىۋاتقان بولسا، شەنبە چۈشتىن كېيىن بىر - ئىككى مەيدان كۆرگۈم بار. خون سېپىرۇس بىلەن قىلىشقان مەنىسىز پاراڭلارغا سېلىشتۇرغاندا، بېرنارد شاۋنىڭ دىئالوگلىرى بەك ئېسىل. يېزىۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، كۆرۈشكەندە دېيىشەيلى.

خەير - خوش!

سالليي ماكبىرد

سەيشەنبە چۈشتىن كېيىن

تۆتتىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە يېزىلدى.

ئەسكەرتىش:

ھەي قەدىرلىكىم، «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ «يېڭى ئارتۇقچىلىق»لىرىنى يەنە بايقىدىم، ئۇ بۇنىڭدىن بەكلا نارازى بولدى. يەنە كېلىپ، بۇ قېتىم بەكلا قەبىھ. بەختكە قارشى، دارىلئېـ

تامدا تۆيۇقسىز بەزگەك كېسىلى تارقالدى. دوختۇرنىڭ قارىشىـ
چە، بۇ سىمىس خېنىم بىلەن ئىككىمىز قەستەن چىقارغان چاتاقـ
مىش، بىز باللارنى قەستەن بەزگەك قىلىپ قويۇپتۇقمىش.
دوختۇرنىڭ ئىستېپانامىسىنى چىن قەلبىمدىن تەستىقلايمەن.

## 55

سۆيۈملۈك دۇشمەن:

تۇنۇگۇن ئاددىيغىنا خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ كەمگىچە
سۆزلەش ۋە يېزىش ئۇسلۇبى مۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىـ
رەرىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

ناۋادا سىزنى ئەمدى «دۇشمەن» دەپ چاقىرمىسام، مەندىن
مىننەتدار بولامسىز؟ سىز خالىغانچە ئاچچىقلاپ، قالايمىقان ئادەم
تىللايدىغان ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز، مەنمۇ سىزنى ئىككىنچى
ئۇنداق چاقىرمايمەن.

ئەتە چۈشتىن كېيىن نيۇيوركقا ماڭىمەن.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليې ماكبىرد
چارشەنبە

## 56

سۆيۈملۈك دۇشمەن:

بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن كەيپىڭىز ياخشىلىنىپ قالغانـ
دۇ؟ مەن مۇدىرنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق
بىر كونا بىنادا يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى ئايرىۋېـ
تىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن بەزگەك تارقىلىپ كەتتى،
دېگەندە ئىزچىل چىڭ تۇرىمەن.

تۇنۇگۈن ئەتىگەن، مەن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى سىز بۇ

يەرگە مەرھەمەت قىلىشنى خالىمىغاچقا، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇ-رۇشقا ئامالسىز قالدىم، شۇڭا سىزگە خەت يېزىشتىن باشقا ئىلا-جىم يوق. قۇسۇرچى كۆزلىرىڭىز بىلەن مامىيېغا قاراپ قويارسىز. ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنىگە ئۇششاق مۇدۇرلەر چىقىپ كەتتى، بەزگەك بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. خۇدا ساقلار، چۈنكى ئۇنىڭغا ناھا-يىتى ئاسانلا مۇدۇر چىقىدۇ.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليي ماكبىرد
پىندلېتون ئائىلىسى، نيۇيورك

ئەسكەرتىش:

مېنىڭچە، مېنى كەچۈرۈۋېتىسىز. بىراق، مەن يەنە بىر قې-تىم ئۇيلىنىپ چىقتىم. سىز مەن چوقۇنىدىغان باغرى يۇمشاق دوختۇرلاردىن ئەمەس ئىكەنسىز. مەن سېمىز، كۆلگۈنچەك ئادەم-لەرنى تېخىمۇ ياقتۇرىمەن.

## 57

قەدىرلىك جۇدى:

ئېھتىمال سىلەرنى كۆرگىلى بارماسلىقىم كېرەك بولغىي-دى. ئۇڭايلا ھاياجانلىنىدىغان بىر قىزنىڭ بەخت ۋە شادلىققا چۆمگەن ئائىلەڭنى كۆرگەندىن كېيىن، دارىلئېيتامدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشىدىن يەنە قانداقمۇ ئۈمىد كۈتەلەيسەن؟ قايتىش سەپى-رىدە، پويىزدا كۆرۈش ئۇچۇن ئېلىۋالغان بىرنەچچە رومان ۋە ژۇرناللارنى كۆرۈشكە ئەسلا رايىم بارمىدى. جېرۋس كۆڭۈل ئىزدەپ سوۋغا قىلغان شاكىلاتلارنىمۇ يېمەستىن، ئۆزۈم تونۇيدى-غان يىگىتلەر ئارىسىدا جېرۋىستەك ياخشىلىرىنىڭ بار - يوقلۇ-قى ھەققىدە ئويلىنىپ چىقتىم. تاپتىم! بەلكىم، ئۇ جېرۋىستىن-مۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن. كېيىن مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈش ئۇ-نىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، ئۇ مېنىڭ قۇربانلىقىم بولۇپ قېلى-

شى مۇمكىن. دارىلئىبتامغا كەلسەك، ھازىر پەشنى قىقىپ كېتىپ قالسام بولمايدۇ. جون گرىئىر دارىلئىبتامىنى ۋاشىنگتونغا يۆت-كىۋەتسە قانداق بولاركىن، ئۇنداق بولمىغاندا، باشقا تاللاش يولۇم يوق.

پويىز كېچىكتى. مەن باشقا نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ ئۇچقاندەك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇردۇم. مەن پويىزدا چوقۇم قاندا-تۇر بىرەر كاشىلا يۈز بەردى، دەپ ئويلىدىم. ئۇنداق بولمىسا، نې-مە ئۈچۈن ماتورنى رېمونت قىلىدۇ؟ پويىز باشلىقى كۆپچىلىكنى خاتىرجەم قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما گەپتە كەتكۈزۈپ قو-يۇپ، مەقسىتىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلمىدى. نېمىدېگەن بىچارە - ھە!

سائەت يەتتىدە پويىزدىن چۈشتۈم، مەندىن باشقا بىرمۇ يو-لۇچى چۈشمىدى. تەنھا ئۆزۈم يامغۇردا قالغان قاپقاراڭغۇ ۋوگزالدا تۇراتتىم. تۇرنىكېتلىمۇ مېنى ئالغىلى چىقماپتۇ، ئەتراپ-تىن بىرەر تاكسىنىمۇ تاپقىلى بولمىدى. ئۆزۈمگە ئاز، ئۇلارغا ئېنىق ۋاقىتنى ئۇقتۇرۇپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ قويسام بوپتىم-كەن. بىردىنلا ئۆزۈمنى تاشلاندۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، روھىم چۈشۈپ كەتتى. بىر يۈز ئون ئىككى بالى-نىڭ ۋوگزالدا تىزىلىپ تۇرۇپ ئۇستۇمگە گۈل بەرگىلىرىنى چې-چىپ، مۇدىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتىم - ھە! نائىلاج، يامغۇردىن پاناھلانغاچ، ۋوگزال خىزمەتچىسىنىڭ تېلېگراممىا ئاپپاراتىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملى-شىپ، ئۇنىڭدىن تېلېفون بېرىپ ماشىنا چاقىرىپ بېرىشىنى ئۆ-تۈندۇم. توساتتىن بىر كۆچلۈك نۇر دوقمۇشتىن يورۇپ كېلىپ، مېنى ماشىنا سوقۇۋەتكىلى تاسلا قالدى، ئارقىدىنلا دوختۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ساللىي ماكبىرد خېنىم، سىزنىڭ قايتىپ بالىلارغا قارايدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

مېنى ئەكېتىش ئۈچۈن، دوختۇر دارىلئىبتام بىلەن ۋوگزال

ئارىلىقىدا ئۈچ قېتىم چېچىپتۇ. ئۇ يېڭى شىلەپەم، كىتابلىرىم،
بوغچىلىرىم ۋە شاكىلاتلىرىمنى بىرىبىرىنىڭ ئاستىغا تىقتى ـ
دە، يامغۇردا ئۈچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. توساتتىن ئۆز ئۆيۈمگە
قايتقاندەك بىر خىل ئىللىق تۇيغۇ قەلبىمدىن ئۆرلەپ، كېيىن
بۇ يەردىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئەسكە ئالغىنىمدا، كۆڭلۈم يېرىم
بولدى. ئىستېپا بېرىپ، كۈدە ـ كۆرپەمنى يىغىشتۇرۇش نىيە-
تىگە كېلىپ بولغان بولسامۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە تۇرماي-
دىغانلىقىمنى ئويلىسام، ئادەمنى ئارامسىزلاندۇرىدىغان بىر خىل
غەشلىك قەلبىمنى چىرمىۋالىدۇ. بۇمۇ بەلكىم «سىناق توي» سە-
پىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقىدىندۇر. ئۆزۈڭنى «قىلچە بۇ-
رۇلغىلى بولمايدىغان» قىلىپ قويۇپ، چېكىنىش ئىمكانىيىتىنى
يوققا چىقارغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بىرەر ئىش قى-
لىش ئويىغا كېلىپ قالىسەن.

مەن دارىلئېتامدىن ئايرىلغان تۆت كۈن ئىچىدە شۇنچە كۆپ
ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى مېنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. دوخ-
تۇر بەكلا تېز سۆزلەپ، تۆت كۈندە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەم-
مىسىنى چۈشىنىكسىز ھالەتتە بىرقۇر سۆزلەپ تۈگەتتى. سادى
كايت دوختۇرخانىدا ئىككى كۈن تۇرۇپتۇ، دوختۇر بۇنى ئۇنىڭ
ئىككى شېشە چۈچۈمەل تاشئالما قىيامىنى يېگەنلىكىدىن بول-
غان، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. چۈچۈمەل تاشئالما قىيامىنى قانچىلىك
يېسە، ئاندىن مۇدۇر چىقىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. مەن
كەتكەندە، خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا قاچا ـ قۇچا يۇيۇشقا ياردەم-
لىشىش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەنىدى. شۇنچە كۆپ ياخشى يېمەك-
لىكلەر ئالدىدا تۇرغاندا، سادى كايت ئەلۋەتتە قارنى يېرىلغۇچە
يەۋالىدۇ ـ دە.

يەنە ئاشپەز ساللىپ بىلەن ئىشچى نوئامۇ بىر قەپەس جەڭگە
ھازىرلىنىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ كىچىككىنە بىر ئىش ئى-
كەن: ساللىپ دېرىزىدىن قايناق سۇ تۆكۈپتىكەن، دەل نوئاغا چې-
چىلىپتۇ ئەمەسمۇ. قارىغاندا، دارىلئېتام مۇدىرى بالا باققۇچى بى-

لەن ساقچىنىڭ قابىلىيىتىنى تەڭلا ھازىرلىشى كېرەك ئىكەن.
ماشىنا دارىلئېتامىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دوختۇر ئىشنىڭ بېرىنىلا ئاران سۆزلەپ بولالىغانىدى. ئۇ ۋوگزال بىلەن دارىلـ-ئېتام ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، تېخى كەچلىك تاماق يېيىشكە ئۈلگۈرمىگەنىكەن. ئۇنى «جون گرىئېر»دا قېلىپ قېلىپ بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئارقىدىن بېتسىي، ۋىستېرلارنى چاقىرتىپ كېلىپ مەمۇرىيەت يىغىنى ئېچىپ، ئادەتتە بىز سەل قارايدىغان بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە كېـ-ڭەشمەكچى بولدۇق.
ئويلىمىغان يەردىن، دوختۇر تەكلىپىمگە قوشۇلۇپ قېلىپ قالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ گەمىگە ئوخشايدىغان ئۆيىگە قايـ-تىشنى خالىمايدىكەن. ئاددىي بولسىمۇ، سىرتتا غىزالىنىشقا ئامراق ئىكەن. بېتسىي ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن بوۋا ـ مومىسىنى كۈتكىلى، بوش بازاردا قارتا ئوينىغىلى كېتىپتۇ. بۇ يىگىت كەچلىرى سىرتقا ئاز چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئازراق ئەرمەك تاپـ-قىنىدىن خۇش بولدۇم.
ئادەتتە كەچلىك تاماق سائەت ئالتە يېرىمدا يېيىلەتتى. ھاـ-زىر سائەت سەككىز بولاي دېگەنىدى. دوختۇر ئىككىمىز ئالدىراش غىزالىنىشقا باشلىدۇق. گەرچە كەچرەك قالغان بولسىمۇ، مېـ-نىڭچە، بۇ تاماق ماككى خانىمنىڭ تامىقىدىن كۆپ مول! سالليـي بىزگە ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۆزى تەييارلاشقا ئەڭ ئۇستا قورۇمىلارنى چىقارغانىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىز ئىشخانامدىكى تام مەش ئالدىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشتۇق. قاتتىق بوراندا دېرىزىلەر دىرىلدەيتتى.
بۇ بىر كۆڭۈللۈك كېچە ئىدى. دوختۇر بىلەن تونۇشقاندىن بېرى تۇنجى رەت كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئەرگە باشقىچە نەزەردە قاردـ-دىم. بىر ئادەمنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى باشـ-قىلارنى جەلپ قىلالايدىغان تەرەپلەرنى بايقىيالايسەن. بىراق، ئاـ-دەمنى بىلىشكە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، يەنە تېخى بەلگىـ-

لىك ماھارەت بولمىسىمۇ بولمايدۇ. دوختۇرنى چۈشىنىش تېخىمۇ قىيىن، ئىلگىرى ئۇنىڭدەك سىرلىق ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىكەنمەن. قانچە سىرلىق بولغانسېرى، ئادەم شۇنچە قىزىقىدىكەن. ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ھەم لەۋلىرى ۋە يەرگە تىكىلگەن قارىچۇقلىرىنىڭ كەينىدە ئوت كۆيۈپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. كىم ئۇنى جىنايەت سادىر قىلمىغان دېيەلەيدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، كەيپى چاغ بولسا، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش خېلىلا كۆڭۈللۈك ئىش. ئۇ پۈتكۈل شوتلاندىيە ئەدەبىيات تارىخىنى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

بوران دېرىزىگە ئۇرۇلۇۋىدى، دوختۇر ئىختىيارسىز: «قۇتۇرىسىمۇ جىلغىلاردا بوران ھۇۋلاپ، مەش تۈۋىدە خانىم تەمكىن، چەكمەس ئىزتىراپ» دەپ شېئىر ئوقۇدى. سۆزلىرى دەل جايىغا چۈشكەن بولسىمۇ، مەنىسىنى ئانچە ئاڭقىرىپ كېتەلمىدىم. ئۇ كەينى ـ كەينىدىن قەھۋە ئىچەتتى. بىر دوختۇرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ قەھۋەنى بەك كۆپ ئىچىۋەتكەنىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئائىلىسىنىڭ ستېۋېنسون بىلەن باردى ـ كەلدىسى بارلىقىنى، دائىم خېرىئوت ئون يەتتىنچى نومۇرلۇق ئاشخانىدا بىللە تاماق يەيدىغانلىقىنى دەپ بەردى. بۇ كېچە مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئۇنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم.

بۇ خېتىمدە، روبىن ماكرىئا دوختۇرنىڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان تەرەپلىرىنى ئالايىتەن تىلغا ئالغىنىم يوق. ئېھتىمال، ئۇ ئىلگىرىكى قوپاللىقلىرى سەۋەبلىك ئاخشام شۇنچە مۇلايىم ھەم يېقىشلىق بولۇپ كەتكەندۇ. ئىلگىرى جېرۋىسنىڭ ئالدىدا ئۇنى بولۇشىغا مازاق قىلغىنىمنى ئويلىسام، ئەمدى خىجىل بولۇۋاتىمەن. ئۇ سۆزلەرنى مەن ئەسلا قەستەن دېمىگەن. ئۇ ئايدا بىرەر قېتىم مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، جەلپكار بولۇپ قالىدۇ.

«بوكسچى» تېخى بايىلا ئىشخانامنى «ئەدەپ» بىلەن زىيارەت قىپتۇ: ئۇ يوغان چار پاقىدىن ئۈچنى ئىشخانامغا تاشلاپ قويۇپتۇ.



سادى كايت كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئاستىدىن بىرنى تاپتى، قالغان
ئىككىسى تېپىلمىدى. ئۇلارنىڭ كاربۇتىمىنىڭ ئاستىدا پاناھلى-
نىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. چاشقان، يىلان، پاقا ۋە
قۇرتلارنى يوغىناتقايسەن، ئىلاھىم، ئۇنداق بولمىغاندا، رەتلىك
كىيىنىۋېلىشقان باللارنىڭ يانچۇقلىرىغا زادى قانداق نەرسىلەر-
نىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمەيمىز.

سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردا تۇرغاندا، قانداقتۇر بىر نەرسىنى سې-
غىندىم. تېزلا قايتىپ كېلىسەن، دېگىنىڭ ئېسىمدە.

سالليي ماكبىرد
جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى
9 - ئىيۇن

ئەسكەرتىش:

كۆكۆچ ساپما كەشىمنى كاربۇات ئاستىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن،
مارىيغا دەپ، ئۇنى ئوبدان ئوراپ ئەۋەتىپ بېرەلەمسەن؟ مېنىڭ
ئادرېسىمنى ئۇنىڭ قولىغا يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىغايسەن،
ئىسمىمنى يەنە «ماكبىرد» دەپ يېزىپ يۇرمىسۇن.

## 58

سۆيۈملۈك دۇشمەن:

ئىلگىرى سىزگە نيۇيورك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسى-
گە لاياقەتلىك بىر سېسترا تەكلىپ قىلىش ئىلتىماسى بەرگەنلى-

*ئېيتىڭا، مەندەك ياۋاش، گەپ ئاڭلايدىغان ئوقۇغۇچى بارمۇ؟*



كىمنى ئېيتقاندىم. پاچاقلىرى سېمىز، بىرلا ۋاقىتتا ئون يەتتە بوۋاققا قارىيالايدىغان بىر سېستىرانى تەكلىپ قىلدىم.

چۈشتىن كېيىن ئۇ كەلدى. سىزگە ئۇنىڭ تۇرقىنى سىزىپ كۆرسىتەي:

ياخشىسى، بالىلارنى ئىلغۇچ يىڭنە بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە قاداپ قويساق بولغۇدەك، بولمىسا بالىلارنىڭ سىيرىلىپ كېتىشىدىن ساقلانماق تەس.

ژۇرنالنى سادى كايتقا بېرىپ قويىمەن، بۈگۈن كېچىچە ئوقۇپ، ئەتە قايتۇرغايسىز.

ساللىي ماكبىرد

سەيشەنبە

## 59

قەدىرلىك جۇدى:

ئۈچ كۈندىن بېرى نيۇيوركتا تۈزۈشكەن يېڭى پىلانىمىزنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يولغا قويۇۋاتىمەن. كۆپچىلىك ئىشلىتىدىغان

پىرەنىك قۇتىسىنى پۇتتۇرۇپ بولدۇق، سىنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىز ئۈچۈن بەئەينى قانۇن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە سەكسەن ساندۇق ياساپ چىقتۇق. بۇ پىلان بەك قالتىس ئىكەن. بۇنداق بولغاندا، ھەربىر بالىنىڭ قونچاقلىرىنى سالىدىغان ساندۇقى بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي نەرسىلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىغا ناھايىتى زور ياردىمى بار. بۇلارنى بۇرۇنراق ئويلىشىم كېرەك ئىدى. بىچارە جۇدى، بالىلارنىڭ قەلب ئىنتىلىشلىرىنى ھەقىقەتەن چۈشىنىدىكەنسەن، ئەمما مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدىكەنمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىم پۇشىدۇ. قارىغاندا، پەقەت ھېسداشلىقلا بولسا، ھەرگىز كۇپايە قىلمايدىكەن.

بىز دارىلئېيتامدىكىلەر كۆنۈپ كەتكەن كونا يوسۇنلارنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئەمما، بۇ خۇسۇسىي ساندۇقلار بولىدىكەن، ساندۇققا چاشقان، چار پاقا ياكى قۇرتقا ئوخشاش نەرسىلەرنى سالماسلىق ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك.

بېتسىيغا ئىش ھەققى قوشۇپ بېرەلىگىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن، ئۇ بۇ يەردە قېلىپ قېلىپ ئىشلەيدىغان بولدى. ئەمما، ۋىكوف ئەپەندى بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، تىنىماي سورۇشتۇرۇۋاتىدۇ. ئاخىر ئۇ ئىش ھەققى بولمىسىمۇ، بېتسىينىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئۇنى ئوبدان بېقىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ.

— سىزمۇ قانۇندىن ھەقسىز مەسلىھەت بەرمەيسىز. بېتسىي نېمىدەپ خالىس ئىشچى بولغۇدەك؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— بىز دېگەن خەير ـ ساخاۋەت ئاپپاراتى.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولغاندا، شەخسىي نەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار ئىش ھەققى ئېلىشى، ئومۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار ھەق ئالماسلىقى كېرەك ئىكەن ـ دە؟

— بىلجىرلىماڭ، ئۇ بىر ئايال بولغانىكەن، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار.

ئۇنىڭ بىلەن ئەسلا ئۇرۇشۇش نىيىتىم يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ-نىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى يانباغىرغا چۆپ ياتقۇزۇش ياكى شال پا-خىلى ياتقۇزۇش كېرەكلىكىنى سورىدىم. ها - ها، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن سوئال سورىشىنى بەكلا ياقتۇرىدىكەن ئەمەسمۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلۇغۋار نىشانىمىز بىلەن ئالاقىسىز بىرمۇنچە ئۇششاق ئىشلارنى سوراپ، ئۇنى خۇش قىلدىم. دوختۇرىمىز: «كېچەش ئەزاسى ئەپەندىلەر خۇددى ئىسكىرىپكىنىڭ تارىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنى خۇش قىلالىغۇدەك بولساق، تارنى بەك چىڭ تارتىۋەتمە-سەكمۇ ئىشلار يۇرۇشۇۋېرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. بۇنى مەن دارىلئىبتامدا ئۆگەنگەن. مەن ئۆزۈمنى سىياسىيونلارنىڭ سادىق ياردەمچىسى بولالايدىكەنمەن، دەپ قالغىلىۋاتىمەن.

(پەيشەنبە كەچ)

«بوكسچى»نى ئىككى مومايغا ۋاقىتلىق تاپشۇردۇم. مېنىڭچە، بۇ ئىشقا چوقۇم قىزىقىسەن. ئۇلار بەكمۇ سۆيۈملۈك، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بالا بېقىۋالغۇسى بار ئىكەن، ئەمما هازىرغىچە بىر قارارغا كېلەلمەپتىكەن. ئۆتكەن ھەپتە ئۇلار كەلدى، بىر ئاي بېقىپ قاراپ باقىدىغان بولدى. قانداقراق بوپتۇ؟

ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ چىرايلىق ھەم ئېسىل نەسەبلىك بالا باق-قۇسى بار ئىكەن. نەسەبى ئېسىل بالىلارنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەربىيىلەپ كېتەلەيدىغانلىقىنى، ئىتالىيىلىك ئىشچى ياكى كىر يۇغۇچى ئاياللارنىڭ بالىسىنى تەربىيىلىيەلىگەنلەرنىڭلا قالتىس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ، ئۇلارغا «بوكسچى»مىزنى تونۇشتۇر-دۇم. سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا نابۇرى قان سىس-تېمىسىنىڭ ئىرسىيىتى بار ئىدى. پەقەت مۇۋاپىق شارائىت بولسىلا، ئۇ مەشھۇر زاتلاردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بىر ئاي سىناپ كۆرۈش تەكلىپىنى بېرىۋىدىم، ئۇلار خۇشال-لىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئۇلار «بوكسچى»نى ئۆزگەرتىشكە تى-رىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى بېقىۋالمىغان تەقدىردىمۇ، باش-قىلار خۇشاللىق بىلەن بېقىۋالىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقـ-

ماقچى بولۇشتى. بۇ موماىلار بەكلا يۇمۇرلۇق ھەم ئۆزگە قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇنداق بولمىغاندا، خالىغانچە تەكلىپ بېرىشكە پېتىنالمىغان بولاتتىم. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش ئالاقانات «بوكسچى»نى بويسۇندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى. موماىلار چوقۇم ئۇنىڭغا ئۇ ئەزەلدىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان مۇھەببەت ۋە غەمخورلۇق ئاتا قىلىدۇ.

ئىككى موماي كونا پاسوندىكى ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئىتاليانچە گۈللۈكى ۋە يەنە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاللاپ ئەكەلگەن بېزەكلىرى بار ئىدى. ئەمما، بىر بۇزغۇنچى بالىنى مۇشۇنداق قىممەت بۇيۇملار بار ئۆيدە تۇرغۇزۇشنىڭ خەۋپى ھەقىقەتەن زور ئىدى. ئەمما، «بوكسچى» يېقىنقى بىر ئايدىن بېرى بىرەر نەرسىنىمۇ چېقىپ باقمىدى. ئىشىنىمەنكى، ئۇ بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىدىن زوق ئالالايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تېنىدە ئىتاليان قېنى بار ـ دە.

ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ بېزەپىلىكىدىن چۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ، موماىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم.

تۇنۇگۈن كەچ «بوكسچى» ھەشەمەتلىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۇرۇپ كەتتى. بۇ شۇمتەك بىلەن خوشلاشقاندا قىيالماي قالدىم، نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇنىڭغا كۆپ ئەجىر قىلدىم ئەمەسمۇ.

(جۇمە)

زەنجىر ـ ھالقىلارنى بۈگۈن ئەتىگەن تاپشۇرۇۋالدىم. كۆپ رەھمەت. سېتىۋېلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مېنىڭ زەنجىرىم سەن ئەۋەتكەن سىرغىغا ئەسلا يەتمەيدۇ. ساھىبخانىنىڭ مېھمانىنىڭ نەرسىسىگە مەسئۇل بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. سەيلۇنلۇقلاردەك ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى بۇرنىنى تېشىپ ئېسىۋالغانمۇ ياخشى ئىكەن، شۇنىڭدىلا، ھەممەيلەن كۆرەلەيدىكەن. بۇشنىڭ بۇ يەردە ئىجادىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋاتقانلىقىنى ساڭا چوقۇم دېمىسەم بولمايدۇ. ئۇ «جون گرىئېر بانكىسى» قۇرۇپ، بارلىق ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئېھتىياتچانلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن ماتېماتىكىدا ساۋاتسىز، ئۇنىڭ قىد-

لىۋاتقانلىرىنى ئازراقمۇ بىلمەيمەن. چوڭ باللارنىڭ ھەممىسى-
نىڭ بىردىن چىرايلىق چەك دەپتىرى بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىپا-
دىسىگە، مەسىلەن، مەكتەپكە بېرىش ياكى تاپشۇرۇق ئىشلەش دې-
گەندەك ئىشلاردىكى ئىپادىسىگە قاراپ، ئايدا بەش دوللارغا ئېرىشە-
لەيدىغان - ئېرىشەلمەيدىغانلىقى بېكىتىلىدىكەن. ئۇلار يەنە چەك
ئارقىلىق ئوقۇش، ياتاق، تاماق راسخوتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش
راسخوتى ئۈچۈن بەش دوللار تۆلەيدىكەن.

ئاڭلىماققا تولىمۇ بىمەنە تۇرسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ھەقىقەتەن
تەربىيىۋى رولى بار. بۇ، باللارنىڭ پۇل ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۇن-
ياغا قەدەم باسقۇچە، پۇلنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلىشىغا
تۈرتكە بولىدۇ. ئۆگىنىش ۋە ئىشتا مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار تېخى-
مۇ كۆپ پارچە پۇلغا ئېرىشەلەيدۇ. ھېساب خاتىرىلەشتىن بېشىم
ئاغرىپلا كەتتى، ئەمما بۇش ھېچ ۋەقەسى يوق، دەيدۇ. بۇ بىلەرمەن
ماتېماتىك بىزنىڭ باللارغا تولۇق ھوقۇقلۇق مەسئۇل بولۇشى-
مىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ ۋە ئۇلارنى مۇنەۋۋەر بوغالتىر قىلىپ تەر-
بىيىلەپ چىقالايدۇ. جېرۋىس قايسى بانكىسىدا قانداق خادىم كەم-
چىللىكىنى ئېيتىپ بەرسۇن، دارىلئېتامىمىزدا كېلەر يىلى مۇ-
شۇ چاغدا كارغا كەلگۈدەك دىرېكتور، خادىم ۋە كاسسىرلار ناھا-
يىتى كۆپ بولۇپ قالىدۇ.

(شەنبە)

دوختۇر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «دۈشمەن» دەپ چاقىرىشىنى
ياقتۇرمايدۇ. بۇنداق چاقىرىلسا، ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكۈدەك ياكى
شۇنداقراق بىر ئىش بولغۇدەك. ئەمما، مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي-
مەن. مېنىڭ جاھىللىقىمنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ماڭا «ماگنولىيە بول-
كىسى خېنىم» دەپ لەقەم قويۇۋالدى. ئۇ ئۆزى تاپقان بۇ كارامەت
لەقەمدىن ناھايىتى كۆرەڭلەپ كېتىدۇ تېخى. بىز يېقىنچە ئالاقى-
لىشىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدۇق. مەن ئىرېلاند تىلىدا، ئۇ
شوتلاند تىلىدا سۆزلەيدۇ. بىز مۇنداق سۆزلىشىمىز:

— خەيرلىك چۈش، دوختۇر، بۈگۈن ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، بالىلار قانداقراق؟

— ئۇلارمۇ ناھايىتى ياخشى.

— بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم. ھاۋا ئادەمنى ئەجەب قىيى-نىدى. بۇنداق بولىۋەرسە، بالىلار ئاسانلا كېسەل بولۇپ قالىدۇ.

— بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ھەرھالدا ياخشى، پەرۋەردىگارغا شۈ-كۈر. ئولتۇرۇڭ، دوختۇر، تۇزۇت قىلماڭ. چاي ئىچەمسىز؟

— بولىدۇ، ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، بىر ئىستاكان بېرىڭ.

— ھېچقىسى يوق، ئازراقمۇ ئاۋارىچىلىك ھېس قىلمايمەن.

ئېھتىمال، بۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، دەرسەن. ھۆددە قىلالاي-مەنكى، دوختۇر بىرى بىلەن ئەزەلدىن ئۇزاق پاراڭلاشمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ بەكلا ياخشى تۇرغىنى. نيۇيوركتىن قايتىپ كەلگىنىمدىن بېرى، ئىزچىل ھالدا دوختۇرنىڭ كەيپى چاغ، بىرەر ئېغىزمۇ قوپال سۆزلەپ باقمىدى. ئەمدى «بوكسچى»نى ئۆزگەرتكەندەك، دوختۇرنىمۇ ئۆزگەرتىدىغان پەيت كەلگەن ئوخشايدۇ.

خېتىم بەكلا ئۇزىراپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن بېرى ئۈستەل ئالدىغىلا كەلسەم، ئۇلاپ يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

سالليي ماكبىرد
پەيشەنبە

ئەسكەرتىش:

سەن ماختاپ ئۇچۇرغان ھېلىقى چاچ ئۆستۇرۇش يېلىمىنى جېيىن كۆرسەتمە بويىچە ئىشلەتمىگەنمۇ يا دورىگەر رېتسېپنى خا-تا تەڭشەپ قويغانمۇ، ئەيتاۋۇر، ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇراي دې-سەم، بېشىم ياستۇققا چاپلىشىپ قاپتۇ.

## 60

قەدىرلىك كولتون:

پەيشەنبىدىكى خېتىڭىز ماڭا بەك كۆلكىلىك تۇيۇلدى. سىز-

نى شۇنداق ئۈمىدسىزلەندۈرەرمەنمۇ؟ مېنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىمنى بىلىسىز. شۇنداق قىلماقچى بولدۇممۇ دەيلى، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالارمەن. راست، ئۈچ ھەپتىدىن بېرى سىزگە خەت يازماپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ.

قەدىرلىكىم، قېنى دەپ بېقىڭا، ئۆتكەن ھەپتە سىز نيۇيوركقا كېلىپ تۇرۇپسىزيۇ، بىزنى كۆرگىلى كەلمەپسىز. مېنى بۇ ئىشنى بىلمەي قالارمىكىن، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز، بۇ قىلىقىڭىزدىن نومۇس قىلدىم.

مېنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت جەدۋىلىم لازىممىدى؟ سىزگە دوكلاتلا قىلىۋېتەي: ھەر ئايدا كومېتىتقا خىزمەت دوكلاتى قىلىمەن، ھېساباتلارنى سېلىشتۇرىمەن. شتاتلىق خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ ئادەملىرىنى كۈتۈۋالىمەن. ئون كۈنلۈك تاماق تىزىملىكىنى ئالدىن تەييارلايمەن. بېقىۋالغۇچىلارغا خەت يازىمەن. ئەقلى ئاجىز لورىتتا خىگىنىسنى (كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ «ئەقلى ئاجىز» دېگەن سۆزنى ياقتۇرىدىغان - ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن) دوستلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ، ئىش قىلىشنى ئۆگىتىمەن، ئاندىن قايتىپ كېلىپ چاي ئىچىمەن. دوختۇر بىلەن تۈبېركۇليوز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بالىلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىش ئىشى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىمەن. دارىلئېتام بىناسى ۋە چاسىنىڭ ئۆي سېلىش ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى ئوقۇيمەن. مۇمكىن بولسا، سىزنىڭ مىلاد بايرىملىق بىر كىچىك ئۆي سوۋغا قىلىشىڭىزنى تىلەيمەن. كەچ سائەت توققۇزدىن كېيىن كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ تۇرۇپ، سىزگە خەت يازىمەن. بىلمىدىم، قايسى قىزنىڭ كۈنلىرى مۇشۇنداق قاتىلاڭكىن؟

يەنە بار، بۈگۈن يەنە ئاشپەز يەڭگۈشلىدىم. سالليېنىڭ ئاشپەزلىك ماھارىتى يۇقىرى بولسىمۇ، مىجەزىنىڭ ئۇساللىقى، غەيرىيلىكى ئادەمنى چۆچۈتىدىكەن. نوئا ئۇنىڭدىن قورقۇپ قازان بېشىغا يولىماس بولدى. بىراق، بىز نوئادىن ئايرىلىپ قالساق

بولمايدۇ. ئۇ ئەڭ ماھىر پار قازىنى ئىشچىسى، ئۇنىڭ دارىلئىپ-
تامدىكى رولى كەمىنە مۇدىرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا، نا-
ئىلاج سالليېنى قۇربان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

يېڭى ئاشپەزنىڭ ھۈنىرى سالليېنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدى-
كەن. ئەپسۇس، سىز سالليې بار چاغدا كېلىپ باقمىغان. ناۋادا
ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىغا ئېغىز تەگكەن بولسىڭىز، مېنىڭ باش-
قۇرۇش سەۋىيەمگە قايىل بولماي تۇرالمايتتىڭىز. يېڭى ئاشپەز-
نىڭ ئىسمىنى سورىسام، دوستلىرى ئۆزىنى «قوزام» دەپ چاقى-
رىدىغانلىقىنى، ئىسمىنىڭ سۇزان ئېستېللا ئىكەنلىكىنى دەپ
بەردى.

يازغانلىرىم ئۆتكەن ئىككى كۈندىكى ئىشلار، ئۇ كۈنلىرى
مەن يېزىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

يېپيېشقاق لاي ئەۋەتكىنىڭىزگە رەھمەت، بۇ بەك ئالاھىدە
سوۋغات بولدى، بۇرۇنراق رەھمەت ئېيتسام بولاتتى. ساندۇقنى
ئاچتىم ـ دە، ئاھ، لاينى ئېلىپلا، سىنگاپوردىن بىرنى ياسىۋەت-
تىم. باللار بەكلا خۇش بولۇشۇپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قول ھۈنەر
مەشقىگە بەكلا پايدىلىق.

مەن ئامېرىكا تارىخىنى تەتقىق قىلىۋېتىپ، بىردىنلا زۇڭ-
تۇڭ بولۇش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قى-
لىشتىن باشلاش كېرەكلىكىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەر-
دىكى ھەربىر ئىشقا نومۇر بەلگىلەپ، باللارنى نۆۋەت بىلەن
مەسئۇل قىلدىم. ئۇلار بىر ئىشنى ئۆگىنىپ بولسا، يەنە بىر
ئىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ماسلىشالماسلىقى، ھەتتا ئىشلار-
نى قاملاشتۇرالماسلىقى مۇمكىن. بىراق، لېپ خانىمنىڭ ئۇسۇلى
بويىچە بولغاندا، باللار ئۆمۈر بويى بىرلا خىل ئىشنى قىلاتتى.
بۇنداق بولغاندا، ئاددىي ھەم تېجەشلىك بولىدۇ. فلورىنس خېنىم-
نىڭ دارىلئېتامدا يەتتە يىل ئىشلەك تۇتقۇچىنى سۈرتكەنلىكىنى
ئويلىسام، قۇسقۇم كېلىدۇ.

شۇڭا، لېپ خانىم ئېسىمگە كەلسىلا، غەزىپىم تاشىدۇ. ئۇنىڭ

«تامانئىستلار جەمئىيىتى»دىكى ئاشۇ بىر توپ چىرىك، قابىلى-يەتسىز ئەبلەخلەردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئۇنىڭدا ھەتتا زەررى-چە بۇرچ تۇيغۇسىمۇ يوق ئىكەن. ئۇ دارىلئېتامغا تايىنىپ ئاسانلا كۆن ئۆتكۈزەلىگەچكە، بۇ يەرگە قىزىقىپ قالغان، خالاس.

(چارشەنبە)

دارىلئېتامدا قانداق يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلغانلىقىمنى تېپىپ بېقىڭا، باللارغا داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئۆ-گىتىمەن.

ئىلگىرى باللارغا تاماق يېگۈزۈشنىڭ بۇنچىلىك قىيىنلى-قىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. ئۇلار خۇددى مۈشۈككە ئوخشاش ئاغزىنى تەخسىگە تىرەپ تۇرۇپ، تەخسىنى يالايدىكەن. مېنىڭچە، لېپ خانىم ئىلگىرى باللارنى كۆندۈرۈۋېتىكەن، ياخشى يوسۇن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ زىننىتى ھېسابلىنىدىغان ھېلىقىدەك ئىشلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋە باشقىلارغا يېقىشلىق سۆز ـ ھەرىكەتتە بولۇشتۇر. شۇڭا، باللار ياخشىراق ئۆگەنمىسە بولمايدۇ.

لېپ خانىم باللارنىڭ تاماق ئۈستىلىدە سۆزلىشىگە يول قويمىغانىكەن. شۇڭا، باللار تاماق ۋاقتىدا كۈسۈرلىشاتتى. مەن بۇنىڭغا چىدىمايلا قالدىم. مەن بارلىق خىزمەتچىلەرنى تاماق يەۋاتقاندا باللارغا ھەمراھ بولۇشقا، شۇنداقلا ئۇلارنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن پاراڭلىشىشقا يېتەكلەشكە ئورۇنلاشتۇردۇم. بىز يە-نە باللارغا داستىخاندىكى قائىدىلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، مەخ-سۇس ئۈستەل تەييارلىدۇق. مەشىق بىر ھەپتە داۋاملىشىدۇ. بىز-نىڭ مەشىق جەريانىمىزغا قاراپ بېقىڭ:

«شۇنداق، توم، ناپولېئون بوناپارت بىر ئۇلۇغ شەخس ــ بە-لىكىڭنى ئۈستىگە ئېلىۋالما ــ ئۇ زېھنىنى ئۆزى ئويلاۋاتقان ئىشقا مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدى-كى سىرى ــ تالاشمىغىن، سۆزان، ئەدەپلىكرەك بول، بولكا قو-

شوپ بىرىلسە، كارىرى ساقىمۇ بىرىدۇ — ئەمما ئۇ ناھايىتى شەخسىيەتچى، باشقىلارنى ئويلىمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاخىردا مۇقەررەر مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى — تام، تاماقنى چايىنىغاندا، ئاغزىڭنى يۇمۇپ چاينا — ۋاتتىرلو جېڭىدە — سادىنىڭ پىرەنسىكنى ئىلىۋالما! — ناپولېئون ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى — سادى، سەن كەتسەڭ بولىدۇ — قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ پايدىسى بولمىغان — باشقىلار سەن بىلەن قېرىشمىسۇن، قىزلار باشقىلارنىڭ ئاغزىغا ئۇرسا بولمايدۇ.»

بۇ خەتمۇ خۇددى جۇدىغا يازغان خېتىمدەك ئۆزىراپ كەتتى. قەدىرلىكىم، بۇ ھەپتە مېنى سېغىنماپتۇ، دەپ رەنجىپ قالمىغانسىز؟ بىلىمەن، بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئاڭلاشتىن بىزارسىز. ئەمما، بۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇم، بۇنىڭغا نە چارە دەيسىز. ھەتتا گېزىت ئوقۇغۇدەك ۋاقتىممۇ يوق، ئىلگىرىكى قايناق دۇنيا بىردىنلا مەندىن يىراقلاپ كەتتى. ھازىر پۈتۈن كەچمىشلىرىم مۇشۇ تۆمۈر ۋادەكىنىڭ ئىچىدە.

ھازىرقى جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسىنىڭ مۇدىرى:

سالليې ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

شەنبە

## 61

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

«ۋاقىت — مېنىڭ قارماق تاشلايدىغان ئېقىنىم.» بۇ سۆز نەقەدەر دانا، نەقەدەر پاساھەتلىك - ھە! بۇ سورىئاۋنىڭ سۆزى. يېقىندىن بېرى مەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن. سىزگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىغىلى نەكەم. ھازىر «ۋالدېن كۆلى»نى كۆرۈۋاتىمەن. بۇ كىـ

تابىنىڭ دارىلئېتام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئىلگىرى
سىز ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ مېنىڭچە، كۆرۈپ باق-
سىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭ سىزگە ئوخشايدىغان يەرلىرى بار ئىكەن.
ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قاراڭ: «مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئالا-
قىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، كىشىلەرنىڭ قىسقا مەزگىللىك
ئۇچرىشىشلىرى ئۆزئارا ھېچقانداق يېڭى قىممەت ئەكېلەلمەيدۇ.
بىرەر يۈز چاقىرىم ئەتراپتا ھېچكىم بولمىسا، بۇنداق جايدا تۇ-
رۇش تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟» ئۇ ماڭا بىر ئادەمنى، يەنى سىز
«شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نى ئەسلەتتى. ئۇ چوقۇم كۆكسى ـ قار-
نى كەڭ، مېھرىبان ئادەم.

بۇ خەت ئارقىلىق سىزگە بىراۋنىڭ بۇ يەرگە زىيارەتكە كې-
لىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىدىم. ئۇ بېقىۋالغۇچى تەرەپنى
ئىزدەيدىغان ئايال ئىكەن، توماس كارلو ۋە باشقا ئۈچ بالىغا ئۆي
تېپىپ بەرمەكچىكەن. سىزنىڭچە، بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلساق
بولارمۇ؟ ئۇ بالىلارنى كونىپكتىكوت شتاتىدىكى بىر قىشلاققا ئو-
رۇنلاشتۇرماقچىكەن.

توماس دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرىدۇ، ئۇمۇ تىرىشىپ ئىش-
لەپ، تۇرمۇشىغا كېتەرلىك خىراجەتنى تېپىشى كېرەك. ئاڭلى-
ماققا بۇ خېلى يامان ئەمەس ئىشتەك بىلىنىدۇ. بىزمۇ ئۇنى مەڭ-
گۈ دارىلئېتامدا ئېلىپ قالالمايمىز. ھامان بىر كۈنى ئۇنى كەيپ ـ
ساپالىق دۇنياغا قويۇپ بېرىدىغان گەپ. سائەت سەككىزدە كېلە-
لەرسىزمۇ؟ بېقىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى بىلەن يىغىن ئاچاي-
لى. بەك سەت بولدى، سىزنىڭ «روھىي بەرباتلىق كېسىلى»نى
ئوقۇشىڭىزغا دەخلى قىلدىم. ۋاقتىدا كەلسىڭىز تولىمۇ مىن-
نەتدار بولغان بولاتتىم.

ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

ساللىي ماكبىرد

پەيشەنبە

## 62

قەدىرلىك جۇدى:

بېتسىي ئۇقۇشماستىن بالا بېقىۋالغىلى كەلگەن بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا بىمەنە چاقچاقتىن بىرنى قىلدى. ئۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئوھىئو شتاتىدىن ماشىنىلىق كەلگەنىكەن. بۇ يەرلەرنى تاماشا قىلغاچ، بىر قىز تاللىۋالماقچىكەن. ھېلىقى بازارنىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلمەيلا قالدىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەك مۇھىم بازارمىش. ئۇلار لامپۇچكا ۋە ۋاس شىركىتىنىڭ پېيىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىكەن. شۇ بازاردىكى مۇھىم ئەرباب ئىكەن. ئۇ شۇنداق ئىشارەت قىلىپ قويسىلا، پۈتۈن بازار قاراڭغۇلۇقتا قالىدىكەن. بەختكە يارىشا، ئۇ ئىنتايىن ئالىيجاناب ئادەم بولغاچقا، شەھەر باشلىقى بولۇپ سايلىنىسەن دېسىمۇ، مۇنداق ئىشنى قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ خىش قۇرۇلمىلىق، ئۆگزىسىگە چوڭ تاشلار ياتقۇزۇلغان، ئۇستىدە ئۇچلۇق ئىككى مۇنارى بار ئۆيى بار ئىكەن. قورۇدا فونتان، بۇغا، يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بار ئىكەن. ئۇ بىزگە ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسەتتى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى سېمىز، يېقىشلىق كىشىلەر بولۇپ، چىرايىدىن دائىم كۈلكە يېغىپ تۇرۇشىدىن ياخشى ئاتا ـ ئانىلار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرى باققۇدەك بالىلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بىزنى خەۋەرلەندۈرمەيلا كەلگەنىكەن. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى كىرلەشكەن كېچىلىك كىيىملەرنى كىيىشكەن بالىلار بولدى. ئۇلار كارولىنىنى دەڭسەپ بېقىپ، كۆڭلىگە ياقمىدى بولغاي، ئەدەپ بىلەن رەھمەت ئېيتىپ، كېرەك بولغاندا يەنە ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى، نيۇيوركتىكى دارىلئېيتامغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن قارار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ساڭىمۇ ئايان، ناۋادا ئۇلار كارولىنىدىنمۇ مۇۋاپىقراق بىرىنى ئۇچراتسا، كارولىن-

غا پۇرسەت قالمايدۇ.

ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى. بىتسىي تەدبىر قوللانماقچى بولدى. ئۇ قىزغىنلىق بىلەن بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرىپ چاي ئىچكەچ، جىيەنىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەلگەن بىر بالىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار شەرقىي قىسىمدا ھېچكىمنى تونۇمايدىكەن، شۇڭا بۇنداق تەكلىپنى ئاڭلىسا ئەلۋەتتە خۇش بولىدۇ ـ دە. ئۇلار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن نيۇيوركقا قايتىشقا ئالدىرىدى. ئۇلار چۈشلۈك تاماققا ماڭغاندا، بىتسىي كارولىننى ماشىنىسىغا سېلىپ ئەكەتتى. ئۇ كارولىنغا چۆرىسىگە چىلتەك تۇتۇلغان چىرايلىق شىلەپە، ئاق ۋە سۆسۈن رەڭ ئارىلاش كۆڭلەك، سۆسۈن پايپاق ۋە ئاق ساپما ئاياغ كىيدۈرۈپ، سۇۋادان تېرەك ئاستىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. شۇ تاپتا، كارولىن بەئەينى گۈزەل ماي بوياق رەسىمنىڭ ئۆزى ئىدى. يېنىدا ئۇنىڭغا سۈت، بولكا ۋە ئويۇنچۇقلارنى سۇنۇپ بېرىشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن سوراپ كەلگەن بىر بالا باققۇچىمۇ تۇرغۇزۇپ قويۇلغانىدى. ھېلىقى ئەر ـ خوتۇنلار كىرىشىگە، كارولىن خۇشال ھالدا سالام بېرىۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قېلىشتى ـ دە، ئۇنى بېقىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ قىزنى ئىلگىرى كۆرگەنلىكىنى قىلچە خىيالىغا كەلتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، كارولىن بىردىنلا مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ، ئۈچلۈق مۇنارلىق قەسىرگە كىرىپ كەتتى.

شۇڭلاشقا، مېنىڭچە، قىزلارنىڭ كىيىم مەسىلىسىنى دەرھال ھەل قىلىش كېرەك. مەن ئىشقا ماڭاي.

قەدىرلىك خانىمغا ئەڭ ئالىي سالام يوللاپ:

ئەڭ ئىتائەتمەن، كەمتەر چاكىرىڭ:

سالليي ماكبىرد

17 ـ ئىيۇن

## 63

قەدىرلىك جۇدى:

دارىلئېتامدا كۆك چاقماق كىيىم ئەمدى كىيىلمەيدۇ. بۇ ئۇ-لۇغ كەشپىياتنى ئاڭلاپ چوقۇم خۇش بولغانسەن - ھە؟

يېقىندىن بېرى، بازاردىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتىم. مەن باشتىن - ئاخىر بۇ ھۆرمەتلىك قوشنىلىرىم ئاردىسىدا بىزگە ياردەم قىلىدىغانلار بار، دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. تونۇگۇنكى زىياپەتتە كىيىم لايىھىلەشنى بىلىدىغان بىر تۇل خانىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ ناۋادا ئالتۇن قوشۇق چىشلەپ تۇغۇلمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ چوقۇم ياخشى لايىھىلىگۈچى بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چىرايلىق قىزلارنىڭ سەت كىيىملەرنى كىيىۋالغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ شۇ ھامانلا ئۇلارغا كىيىم لايىھىلىگۈسى، لايىھىلىگەن كىيىمنى كىيدۈرگۈسى كېلىدىكەن. راستىنلا تۆگىگە مىنىپ، تۆگە ئىزدىگەندەك ئىش بوپتۇ.

مەن ئۇنىڭغا: «سىزگە ناھايىتى كۆرۈمسىز كىيىنگەن بىر توپ قىزنى كۆرسىتەي. سىزگە كىيىم لايىھىلىتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكۈم بار» دېدىم - دە، ئۇنىڭ تۇزۇت قىلىشلىرىنى كۇتمەيلا، ماشىنىغا تارتىپ ئاچىقتىم ۋە شوپۇرنى جون گرىئېر دارىلئېتامىغا ھەيدەشكە بۇيرۇدۇم. ئەڭ ئاۋۋال ئالدىمىزدا ئۇستۇبشى شېكەر قىيامىغا مىلىنىپ كەتكەن سادى كايت پەيدا بولدى. گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن بۇ بەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇستۇبشى شالتاق بولۇپ كەتسىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇ چاچلىرى سالۋارىغان، پۇتلىرى يالىڭاقسىز ھالدا مېھمانغا قولىنى ئۇزاتتى.

مەن سەل كۆرەڭلىگەن ھالدا، خانىمغا:

— بىزنىڭ سىزگە قانچىلىك موھتاجلىقىمىزنى ئەمدى چۇ-

شەنگەنسىز. قاراڭ، قانداق قىلىپ بۇ قىزنى چىرايلىق قىلىپ چىقالايمىز؟ — دېدىم.

— ئاۋۋال يۇيۇنسۇن، — دېدى لېۋۇرمور خانىم بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

بىز دەرھال كىچىك سادىنى مۇنچىغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، پايپاقلىرىنى كىيدۇردۇق. ئۇ يەنە ئىلگىرىكى يېتىم قىزغا ئايلاندى. لېۋۇرمور خانىم ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى.

ئەمەلىيەتتە سادى ئازراقمۇ سەت ئەمەس، ھەتتا تېخى چىرايلىق، قويۇق سىگان پۇرىقىغا ئىگە قارا كۆزەللەردىن ئىدى، قارىماققا ھېچقانداق جاپا تارتقاندەك قىلمايتتى. ئەمما، دارىلئېتامىنىڭ فورمىسى ئۇنى بەكلا كۆرۈمسىز قىلىۋەتكەنىدى.

لېۋۇرمور خانىم سادىغا خېلى ئۇزاققىچە جىممىدە تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— راست دەيسىز، قەدىرلىكىم، ئۇلار مېنىڭ لايىھەمگە موھتاج ئىكەن، — دېدى.

بىز شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا پىلاننى بېكىتىپ چىقتۇق. ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى «كىيىم – كېچەك جەمئىيىتى»مىزنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇ يەنە ياردەملىشىدىغانلىغا ئۈچ ئادەم تاپىدىغان، يەنە بىزنىڭ بۇ يەردىكى تىككۈچىلىك ھۈنىرى يامان ئەمەس، ئۇبدان مەشىقلەندۈرۈلگەن قىزلاردىن يىگىرمە نەچچىنى ۋە بىزنىڭ تىككۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، دارىلئېتامدىكى تىككۈچىلىك ماشىنىلىرىدا باللار ئۈچۈن يېڭى كىيىم تىكىدىغان، خەير – ساخاۋەت ئاپپاراتىمۇ بىزنى قوللايدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، بىزمۇ لېۋۇرمور خانىمنى ھۈنىرىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدۇق. ئۇنىڭدەك تالانت ئىگىسىنىڭ بولغىنى بەكلا ياخشى بولدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەتىگەندە ئويغىنىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي تۇۋلاپ كېتىپتىمەن.

ساڭا دەيدىغان يەنە بىرمۇنچە خۇش خەۋەر بار، ئۇلارنى يەنە

بىر پارچە خېتىمدە يازاي، ھازىرچە بۇش بۇ خەتنى پوچتىغا سې-لىۋېتىپ تۇرسۇن. ئۇ ئۆرە ياقىلىق مۇراسىم كىيىمى كىيىپ، سەھرا كۇلۇبىغا بارىن دانس ئۇسسۇلىنى كۆرگىلى تەييارلاندى. مەن ئۇنى بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرەلەيدىغان چىرايلىق قىزدىن بىرنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. ئۆزۈمنىڭ بارغانسېرى ھىيلى-گەرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بايقاۋاتىمەن. كىم بىلەن پاراڭلى-شاي، بۇ ئادەم دارىلئېتامىمىز ئۇچۇن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بې-رەلەيدۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلىمەن. بۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئە-مەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ بىر قىلتاق، ناۋادا ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا مۇشۇنداق ئىشلەۋەرسەم، چوقۇم بۇ يەردىن ئايرىلغۇم كەل-مەي قالىدۇ. بەزىدە ئۆزۈمنى چاچلىرى ئاقارغان، چاقلىق ئورۇن-دۇقتا «جون گرىئېر دارىلئېتامى»دىكى تۆتىنچى ئەۋلاد يېتىملار-نىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان موماي ھالىتىدە تەسەۋ-ۋۇر قىلىمەن.



كىيىم - كېچەك تەقسىماتى

ئۇ ھالغا چۈشۈشتىن بۇرۇن مېنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەيسەن.

سەممىيلىك بىلەن:

ساللىي ماكبىرد

## 64

قەدىرلىك جۇدى:

تۇنۇگۈن سەھەر، ئىككى ئەر ماشىنىلىق ھېچقانداق شەپىسىزلا دارىلئېيتامغا كېلىپ، بىر كىچىك قىز، ئىككى ئوغۇل بالا ۋە ئۇلارنىڭ ياغاچ ئېتى، ئويۇنچۇق ئېيىقىنى دەرۋازا ئالدىدىلا بىزگە بېرىپ كېتىپ قالماقچى بولدى.

ماشىنىلىق كەلگەن ئۇ ئىككى ئەر سەنئەتكار ئىكەن، ھېلىقى ئۈچ بالا يەنە بىر سەنئەتكارنىڭ بالىلىرى ئىكەن. ئۇ ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۇلار بالىلارنى بۇ يەرگە ئەكەلگەنىكەن. ئۇلار جون گرىئېر دارىلئېيتامىنىڭ نامى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىنىدىكەن، باشقا دارىلئېيتاملارغا ئوخشىمايدىكەن دەپ قاراپ، ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا بالىلارنى بۇ يەرگە ئەكەلگەنىكەن. دارىلئېيتامدا نۇرغۇن رەسمىيەتنى بېجىرىش كېرەكلىكىنى، ئەكېلىمەن دەپلا ئەكېلىپ قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاشماپتۇ.

ئۇلار يەنە دارىلئېيتامىمىزنىڭ بالىلارغا توشۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەم ھەيران بولدى، ھەم كۆڭلى يېرىم بولدى. مەن ئۇلارنى ئاۋۋال ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردىم. بالىلارنى سەبىيلەر باغچىسىغا ئاپىرىپ، ئۇلارغا يېگۈدەك نەرسە بېرىشكە بۇيرۇپ، بۇياقتا ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم.

بالىلارنىڭ شوخ كۈلكىسى ياكى سەنئەتكارلارنىڭ خىسلىتى ئازدۇردىمۇ، نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەيمەن، سۆھبەتتىن كېيىن، بالىلار دارىلئېيتامدا قالدى.

ئاللىبگرانى، يەنى سەنئەتكارنىڭ كىچىك قىزىدەك يايراپ كۈ-لىدىغان قىزنى ئىلگىرى ئۇچرىتىپ باقمىغانىكەنمەن، بۇنداق چىرايلىق ئىسىملارمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. ئۇ ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن، گەپ قىلىشى ناھايىتى قىزىق ئىدى. ئائىلىسىدى-كى تراگېدىيىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى قىلچە سەز-مىگەنلىكى كۆلۈپلا تۇرۇشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، يەتتە ياشلىق دون ۋە توققۇز ياشلىق كلىففورد ئىسىملىك ئىككى ئا-كىسىنىڭ كۆزلىرىدىن مىسكىنلىك يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار تۇر-مۇشنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەندەك قىلاتتى. با-لىلارنىڭ ئانىسى باللار يەسلىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، قىزغىنلىقى ۋە بويىقىدىن باشقا ھېچقانداق ۋەجى يوق رەسسامغا ياتلىق بولغانىكەن. رەسسامنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىنتايىن قابى-لىيەتلىك، دېيىشىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ بىلىمىنى قويۇپ تۇرۇپ، زاكا يۇيۇشىغا، سوت پاراشوكى سېتىۋېلىشىغا توغرا كەپتۇ. ئۇلار ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان بىر رەسىمخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا رەخت تار-تىپ قويۇپ تاماق ئېتىدىكەن، باللار جاھازلارنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايدىكەن.

ئۇلار نامرات بولسىمۇ، ئورتاق ھەۋەس ۋە يۇكسەك غايىگە ئى-گە بولغاچقا، ئائىلىدىكى مېھىر - مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئۇلار-نىڭ شادلىقى ئىكەن. ئانىسى باللارنى تەربىيىلەشكە كۆپ ئەجىر قىلغان بولۇپ، ئۇلار تولىمۇ ئەدەپلىك ئىدى. بۇ باللاردىكى خاراكتېرنى سىڭدۈرۈشكە ھەرقانچە تىرىشقان بولساقمۇ، ئۇنى دارىلئېتامىمىزدىكى باللاردىن تاپقىلى بولمايتتى. بۇنداق ئېسىل خاراكتېر دارىلئېتامىمىزدا بەكلا كەم ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئانىسى ئاللىبگرانى تۇغۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. رەسسام ئاتا مۇشەققەت ئالدىدا ئىككى يىل جاپالىق تى-رىشىپ، بىر ياقتىن رەسىم سىزىپ، بىر ياقتىن ئېلان ئىشلەپ ياكى باشقا ئىشلارنى قىلىپ باللارغا قاراپ، ئائىلىسىنى ئاران قامداپتۇ.

ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى، ئۇ زىيادە جىددىيلىشىش ۋە چارچاشتىن ئۆپكىسى يۇقۇملىنىپ، ساينىت ۋىنسون دوختۇرخانىسىدا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. رەسسامنىڭ دوستلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق بىساتىنى سېتىپ قەرزلىرىنى قايتۇرۇش ۋە ياخشىراق دارىلئېتام تېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىپتۇ. خۇداغا شۈكۈر، ئۇلار بۇ يەرنى تېپىپتۇ. مەن ئىككى رەسسامنى چۈشلۈك تاماققا تۇتۇپ قالدىم. ئۇلار نىمكەش شىلەپە كىيىشكەن، ۋىندىسور پاسونىدىكى بانتىك تاقىۋالغان بولۇپ، چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇلارغا ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەدە بەردىم. تاماقتىن كېيىن، ئۇلار نيۇيوركقا يۈرۈپ كېتىشتى. يۈك ـ تاقلار يەر ئاستى ئۆيىگە ئەچۈشۈلۈپ، قېلىن برېزېنت رەخت بىلەن ئوراپ قويۇلدى. ساقلاش ئۆيىدە يەنە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خەت ـ چەكلىرى قاچىلانغان بىر ساندۇق بار ئىدى. ئۇلاردىن باشقا، بالىلارنىڭ چېھرىدىكى مەلۇم ئىپادىلەرنىمۇ ئاتا ـ ئانىلىرى مىراس قالدۇرغانىدى.

بۇ بالىلار كاللامدىن نېرى كەتمىدى. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە پۈتۈن بىر كېچە پىلان تۈزۈپ چىقىپتىمەن. ئوغۇل بالىلارنىغۇ بىر يولغا سالغىلى بولار، پىندلېتون ئەپەندى بولغاندىكىن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوبدان خىزمەت تاپالايدۇ. ئەمما، ئاللېگرا بېشىمنى قاتۇردى، ئۇنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشۇمنى بىلەلمەيلا قالدىم. بۇنداق ئېسىل بالىغا ئەڭ ياخشى ئاتا ـ ئانىنى تېپىش كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، ئۈچ قېرىنداش بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلسە، بەكمۇ رەھىمسىزلىك بولاتتى. ئاللېگرانىڭ ئىككى ئاكىسى ئۇنى كىچىكىدىن باقاتتىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىلىك قىلىقلىرىدىن ئاكىلىرى كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئۇلار دادىسىنى بەك سېغىنغانىدى. كىچىك دون كەچتە دادىسىغا خەيرلىك كەچ دېيەلمىگىنى ئۈچۈن، كارىۋىتىدا ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا، ئاللېگرا مەن ئۇچراتقان قىزلارنىڭ

ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك قىز ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈ-شى ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. شۇ تاپتا، بۇ «ۋىجدانسىز» كىچىك پەرىشتە دادىسىنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دەپ قال-غانىدى.

مەن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە قايتا - قايتا ئويلاندىم. ئۇلارنى بىر يولىلا دارىلئېيتامدىن چىقىرىۋېتەلمەيت-تىم، مۇشۇنداقلا ئېلىپ قېلىشقىمۇ چارە يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردىكى ھەربىر بالا ئانىسىنىڭ ئېمىتىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كىچىك جانلىقلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار يېتەرلىك مۇھەببەتكە ئېرى-شەلمەيدۇ. ساڭا دەيدىغان قىزىق ئىشلار نۇرغۇن ئىدى، بىراق ھا-زىر بۇ ئۈچ بالا قەلبىمنى ئىگىلىۋالدى.

بالىلار سېنى خۇش قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۇلارغا نۇرغۇن زېھنىڭنى سەرپ قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ.

ئىلگىرىكىدەك تۇرغان:

سالليې ماكبىرد
جۇمە

ئەسكەرتىش:

ئېسىڭدە بولسۇن، كېلەر ھەپتە مېنى كۆرگىلى كېلىسەن - ھە!

ئەسكەرتىش:

ھېلىقى مۇز تەلەت دوختۇرمۇ ئاللېگرانى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئادەتلەنگىنى بويىچە، ئاللېگرانىڭ بادامسىزنى تەكشۈرۈپمۇ يۇرمەستىن، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاھ، بۇ كىچىك جادۇگەر چوڭ بولسا قانداق بولۇپ كېتەركىن!

## 65

قەدىرلىك جۇدى:

ساڭا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۇسكۇنىلىرىمىزدىن ئەندىشە قىلماسلىقنى دېمەكچىدىم. دوختۇر بىلەن ۋىستىر ئەپەندى بۇ

ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىزنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىر-
لىرىمىزمۇ بەكلا قىزىق دېگىنە.

ئاۋۋال بالىلار كارىۋاتلىرىغا چىقىپ، ئۇخلىغان بولۇپ ياتى-
دۇ. ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغان ھامان
سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياغلىرىنى كىيىپ، يوڭ ئەدىياللارنى
دۈمبىلىرىگە ئارتىشىپ، كەينى ـ كەينىدىن زال ۋە پەلەمپەي ئا-
رىلىقىغا يۈگۈرۈپ چىقىشىدۇ.

ھەربىر ئىندىئان بالا يەتتە بوۋاقنى ئاچىقىشقا مەسئۇل. با-
لىلار ھاياجاندىن چىرقىرىشىپ كېتىشىدۇ. لەمپە ئۆرۈلۈپلا كەت-
مىسە، ئىندىئان بالىلارنىڭ قېلىپ قالغانلىرى داۋاملىق مال ـ
بىساتلارنى قۇتقۇزىدۇ. بوش قوماندانلىق قىلغان تۇنجى مانېۋىردا
ئون نەچچە كىيىم ئىشكاپى ۋە چامادان كىرلىككە ئورلىپ
سىرتقا تاشلاندى. ھېلىمۇ ياخشى، مەن مۇدىرلىق ھوقۇقۇمنى
يۈرگۈزۈپ، ياستۇق ۋە كىرلىكلەرنى بۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇل-
دۇرۇۋالدىم. كېيىن بۇ نەرسىلەرنى ئورنىغا قويۇشقا بىرنەچچە
سائەت ۋاقىت كەتتى. بوش بىلەن دوختۇرنىڭ بۇ ئىشقا پەرۋايى
پەلەك، غاڭزىلىرىنى چېشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

كېيىنكى مانېۋىرلاردا بۇنداق ئىشلار بولمىدى. ئەمما، بىز-
نىڭ ئالتە مىنۇت يىگىرمە سەككىز سېكۇنتتا بىنادىن قېچىپ
چىقىۋالغانلىقىمىزنى ساڭا خوش خەۋەر قاتارىدا يەتكۈزمەكچى-
مەن. بۇنى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىمىزنىڭ باشلىقى ۋىستېر ئە-
پەندىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

جېرۋىس ئىككىمىز كۆرگەن ھېلىقى بالىدىن باشقا، دارىل-
ئېيتامغا ئاللېگرادەك بالا كېلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ تومۇرىدا ئې-
قىۋاتقىنى چوقۇم پەرىشتىنىڭ قېنى. قارا، ئۇ قاتتىق قول دوخ-
تۇرىمىزنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇۋالدى. دوختۇر ھازىر ئۆزىگە
ئوخشىمايلا قالدى، ئۇ ئاللېگرا بىلەن قول تۇتۇشقىنىچە ئىشخا-
نامغا كېلىدۇ. گىلەمدە ئات بولۇپ ئاللېگرانى دۈمبىسىگە مىندۈ-
رۈۋېلىپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىشىدۇ.

قانداق خىيال قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟ دوختۇرنىڭ گېزىتىنىڭ ئارىسىغا «تۇپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئادەم» دەپ يېزىپ قىستۇرۇپ قويىماقچىمەن.

سالليې ماكبىرد

...

«شوتلاندىيىلىك ئەركەك» ئۇدا ئىككى ئاخشام كېلىپ، بىز بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇ بىردىنلا شۇنداق روھلىنىپ كېتىپتۇ. كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ يۇمۇر ئېيتىپ بەردى. يەنە پىئانىنو بىلەن شوتلاندىيە ناخشىلىرىدىن «سۆيگىنىمسەن قىزىل ئەتىرگۇل»، «باغرىمغا كەل»، «دېرىزە سىرتىدىكى نېمە، ئۇ نېمە؟» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ كەتتى.

مەن بىر چەتتە كۇلۇمسىرىگىنىمچە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئەسىرىمنى تاماشا قىلدىم. بىلىشىڭ كېرەككى، دوختۇردىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر مەن بەرگەن كىتابلارنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا كولتون، بۇش، جىمىدەك ئوچۇق ـ يورۇق ئادەملەرنى تونۇشتۇرغانلىقىمدىن بولغان. مېنىڭچە، بىرنەچچە ئايغا بارمايلا، ئۇنى شوخ ئادەمگە ئايلاندۇرالايمەن. مېنىڭ ئەپچىللىك بىلەن تەكلىپ بېرىشىم نەتىجىسىدە، ئۇ ھېلىقى سۆسۈن گالستۇكنى تاقىمايدىغان ۋە كۆك رەڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىدىغان بولدى. دائىم تومپىيىپ تۇرىدىغان يانچۇقىنى ئۆزگەرتەلىسەم، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ كېلىشكەن ئەرلەردىن بولۇپ قالاتتى.

خەير ـ خوش، جۇمە كۈنى سېنى كۈتىدىغانلىقىم ئېسىڭدە بولسۇن.

ئەسكەرتىش:

ئالليېگرانىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى ساڭا ئەۋەتتىم، بۇنى ۋىستېر ئەپەندى تارتقان، قارا، ئۇ نېمىدېگەن ئوماق ـ ھە! ئۇنىڭ ھازىرقى ئۇستۋاشلىرى گۈزەللىكىنى تېخى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغمۇ، باشقا باللارغىمۇ چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى كىيدۈرىمىز.

## 66

پېندلېتون خانىم:

خېتىڭنى كۆردۈم، ئېرىڭنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قالغاچقا، كېلەلمەي قالغانلىقىڭنى يېزىپسەن. قۇرۇق گەپ! ھەي، ئىككى كۈن ئايرىلغانغا ئۆلەرمىدىڭ؟!

دارىلئېيتامدىكى بىر يۈز ئون ئىككى بالىمۇ بىزنىڭ كۆرۈشۈشىمىزگە دەخلى قىلالمىغان، ئەجەبا، بىر ئەر ئۇچۇن ئۇنى بىكار قىلماقچىمۇ؟ جۇمە كۈنى سېنى ۋوگزالدا كۈتىمەن!

سالليې ماكبىرد

چارشەنبە

24 ـ ئىيۇن چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون

## 67

قەدىرلىك جۇدى:

گەرچە ئۇزاق تۇرمىغان بولساڭمۇ، سەندىن بەكلا مىننەتدار بولدۇم. دارىلئېيتامدىكى ھەممە نەرسىدىن ھاياجانلانغانلىقىڭ ھەم رازى بولغانلىقىڭنى ئېيتىۋىدىڭ، بۇنىڭدىن نەقەدەر خۇش بولدۇق ـ ھە! ئەمدى جېرۋىس بىلەن ئارخىتېكتورنى كۈتەلمەيمەن، مەن تۈزەشنى باشلىۋەتمەكچى.

قەدىرلىك جۇدى، سېنىڭ دارىلئېيتامدا چوڭ بولغانلىقىڭ، دارىلئېيتامدىكى بالىلارنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى شۇنداق ئېنىق بىلىدىغانلىقىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. بۇ قېتىم دارىلئېيتامغا كەلگىنىڭدە، بۇلارنى بىلىپ ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم ئىشىنەلمەيلا قالدىم. سەن شۇنداق مۇنەۋۋەرسەن، بالىلىق

چاغلىرىڭنى ئويلىسام ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، پۈتۈن دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئۇيغۇن جايغا ئايلاندۇرغۇم كېلىدۇ، كۆرەش ئىرادەم تولۇپ تاشىدۇ. قەدىرلىكىم، بۇ مېنىڭ قېنىمدا بارمۇ ـ نېمە؟

ئەمدى ئويلىسام، ناۋادا باشتىلا سەن ماڭا زامانىۋىلاشقان، تازىلىق ئۆيلىرى بار، ئوسكۇنىلىرى پاكىز، ئۆزى ئازادە، ھەممە نەرسىسى تەل دارىلئېيتامدىن بىرنى تۇتقۇزغان بولساڭ، چوقۇم بىكارچىلىقتا چىداپ بولالماي، پەشنى قېقىپ كېتىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. ھازىر دارىلئېيتامدىكى شۇنچە ئۇرغۇن ئىشنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، قېلىپ قېلىش قارارىغا كەلدىم. ئەمما، سەھەردە كۆز ئېچىپلا بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، بۇ يەردىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنى ئىشىتىپ تۇرۇپمۇ، ئۆز بەختىمگە، يۈقىرى قاتلامنىڭ راھەت تۇرمۇشىغا ئىنتىلىدىغانلىقىمغا كۆڭلۈمدە تەن بېرىمەن.

ھەممىنى قىلغان سەن، سۆيۈملۈك جادۇگەر، سېھىر قىلىپ مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدۇڭ. تۈن يېرىملىشىپ، سېھىر كۈچىدىن قالغاندا، بۇ يەردىن قېچىپ كەتكۈم كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن قېچىشنى قارار قىلىمەن، ئەمما كارىدورغا چىقىپ بىچارە بالىلارنى كۆرگىنىمدە، قايسىدۇر بىرى قولۇمنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، يالۋۇرغاندەك قۇچاقلىغىنىدا، ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باسىمەن. بۇرۇلۇپ باشقا بالىلارغا نەزىرىمنى ئاغدۇرغىنىمدا، ھەممىسىنى باغرىمغا باسقۇم، ئۇلار كۈتۈۋاتقان بارچىنى، مۇھەببەت، كۆيۈنۈشنى بەرگۈم كېلىدۇ. مەيلى قانچىلىك قارشىلىق قىلاي، يەنىلا قېچىپ كېتەلمىدىم. بالىلاردىكى غايەت زور سېھرىي كۈچ مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

سەن كېلىپ مېنى پەيلاسوپلاردەك خىياللارغا سالدىڭ. سېنى ئىككى ئىشتىن خەۋەردار قىلماقچىمەن: يېڭى فورمىلىرىمىز پۈتتى، بەكلا چىرايلىق. سەن ئەكەلگەن خىلمۇخىل تورتلارنى لې-

ۋىرمور خانىم بەكلا ياقتۇرۇپ قاپتۇ، ماشىنىچىخانىنىڭ ھەممىلا يېرى شۇ. يەنە بىر كېلىپ كۆرسەڭ بوپتىكەن. قىزلارنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىپ ئوتلاقتا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى خىيال قىلسام، مېھمانلارغا كۆزەينەك تاقاپ قويغۇم كېلىدۇ، بولمىسا ئۇلارنىڭ كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكۇدەك. ئەمما، ئۇڭۇش بۇ كىيىملەرنىڭ بىر كەمچىلىكى. لېۋىرمور خانىمنىڭ بۇنىڭغا پەرۋايى پەلەك، ئۇنىڭ بۇ تەرىپى ساڭا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قۇر فورمىلارنى تىكىپ، كۆك چاقماق كۆڭلەكنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ھەر ۋاقىت تەييار.

دوختۇرىمىزنى ياقتۇرغانلىقىڭدىن بىز بەكلا خۇشال. گەرچە ئۇنى دائىم زاڭلىق قىلساقمۇ، باشقىلار ئۇنى زاڭلىق قىلسا، كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولىدۇ.

بىز يەنە ئىلگىرىكىدەك بىر ـ بىرىمىزنى نازارەت قىلىپ، بەزى كىتابلارنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۆتكەن ھەپتە ئۇ ماڭا سىپىنسىرنىڭ «ئومۇمىي پەلسەپە» ناملىق كىتابىنى ئوقۇتماقچى بولۇۋىدى، مەن ماقۇل بولدۇم. ئەمما، جاۋابەن «مارىيە باسكرتنىڭ خاتىرىسى»نى ئۇنىڭغا بەردىم. ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا، مارىيەنىڭ سۆزلىرىنى پاراڭلىرىمىزدا نەقىل قىلغانلىقلىرىمىز ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇمۇ خېلى كۈچەپ، بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقتى.

بۈگۈن ئۇ ماڭا: «بۇ مەۋجۇت بولمىغان بىر خىل جاھىللىقنىڭ ئادىمىيلەشتۈرۈلگەن سىمۋولى، بىر خىل كېسەل ھالەتتىكى ئادىمىيلىكنىڭ رېئال خاتىرىسى ئىكەن. بىراق، سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىتابلارنى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم. تەلىيىمىزگە، بىزنىڭ ‹ماگنولىيە بولكىسى› خېنىمىمىز بىلەن باسكرت خېنىم ئوخشىمايدىكەن» دېدى.

بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چىرايلىق سۆزلىرى. دوختۇر مارىيەنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەنلىكىدىن مەن يەنىلا ناھايىتى تەئەججۈپلەندىم. ئېھتىمال ئۇنچىۋالا قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارىدىمۇ، ئۇنى «باسكرت خېنىم» دەپلا ئاتايتتى.

دارىلئىپتامىمىزدا بىر ناخشىچى ئايالنىڭ ئۇزۇن كىرپىك- لىك، ئەتىۋارلىق قىزى بار. ئۇ شۆھرەتپەرەس، شەخسىيەتچى ھەم ساختىپەز بولغاچقا، دوختۇر ئۇنىڭدىن بەكلا بىزار ئىدى. ئەمدى دوختۇر ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان سۆز تاپتى. دوختۇرنىڭ دې- يىشىچە، ئۇ بەكلا باسكىرتلىشىپ كېتىپتۇدەك. بۇ سۆز بىلەن قىزنىڭ بارچە ئالاھىدىلىكلىرى يىغىنچاقلاندى. دوختۇر تېزلا ئۇنى تىلغا ئالمايدىغان بولدى.

خوش، دارىلئىپتامغا يەنە كېلىشىڭنى قارشى ئالىمىز.


سالليي ماكبىرد

30 ـ ئىيۇن

ئەسكەرتىش:

شۇمتەكلىرىم ھېساباتىدىكى پارچە پۇللارغا كەمپۈت ئېلىپ يېيىشكە بەك ئامراق.

خەير ـ خوش، يەنە كېلىشىڭنى قارشى ئالىمىز.



## 68

قەدىرلىك جۇدى:

ساڭا دېسەم، ھازىر ھېلىقى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا نېمىنىدۇر كۆرگىلى كەتتى. ئۇلارنىڭ باشلىقى بىر ئاي ئىلگىرى دارىلئېتامىمىزغا كېلىپ بىزنى يوقلاپ كەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى، دوختۇر ساراڭلارغا كۈنسېرى قىزىقىپ، تاكى بېرىپ ئۇلارنى مالىمان قىلمىغۇچە بولدى قىلمىدى. بۇنداق ئادەمنى راستتىنلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى سورىسام، ئۇ: «زۇكامداپ قالغانلار تاماقنى كۆپرەك يېسۇن، قورسىقى ئاغرىسا، ئاچ يۈرسۇن. باشقا دوختۇرلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا ئىشەنمىگەيسىز» دېگەن گەپنىلا قىلدى.

دوختۇر ئون نەچچە شېشە بېلىق جىگىرى مېيىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، دارىلئېتامىنى تاشلاپ كەتتى. ھازىر ئۆزۈمنى ناھايىتى ئەركىن، يۈرىكىم يوغىناپ كەتكەندەك سېزىمەن. چۈنكى، ھېلىقى قاتماللىقنىڭ يېتىملەشلىرىدىن قۇتۇلدۇم، ھەي، قانداق مەردانە ئىشلارنى قىلمۇۋېتىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

سالليې ماكبىرد

سەيشەنبە كەچ

## 69

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

مەن بۇ يەردە ئالدىراشچىلىقتا ئۆلەي دېدىم، سىز بولسىڭىز ساراڭلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتىسىز. ئادەمنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردىڭىز. تېخى سىزنىڭ كونا كېسىلىڭىزنى ساقايتتىم،

دەپ يۇرۇپتىمەن، سىز يەنىلا ئاشۇنداق كېسەل نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز. ئەمما، يېقىندىن بېرى سىز ئادەمگەرچىلىكنى خېلى ئۇقۇپ قالدىڭىز.

سىز ئۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىسىز؟ سىز پەقەت ئىككى كۈندىلا رۇخسەت سورىغان، ھازىر كەتكىنىڭىزگە تۆت كۈن بولدى. تۈنۈگۈن چارلېز مارتىن دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشى يېرىلىپ كەتتى. نائىلاج ئۇنى سىرتتىكى دوختۇرنىڭ يېنىغا ئاپاردۇق، بەش يىپلىق تىكتى. چارلېز بىزگە چوڭ ئاۋارىچىلىك بولمىسىمۇ، بىراق بىزنىڭ باشقىلارغا تايانغۇمىز يوق. ناۋادا ئۇمۇمنىڭ ئىشى ئۇچۇن سىرتقا چىققان بولسىڭىز، سىزگە ھېچنېمە دېمەيتتىم. بىراق، سىز ئاشۇنداق ئادەملەر توپىدا تۇرسىڭىز، تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىسىز، ئادىمىيلىك بىلەن ھايۋانىيلىقنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقىغا ئىشىنىپ قالىسىز، مەنمۇ سىزنى خۇش قىلىشقا چارىسىز قالىمەن.

ئۇ ساراڭلاردىن نېرىراق تۇرۇڭ، ئۇلار خام خىياللىرىنى ئۆزلىرى قىلىشسۇن. تېزرەك كېلىڭ، دارىلئېتام سىزگە موھتاج.

ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ:

دوستىڭىز ھەم چاكىرىڭىز:
سالليي ماكبىرد
جۈمە
جون گرئېر يېتىملار ئائىلىسى

ئەسكەرتىش:

شېئىرىي تۇسكە ئىگە بۇ خاتىمىنى ياقتۇرامسىز، ياقتۇرمامسىز، بىلمەيمەن. بۇ روبېرت بۇرنسىنىڭ شېئىرى. سىز يوق چاغلاردا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانىدىم. سىزدەك شوتلاندىيىلىك دوستۇمنى ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەرىپلەپ قويدۇم.

## 70

قەدىرلىك جۇدى:

دوختۇر مۇشۇنداقلا يوقلىماپ كەتتى، قايتىپمۇ كەلمىدى، خەۋەرمۇ بەرمىدى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىش ــ كەلمەسلىكىنى بىلەلمىدىم. ئۇ بولمىسىمۇ، بىز يەنىلا خۇشال ئۆتمۈۋېرىمىز.

تۈنۈگۈن «بوكسچى»نى بېقىۋالغان ھېلىقى ئاق كۆڭۈل مومايلارنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماق يېگەنىدىم، بۇ بالا بەكلا ئەركىن كۆرۈندى، قولۇمدىن يېتىلەپ يۈرۈپ، گۈللۈكنى، ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان كۆك مونچاقلىق كەترەننى كۆرسەتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، شوتلاند خوجىدار ئۇنى خۇددى شاھزادىلەرنى كۈتكەندەك كۈتۈپ، سالفېتكا تاقىشىغا ياردەملەشتى. ئارقىدىن كۆتۈرۈپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. «بوكسچى»مىز خىيۇستون كوچىلىرىدىكى گەمىدە تۇغۇلغان. نېمىدېگەن قىزىق ــ ھە!

تاماقتىن كېيىن، ئايال خوجايىن يېقىنقى ئىككى ھەپتىدىن بېرىقى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، ھەتتا خوجىدارمۇ بۇنداق تەپسىلاتلارغا دىققەت قىلماي بولالمىغانىدى. ئۇ قارىماققا كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان موماي. كۆڭلىرى گەرچە تىنچ بولسىمۇ، «بوكسچى» ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى شادلىققا چۆمدۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى تېخى كىتاب يازماقچىكەن. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ھېچبولمىغاندا ياشىغىنىمنىڭ ئازراق مەنىسى بار بولدى» دېدى.

كەچ سائەت ئالتىدە خون سېيرۇس كەلدى. مۇراسىم كېيىمى كىيىپ، لېۋېرمور خانىمنىڭ ئۆيىگە تاماققا بېرىشقا جابدۇنغىنىمنى كۆرۈپ، ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن لېپ خانىمنىڭ بارلىق زېھنىنى خىزمەتكە قارىتىدىغانلىقى، ئىجتىمائىي ئالاقىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە زورۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلا قارا نى-

يەتلەردىن ئەمەسمەن، بىراق ئۇنى كۆرسەملا، تاشقا باغلاپ سۇغا چۆكتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ. بولمىسا، ئۇ يەنە لەيلەپ چىقىۋالىدۇ.

سىنگاپور ساڭا سالام يوللىدى. مېنىڭ يېنىمدا بولمىغاچقا، ئۇ ھازىر ناھايىتى خۇشال. ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا دەرد كەلدى. قايسى ئوسال شۇمنىڭ قىلىقىكىنتاڭ، ئۇنىڭ تۈكىنى ئېگىز - پەس قىلىپ قىرقىۋېتىپتىكەن، گۆشلىرى كۆرۈنۈپ، خۇددى تەمرەتكىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ. سادى كايتىنىڭ قىرقىش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى ئىدى. ئەمما، ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا، دېلو يۈز بەرگەندە، ئۇ قولىدا بىر ئورۇندۇقنى تۇتقىنىچە سىنىپنىڭ بۇلۇ-ڭىدا ئويغا پېتىپ تۇرغانىكەن. سىنىپتىكى يىگىرمە سەككىز بالا ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدىكەن. ھازىر، سەن بەرگەن ھېلىقى چاچ چىقىرىش سۇيۇقلۇقىنى سىنگاپورنىڭ بەدىنىگە سۈرۈش سادى كايتىنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسى.

ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

سالليې ماكبىرد

6 - ئىيۇل



ئەسكەرتىش:

بۇ ۋىكوف ئەپەندىنىڭ يې-قىنقى سۈرىتى، ئۇنىڭ بۇرنىمۇ ھال تارتىپ تۇرد-دۇ. مەلۇم نۇقتىد-دىن ئېلىپ ئېيت-قاندا، ئۇ سۆھبەت-لىشىشكە بەك ماھىر.

# 71

قەدىرلىك جۇدى:

توپتوغرا ئون كۈندىن كېيىن «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» پەيدا بولدى. ئۇ ھېچقانداق چۈشەنچىمۇ بەرمىدى، كەيپى بەكلا ئوسال ئىدى، پەقەت ئاللېگرا بىلەنلا بىللە بولاتتى. خۇش قىلماقچى بولغان بولساقمۇ، ئۇ كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلمىدى. كەچتە ئۇ ئاللېگرانى ئېلىپ، تاماقنى ھۇجرىسىدا يەپ، سائەت يەتتە يېرىمدا ئاندىن چىقتى. ئۈچ ياشلىق بىر بالىغا نىسبەتەن بۇ بەكمۇ ئۇزاق ۋاقىت. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بىز چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغاچقا، نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق.

بۇش بەكمۇ ئوچۇق ـ يورۇق ئادەم، ئۇ بايىلا كەلدى، بىز باشتىن ـ ئاخىر ھېلىقى دىترويتلۇق قىز توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. پاراڭ جەريانىدا، ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتچان بولدى. ئۇ ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرلەيتتى. قىزنىڭ بۇش تۆلىگەن بەدەللەرگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇشىنى تىلەيمەن. ئەمما، بۇشنىڭ تەشۋىشىنى بايقاپ قالدىم، بۇ بەلكىم گۇمانىملا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىر ئالبومنى ئاۋايلاپ چىقاردى. ئىككى ۋاراق ئۆرۈگەندىن كېيىن، ھالقا تاقىغان، چوڭ كۆزلۈك، چاچلىرى پارقىراق بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ سۈرىتى كۆرۈندى. ئۇنىڭغا بەخت تىلىدىم، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدىم.

بەكلا ھەيرانمەن: ئەڭ ياخشى ئاياللار دائىم ناچار ئەرلەرنى تاللايدىكەن، ئەڭ ياخشى ئەرلەر دائىم ناچار ئاياللارنى تاللايدىكەن. بەلكىم بىر تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى يەنە بىر تەرەپنىڭ كۆزىنى باغلاپ، ئۆزئارا ئېھتىيات قىلمايدىغان قىلىپ قويىدىغان

ئوخشايدۇ.


دۇنيادا ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىنى كۆزىتىشتىنمۇ قىزىق ئىش بولمىسا كېرەك. مېنىڭچە، مەندە تۇغۇلۇشۇمدىنلا يازغۇچىلىق تالانتى بار. ئىنسان تەبىئىتىنى ئۇزۇن - كېسەل چۈشىنىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا شۇنداق مەپتۇن بولىمەن. بۇش بىلەن دوختۇر ئىككى قۇتۇپ. بۇشنىڭ كۆڭلىدىكىسى چېھرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايمەن. ئەمما، دوختۇر ئوخشىمايدۇ، ئۇنى خۇددى خەنزۇ تىلىغا ئوخشاش، چۈشىنىش ناھايىتى تەس. بەلكىم «قوش ياقىلىمىلىق خاراك-تېر»نى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ. مېنىڭچە، «شوتلاندىيىلىك ئەر-كەك»نىڭ خاراكتېرى ئۈچ ياقىلىمىلىق، بەزىدە كاجلىقى تۇتسا، گرانت تاشتىن پەرقى قالمايدۇ. بەزىدە بۇ گرانت تاشنىڭ تاۋى نازۇكلىشىپ كېتىدۇ، بەزىدە ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەملىشىپ، تولىمۇ سەۋرچان بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما، ئەمدىلا ياقتۇرۇشقا باشلىغىنىمدا، ئۇ يەنە ئۆز بېشىمچى، ھەتتا مەنمەنچى بولۇپ كېتىدۇ. پەرۋەردىگار، بۇ بەكلا بىغەرەز ئا-دەم ئىكەن.

مېنىڭچە، ئۇ ئىلگىرى ئازار يېگەن، بۇگۈنگىچە شۇ ئىشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان. ئۇ ئاغزىدا گەپ قىلمىۋاتقان بولسىمۇ، كاللىسىدا باشقا ئىشلارنى ئويلىسا كېرەك، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدۇ. بىراق، بۇ قارىشىمدا ئازراق بىر تەرەپلىمى-لىك بولۇشى، بۇ پەقەت ئۇنىڭ تۇراقسىز خاراكتېرى ھەققىدىكى پەرىزىم بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، ئۇ قوغلاپ يەتكىلى بول-مايدىغانلاردىن.

بۈگۈن ئاخىر شامال چىقتى. باللارنىڭ لەگلەك ئۇچۇرغۇسى بار ئىكەن. بۇنى توپتوغرا بىرنەچچە ھەپتە كۈتكەنىدۇق. بۇ ياپو-نىيىدىن تارقالغان ئويۇن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لەگلەك ئۇچۇرغىلى بىزنىڭ شەرقىي يان قوشنىمىزنىڭ «بېرۇ قىياسى» دەپ ئاتىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ يۈگۈ-

روشتى. مەن بىرمۇنچە كاپشىپ يۈرۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ
خوجايىنىنى كىرىشىمىزگە رۇخسەت قىلىشقا ماقۇل كەلتۈردۈم.
بۇ جاھىل قېرى دارىلئېتامنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ناۋادا بۇ
يېتىم باللار بۇ يەردە ئوينىسا، بۇ يەرنىڭمۇ پاتلا چۆلدەرەپ كې-
تىدىغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى گويا جانغا
زامىن قوڭغۇزنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندەك چىقتى.

يېرىم كۈن سۆزلەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى دېھقانچىلىق مەيدا-
نىدا ئىككى سائەت ئوينىشىمىزغا ماقۇل كەلتۈردۇق. ئۇ بىزنىڭ
كاللار ئوتلايدىغان يەرگە ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ يولىماسلىقىمىز-
نى شەرت قىلدى، يەنە تېخى ۋاقىت توشۇشى بىلەنلا چىقىپ كې-
تىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇ باغۋەن، شوپۇر ۋە ئىككى ھارۋىكەشنى
چارلاش، نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئالايىتەن چاقىرىپ كەلدى. با-
لىلار ئۆزلىرىنى گويا لەگلەككە ئوخشاش ئاسماندا ئۇچۇپ خەتەر-
گە تەۋەككۈل قىلىۋاتقاندەك سېزىشەتتى، ئېچىلىپ - يېيىلىپ
ئوينىشاتتى، ئويناپ ھېرىپ، ھاسىرىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىشكىنى-



دە، نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بالىلارنىڭ يېشى چوڭ بولمىسىمۇ، بىر ـ بىرىدىن قېرى مىجەز. بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك تولىمۇ مۈشكۈل. ئۇلارنىڭ بۇنداق خاراكتېرىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىۋاتاتتىم. بۇ دۇنيا ئۈچۈن ھەرھالدا توغرا ئىشلارنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئىچىمدە خۇش بولاتتىم. ئەگەر جېنىمنىڭ بارىچە تىركىشىپ تۇرۇۋالمىغان بولسام، سەنمۇ مېنى ئاللىبۇرۇن يارامسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ بولغان بولاتتىڭ. ۋۇستېر شەھىرىنىڭ قايناق تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دارىلئېتامدىكى بىر يۈز ئون ئىككى بالا بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليي ماكبىرد
پەيشەنبە

ئەسكەرتىش:
توغرىسىنى دېسەم، ھازىر بىر يۈز يەتتە بالا بار.

## 72

قەدىرلىك جۇدى:

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى، ئىللىق شامال سوقۇپ، گۈللەر ئېچىلغان ئاجايىپ ياخشى كۈن ئىدى. مەن دېرىزە تۈۋىدە «نېرۋا سىستېمىسى تېببىي ئىلمى» ناملىق كىتابنى ئاچتىم. بۇنى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» يېقىندا ماڭا كۆرۈش ئۈچۈن بەرگەندى. كىتاب تىزىمدا، خىيالىم دېرىزە سىرتىدا قانات قاقاتتى. ئىچىمدە: «پەرۋەردىگارنىڭ دارىلئېتامىمىزنى ئېگىز يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزگە ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراققا نەزەر سالىدىغان پۇرسەت بەرگىنىگە شۈكۈر» دەپ ئويلايتتىم.

ئىلگىرى ئۆزۈمنى چەكلىنىپ تۇرغاندەك، خۇددى يېتىم با-

لىدەك ھېس قىلاتتىم. ئەمما، ھازىر نېرۋىلىرىمنى ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندۈرۈپ، بىر قېتىم تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ بېقىش قارا- رىغا كەلدىم. كۆز ئالدىمدا دۈردۈندەك يول تاكى تاغ جىلغىسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە سوزۇلۇپ، يەنە بىر تەرىپىدىن تاغ چوققىسىغىچە ئۆرلەپ باراتتى. بۇ يەرگە كېلىپلا، مەندە مۇشۇ يولنى بويلاپ تاغ چوققىسىغا چىقىش، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. قەدىرلىكىم، ئويلايمەن، بالىلىق دەۋرىڭدە چوقۇم مۇشۇنداق ئىنتىلىشلىرىڭ بولغان بولغىيدى. ناۋادا بىر بالا: «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە نېمە بار؟» دەپ سورىسا، مەن چوقۇم ماشىنا چاقىرتىپ ئۇنى ئېلىپ باراتتىم، قانداق بالا بولسا مەيلىدى.

ئەمما، ھازىر بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند، پەقەت مېنىڭ قەلبىملا سەرسان ئىدى. مەن ئۈزۈن يىپەك كۆڭلەكنى سېلىۋېتىپ، ئاددىيلا كىيىنىپ، ھېلىقى تاغقا چىـ- قىشقا تەييارلاندىم. غەيرەتكە كېلىپ، 505كە تېلېفون ئۇردۇم.

— خەيرلىك چۈش، ماككى خېنىم، دوختۇرنى چاقىرىپ قو- يۇشقا بولامدۇ؟ — دېدىم چەكسىز مۇلايىملىق بىلەن.

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، — دېدى قارشى تەرەپ ئاددىيلا جاۋاب بېرىپ.

— ياخشىمۇسىز، دوختۇر، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈچىمىز بارمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، يوق.

— تولىمۇ ئەپسۇس، — مەن بىرئاز ئۈمىدسىزلەندىم، — چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىز؟

— «تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»نى ئوقۇيمەن.

— قويۇڭ، ئۇنداق كىتابلار يەكشەنبىگە ماس كەلمەيدۇ. ما- شىنىڭىزنى ئىشلەتكىلى بولامدۇ؟

— بالىلارنى ئېلىپ شامالداپ كەلمەكچىمۇ؟ ئۇنداق بولسا، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن.

ـــ روھىي مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان بىرلا بالا بار، ئۇنىڭ تاغىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ باققۇسى بار ئىكەن.

ـــ بىر دەمدىلا بارىمەن، بەش مىنۇتمۇ كەتمەيدۇ، ماشىنام تۆ- پىلىككە چىقىشقا بەك باب كېلىدۇ.

ـــ توختاپ تۇرۇڭ، كىچىكرەك قازاندىن بىرنى ئېلىۋېلىڭ، بۇ يەردە ماشىنىنىڭ چاقىدىن كىچىكرەك قازانمۇ يوق، يەنە ماك- كى خېنىمغا كەچلىك تاماقتا كەلمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇڭ.

مەن بىر ئاز تورت، زەنجىۋىل پىرەنىكى، تۇخۇم، قەھۋە قاتار- لىقلارنى ئوراپ سېۋەتكە سالدىم، ئاندىن بالكونغا چىقىپ «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم.

دالىدىكى بۇ تەۋەككۈلچىلىكىمىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ، پانىي دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن خالىي ھالدا خۇشاللىق- تىن بەھرىمەن بولدۇق. ئۇنى كەڭ يايلاق، رەت - رەت مەجنۇن- تاللاردىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندۇرۇپ، «ساراڭ»لار ھەققىدە ئويلىنىد- شىغا قىلچە ئىمكان بەرمىدىم. بىز تاغ باغرىدا ساپ ھاۋادىن ھو- زۇرلانغاچ، قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى، سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى ۋە كالا پادىسىنىڭ قوڭغۇراق ساداسىغا قۇلاق سالدۇق. تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ يۈرۈپ، دارىلئېتامغا مۇناسىۋەتسىز نۇرغۇن تېمىدا پاراڭلىشىپ كەتتۇق. بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئۇنى ئالىملارچە تەپەككۇردىن يىراقلاشتۇرۇپ، كىچىك بالىلارچە پاراڭغا سالدىم. ئۇ راستىنلا شۇنداق قىلدى، تېخى بالىلاردەك قىلىقلارنىمۇ قىلىپ كەتتى. دوختۇر تېخى ئوتتۇز ياشقا بارمىغان بولسىمۇ، شۇنداق قېرى كۆرۈنىدىكەن.

بىز ئوتتۇن تېرىپ كېلىپ، كەڭرى بىر جايدا دالا تامىقى ئې- تىپ يېدۇق. كەچلىك تامىقىمىز بەك مول ئىدى. تۇخۇمغا ئازراق كۆل يۇقۇپ قالغان بولسىمۇ، ياغاچ كۆمۈرى زەھەرسىز. دوختۇر تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ، كۈن غەربكە ئولتۇرغاندا ئاندىن قايتتۇق.

بۇ «كىتاب خالتىسى» بۇ كۈننىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئەڭ

كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مېنىڭچە، بۇ راست، ئۇنىڭ ئاشۇ زەيتۇن يېشىل رەڭلىك ئۆيىنىڭ ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە ئازراقمۇ پايدىلىق يېرى يوق، شۇڭا ئۇ كۈنلىرىنى كىتاب دۆۋىسى ۋە تۈرلۈك تەجرىبىلەر ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن بىر ئازمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلمىدىم. خەپ، مۇۋاپىق بىرىنى تاپسىلا، ماككى خانىمنى دەرھال قوغلىۋېتىمەن. ئەمما، ماككى خانىم ستېررىيدىنىمۇ ئېشىپ چۈشۈشى مۇمكىن.

قەدىرلىكىم، مېنى بۇ غەلىتە مىجەزلىك، قورقۇنچلۇق ئالىمغا، يەنى بۇ «كىتاب خالتىسى»غا مەپتۇن بولۇپ قالدىمىكىن، دېمىگىن. بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇنداق مالىمانچىلىق ھەم پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا دوستلۇقىمىزنى ئىپادىلەپ، ئۇنى خۇش قىلغۇم، روھىنى كۆتۈرگۈم، بۇ دۇنيادىكى قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭمۇ نېسىۋىسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇم كېلىدۇ. بۇ خۇددى دارىلئېتامدىكى بالىلارنى بەزلىگىنىمگە ئوخشاشلا بىر ئىش، باشقىچە خىيالىم يوق.

ساڭا نېمىنى دېمەكچى بولغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. بۈگۈن كۈن بويى بوران چىقتى، بەك چارچاپ كەتتىم. ھازىر سائەتمۇ توققۇز يېرىم بوپتۇ، خەيرلىك كەچ.

سالليې ماكبىرد

ئەسكەرتىش:

بىرنەچچە ھەپتە بولدى، كولتون ئۇن ـ تىنسىز يوقاپلا كەتتى، كەمپۈت، قونچاقلىرىمۇ يوق. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟ ئىلگىرىكى مۇلايىملىقى، كۆيۈمى قېنى؟

## 73

قەدىرلىك جۇدى:

خۇش خەۋەر:

بۈگۈن «بوكسچى»نىڭ بېقىۋېلىنغانلىقىغا ئوتتۇز بىر كۈن

بولدى. ئۇنىڭ بىقىۋېلىنىش ۋاقتى توشتى، توختام بويىچە تېلېـ-
فون قىلىۋىدىم، مومايلار ئاچچىقلاپ ئۇنى قايتۇرۇشقا ئۇنىمىدى،
يەنە تېخى مېنى باغرى تاش ئىكەن، دەپ خاپا بولۇشتى. ئۇلار بار-
لىق زېھنىنى بۇ كىچىك «يانار تاغ»نى بويسۇندۇرۇشقا قارىتىپتۇ،
مەن بولسام توساتتىن ئۇلارنى بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشكە مەج-
بۇرلاپتىمەن. «بوكسچى»مۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، بۇ ياز-
نى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ.

كىيىملەر تېخى تىكىلىۋاتىدۇ، تىكىش ماشىنىلىرىنىڭ
ئاۋازىنى، كۆپچىلىكنىڭ خۇشال پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ باقساڭ
بولاتتى. بىچارە باللار بىردەمدىلا جانلىنىپ كېتىشتى. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان رەڭدىكى ئۈچ قۇر كىيىمىنى تاللا-
يالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا، قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكىنى-
نى دېمەيلا قوي، ھەممىيلەن شۇنداق روھلىنىپ كېتىشتى. با-
للارنىڭ تىككۈچىلىك سەۋىيىسىمۇ خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ،
ئون ياشلىق شۇمتەكلەرمۇ ماھىرلاردىن بولۇپ قالدى، ئوخشاش
ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشپەزلىك ماھارىتىمۇ ئۆستى. ئەمما،
بىزنىڭ ئاشپىزىمىزنىڭ ھېچقانداق تەربىيىلەش رولى يوق. ئويلاپ
باقە، بىرلا ۋاقىتتا، نەچچە يۈز باللىنىڭ ئاقلىشىغا يەتكۈدەك بە-
رەڭگىنى تەييارلاشنىڭ ئۆزىمۇ مۇشكۈل ئىش.

ساڭا باللارنى كىچىك ئائىلىلەرگە بۆلۈپ چىقىش ئارزۇيۇم-
نى ئېيتقانىدىم. ھەربىر ئۆيدە بىردىن ئانا بولىدۇ، ئۇلار چىراي-
لىق ئون ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئالدى ھويلىدا گۈل-
لۈك، توشقان ۋە مۈشۈكلەر بولىدۇ، ئارقا ھويلىدا كۆچۈك، چۈ-
جىلەر بېقىلىدۇ. شۇنداق قىلالىساق، بىز ئۆلگىلىك دارىلئېيتامغا
ئايلىنالايتتۇق. خەير — ساخاۋەت ئاپپاراتلىرىدىكى مۇتەخەسسىس-
لەرنىڭ زىيارەتلىرىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى قال-
مايتتى.

(پەيشەنبە)

ئۈچ كۈن ئىلگىرى بۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمدا، ساخاۋەتچى بو-

لۇش مۇمكىنچىلىكى بار بىرى بىلەن سۆزلىشىپ، سىرك ئويۇنـ
نىڭ بېلىتىگە ئېرىشكەنىدىم، كېيىن داۋاملىق يېزىشقا ۋاقتىم
چىقمىدى. بۇ مەزگىلدە، بېتسىي فلورىنسىيە شتاتىدىكى بىر
تۇغقىنىغا تويدا قولداش بولغىلى كەتتى. مېنىڭچە بولغاندا، بېتـ
سىينىڭ ئۇ تۇغقىنى تويىنى كېيىن قىلسا بوپتىكەن، بۇنىڭ
دارىلئېتامىمىزغا بولغان تەسىرى بەكلا زور.

ئەمما، بېتسىي ئۇ يەردە بالا بېقىۋالماقچى بولغان بىر ئائىـ
لىنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ھازىرچە دارىلئېتامىمىزنىڭ تېخى مۇكەمـ
مەل تەكشۈرۈش تۈزۈمىمىز يوق. ناۋادا بىرەر ئائىلە بىزنىڭ بالىـ
لىرىمىزنى بېقىۋالماقچى بولسا، چوقۇم ئۆزىمىز بىرىپ بىۋاسىـ
تە تەكشۈرىمىز. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بىز «شتاتلىق خەير ـ ساـ
خاۋەت ــــ قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى» بىلەن ھەمكارلىشىمىز، ئۇلارـ
نىڭ مەخسۇس تەربىيىلەنگەن، پۇتۇن ئامېرىكىنى بەش قولدەك
بىلىدىغان، كەسىپتە پىشقان ئالاھىدە خادىملىرى بار. ئۇلار بالا
بىلەن تەمىنلىگەن يىغىۋېلىش ئورنى بىلەنمۇ، بالا بېقىۋالماقچى
بولغان تەرەپ بىلەنمۇ ئالاقىلىشىدۇ. ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشساق،
بىزنىڭ ھەممە ياققا قاتراپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. بېـ
قىۋالىدىغان ئائىلىلەرنىڭ كۆپرەك چىقىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىـ
مەن ـ ھە! بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئائىلىنىڭ قوينىدا تۇـ
رۇشتىن ياخشى ئىش يوق. ئەلۋەتتە، بىز بېقىۋالغۇچى تەرەپنىمۇ
كۆپ تاللايمىز، ئۇلارنىڭ باي بولۇشىنى ئەمەس، مېھرىبان، رەـ
ھىمدىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. مېنىڭچە، بېتسىي چوقۇم
غەلىبە قىلىدۇ، ئەمما توختام تېخى ئىمزالانمىدى، بالىنىمۇ ئاپىـ
رىپ بەرمىدۇق، چۈنكى كېيىنكى پۈشايمانىنىڭ پايدىسى يوق ـ دە.

جېرۇس فلادېلفىيىدىكى بېرتلاند ئەپەندىنى تونۇمدىغاندۇ؟
ئۇ مېتاللۇرگىيە ساھەسىدىكى داڭدار زاتتەك تۇرىدۇ، مەن دارىلـ
ئېتامغا كەلگەن بىر پارچە خەتتىن بۇ ئادەمنى بىلگەن. بىر ئادـ
ۋوكات ئەۋەتكەن بۇ خەت سودا ئالاقىسىگە ئىشلىتىلىدىغان كونـ
ۋېرتقا سېلىنغان بولۇپ، «قەدىرلىك مۇدىر ئەپەندى» دېگەن خەت

رەتلىك ئۇرۇلغانىدى. ئادۋوكات خېتىدە خانىمنىڭ چىرايلىق ھەم ساغلام، ئىككى ـ ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى بېقىـ ۋېلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى يازغانىدى. ئاخىردا، «ياردەم قىلىسى ـ ڭىز، سىزدىن چەكسىز مىننەتدار بولاتتىم، سەمىمىيلىك بىلەن: بېرتىلاند ئەپەندىدىن» دېيىلگەنىدى.

مۇشۇنداقمۇ بىمەنە ئىش بولامدۇ؟ تېخى تونۇشتۇرغۇچى بلاكسيوش ئەپەندىمۇ تىلغا ئېلىنىپتۇ. تېخى ئۇنى خالىغان بىر باللار باغچىسىنىڭ مۇدىرىجىسىنى تېپىپ، بىر پارچە زاكالەت تالونى تولدۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن.

بىزمۇ تېزدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى پوپقا مۇنداق تەكشۈرۈش قەغىزىنى ئەۋەتتۇق:

«مال ـ مۈلكىڭىز بارمۇ؟

قەرزىڭىز بارمۇ؟

چېركاۋغا بارامسىز؟

ھايۋانلارنى ياقتۇرامسىز؟

خانىمىڭىز بىلەن سوقۇشامسىز؟»

تولىمۇ يۇمۇرلۇق پوپقا يولۇققانىكەنمىز، ئۇ تەكشۈرۈلىدىغان مەزمۇنلارغا جاۋاب بەرمەستىن ئۇستىگە سىزىۋېتىپ، «مېنىمۇ بىرى بېقىۋالسىكەن» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

قارىغاندا، ئۇمىد زور ئىدى. بېتىسىي بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، رازۋېدكىچىلاردەك بېرتىلاند ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ ئاددىي زىيارىتىدە، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ئۇستەل ـ ئورۇن ـ دۇقلاردىنلا بۇ ئائىلىنىڭ ئەخلاق ـ دىيانىتىنى كۆرۈۋاپتۇ.

قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى.

بېرتىلاند ئەپەندىنىڭ ئائىلىسى باي ھەم تەسىرى بار ئائىلە بولۇپ، دوستلىرى ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما رەقىبـ لىرىمۇ قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن. مەسىلەن، ئۇ ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن خىزمەتچىلەر ئۇنى ناھايىتى پىخسىق، چېركاۋغا بارمايدۇ، پۇل تېپىشنىلا بىلىدۇ، دېيىشىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ خا ـ

نمى چېركاۋغا دائىم بېرىپ تۇرىدىكەن.

خانىم تولىمۇ مېھرىبان، گۈزەل ھەم تەربىيە كۆرگەن ئايال ئىكەن، نېرۋا ئاجىزلىقى تۈپەيلى ساناتورىيىدىن داۋالىنىپ قايتىپ كەلگىنىگە ئەمدىلا بىر يىل بوپتۇ. دوختۇر ئۇلارغا، بالىدىن بىرنى بېقىۋالسا، تۇرمۇشى ئۇچۇن ناھايىتى زور ياردىمى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. خانىمنىڭ شۇنداق قىلغۇسى بولسىمۇ، جاھىل ئېرى ئۇنىمايدىكەن. بۇ ئۇلۇغ خانىم جاھىل بېرىتلاند ئەپەندىنى ئاخىر قايىل قىپتۇ. بىراق، بېرىتلاند ئەپەندى بالا كۆڭ كۆز بولۇشى كېرەك، دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ.

بېرىتلاند خانىم كۆپ يىللاردىن بېرى ئىزچىل تۈردە بوۋاقلارغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ، بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ قويغانىكەن، بالىلارنىڭ يەپ ـ ئىچىشى، يۇرۇش ـ تۇرۇشى جەھەتلەردىكى تەپسىلاتلارنى ئېنىق بىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يەنە غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە يورۇق بوۋاقلار ئۆيى بار ئىكەن. ئۆيدە بىر كىيىم ئىشكاپىدا لىق دېگۇدەك ئويۇنچۇق، قونچاق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خانىم يوشۇرۇنچە يىغقانىكەن. ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا بىتسىيغا بۇلارنى كۆرسىتىپتۇ، ئۇلارنىڭ راستىنلا بالا بېقىۋېلىش نىيىتى بارلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

خانىم كۆزگە كۆرۈنگەن ئەنگلىيىلىك بالا باققۇچى تەكلىپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن، ئەمما فرانسىيىلىك بالا باققۇچى تەكلىپ قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بۇنداق بولغاندا، بالا كىچىكىدىن باشلاپلا فرانسۇز تىلى ئۆگىنەلىگەن بولاتتى. ئۇ بىتسىينىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكلا قىزىقىپ، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بىر ھېسسىياتسىز ئادەم ئۇچۇن بۇ سۆزلەر بەلكىم تولىمۇ بىمەنە ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلار، ئەمما مەن بۇ «غېرىب ئانا»نى چۈشىنىمەن. ئۇ ئىككى قېتىم بالدۇر تۇغۇپ قويۇپ، بىر بالىسىمۇ ئامان قالمىغانىكەن، شۇڭا ئۇ زادىلا بالىغا ئىگە بولۇپ باقمىغانىكەن.

ئۇ تېخى دۇنياغا كەلمىگەن بالا ئۇچۇن كىيىم تىكمىدۇ، ئەمما ئۆز بالىسىغا ئىگە بولالامدۇ ــ بولالامدۇ، بۇنى بىلمەيدۇ.

بۇ ئائىلىنىڭ نەقەدەر ئېسىل ئائىلە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس، چۈنكى بۇ ئائىلىدە مال ــ دۇنياسىدىنمۇ كۆپ مېھىر ــ مۇھەببەت بېغىشلىنىغۇچى بالىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ شەرتى ئېنىق ئىدى. ئەمدى نەگە بېرىپ ئىزدەيمىز؟ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئوغۇل بالا بار، ئۇنداقتا، شۇنچە كۆپ بالىلارنىڭ ھېچقانداق رولى قالمايدىغان بولدى. فلورىنسانىڭ دادىسى تېخى ھايات، ئۇ تولىمۇ جاھىل ئادەم، ئەمما بۇ شەرتكە چۈشمەيدۇ. يەنە نۇرغۇن چەت ئەللىك بالىلارنىڭ بولاقتەك چوڭ قوڭۇر كۆزلىرىمۇ كارغا كەلمىدى. بېرىتلاند خانىم قىزدىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئالتۇن چاچلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. بەزى بالىلار ھەقىقەتەن بەكلا ئوماق ئىدى، ئەمما جەمەت ئىرسىيىتى جەھەتتە مەسىلە بار. بېرىتلاند ئەر ــ خوتۇن بېغىشلىنىغۇچىنىڭ ئائىلە ئەۋلادى چېركاۋغا بارىدىغانلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزى مۇستەملىكە رايونىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بالىسى بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇدۇر چاچلىق قىزلارمۇ ئازلاپ كەتتى. دارىلئېيتامدا بۇدۇر چاچلىق قىزدىن بىرى بار، بىراق ئۇ نىكاھسىز تۇغۇلغان، بۇنىڭ بالىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمىسىمۇ، بېغىشلىغۇچى تەرەپ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھالى ئىدى. ئۇلار يەنە بالىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ چوقۇم توي خېتى بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدىكەن.

بىر يۇز يەتتە نەپەر بالىنىڭ ئىچىدە پەقەت سوفىلا ئۇلارنىڭ شەرتىگە بېقىنلىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كېتىپ، سوفى قۇتقۇزۇۋېلىنغانىكەن. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئېۋەنى يوق دېيىشكەمۇ بولىدۇ، بىراق ئۇ تولىمۇ ئادەتتىكىچە بولۇپ، تاتىراڭغۇ چىرايىدا قان دىدارى يوق ئىدى، كۆن بويى روھسىز يۈرەتتى. لېكىن، سوپەتلىك ئامېرىكا قان

سىستېمىسىدىكى بالا ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەڭ ياخشى بېلىق جى-
گىرى مېيى ۋە پالەكمۇ ئۇنى روھلۇقراق قىلالمىغانىدى.

بىرنەچچە ئاي پەرۋىش قىلساق، رەڭ تۇزۇپ كېتەمدۇ تېخى! دارىلئېيتامدا ئالاھىدە پەرۋىش ئارقىلىق بالىلاردا زور ئۆزگىرىش هاسىل قىلغىلى بولاتتى. تۇنۇگۇن مەن ئۇنىڭ نەسەب ئىسپاتىنى يېزىپ چىقتىم، ئۇنى بىرىتلاند ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوي-ماقچى بولۇۋاتىمەن.

ئەمما، بىرىتلاند ئەپەندى دەرھال رەت قىلىپ تېلېگرامما يوللىدى. كېلەر ھەپتە چارشەنبە چۈشتىن كېيىن سائەت ئۇچتە ئۇ بالىنى كۆرگىلى ئۆزى كەلمەكچى بوپتۇ.

پەرۋەردىگارىم، ناۋادا ئۇ سوفىنى ياقتۇرمىسا، قانداق قىلار-مىز؟ شۇڭا، ھازىر ئەتىۋارلىق ھايۋاننى مۇسابىقىگە ئەۋەتكىلى جابدۇغاندەك، ئاۋۋال سوفىنى چىرايلىق جابدۇشىمىز كېرەك. ئەمما، سوفى بەك كىچىك، لەۋسۇرۇخ سۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ.

بۇ خەت بەك ئۇزىراپ كەتتى، ئۇزمەي يازغىنىمدىن نېمە كويدا ئىكەنلىكىمنى بىلەلەيسەن. سوفى مېنىڭ قىزىم، ئۇنىڭ يېڭى تۇرمۇشى مېنىڭ بەختىمنىڭ بىر قىسمى.

كېڭەش باشلىقىمىزدىن سەمىمىي ئەھۋال سوراپ:

ساللىي ماكبىرد

13 ـ ئىيۇن

## 74

قەدىرلىك كولتون:

سىزدىن خەت كەلمىگىلى تۆت ھەپتە بولدى، ئەجەبا، بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت ئالدىنقى ئۈچ ھەپتىدە سىزگە خەت يازمىغانلىقىم-مىدۇ؟ بۇ ئىنتايىن ناچار ۋە قىزىقى يوق ئويۇن بولدى. سىزمۇ پوتوماك دەرياسىغا چۈشۈپ كەتمىگەنسىز؟ بالىلار سىزنى شۇنداق سېغىندى، كولتون تاغىسىنىڭ بىر تەخەي سوۋغا قىلماقچى بول-

غانلىقى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ يادىدا.

ئۇنتۇپ قالماڭ، بىر دارىلئېتامنى ياخشى باشقۇرۇش بىر ئاۋام پالاتاسىنى باشقۇرۇشتىنمۇ قىيىن، مەن سىزدىن ئالدىراشمەن، سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئەقىللىق ھەم قابىل ياردەمچىلىرىڭىز بار.

بۇ خەتلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئىسيانىم. ئەتە يەنە سىزگە خەت يازىمەن.

سالليې ماكبىرد

ئەسكەرتىش:

يەنە سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇيالىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، ئەمما ئاشۇ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىڭىزگە ئىشەنمەيمەن، ئۇلارنىڭ يۈرىكىڭىزدىكى سۆزلەر ئەمەسلىكى ماڭا ئايان.

## 75

قەدىرلىك جۇدى:

ھازىر سائەت ئىككى يېرىم بولدى. بىز ئىشەنچلىك بىر بالىنى تازىلىققا مەسئۇل قىلدۇق، سوفىنى يۇيۇپ - تاراپ، چىرايلىق كىيىندۈردۇق.

سائەت ئۈچ يېرىمدا، بېرىتلاند ئەپەندىنىڭ ھەشەمەتلىك ماشىنىسى تا دارىلئېتام ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەيگىچە كېلىپ، ئاندىن توختىدى. ئادەمنى بۇنداق دەككە - دۈككىگە سالىدىغان ھەم ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن. بېرىتلاند ئەپەندى بۇرۇتلۇق، چاسا ئېڭەك، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، بىر قاراشتا ئادەمنى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدىكەن. ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ ئىشخانامغا كەلدى ۋە يېقىملىق ئاھاڭدا مېنى «ماككوش خېنىم» دەپ چاقىرىپ ئەھۋال سورىدى. ئۇنى تۈزىتىپ قويۇۋىدىم، «ماككىم خېنىم» دەپ ئاتىدى، ئۇنى ھېلىقى ئارامبەخش ئورۇندۇقۇمغا تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا چاي ۋە پىرەنىك

كەلتۈردۈم، مەن ھاراق ئىچمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ دارىلئېيتامغا كېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، چىرايىدىن بىزارلىق چىقىپ تۇراتتى. قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، سوفىنى ئەكىرىشكە بۇيرۇدۇم.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى كۆرەي، — دېدى بېرتىلاند ئەپەندى، — ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى، يەنە ئويۇنخانا ۋە بارىدىغان جايلارنى كۆرمەكچىمەن.

ئۇنى بوۋاقلار پەرۋىش ئۆيىگە باشلاپ كىردىم. ئون نەچچە بالا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن پولدا دومىلىشىپ يۈرەتتى، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىۋالغان سوفى بىرىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، تېپىچەكلەپ چۈشۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، كىيىمى كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. مەن تېز بېرىپ ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۇرنىنى سۈرتۈپ، كىيىمىنى تۈزەشتۈرۈپ، بېرتىلاند ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئاپاردىم.

بۇ بالىنىڭ كەلگۈسى مۇشۇ بىرنەچچە مىنۇتتا باغلىق ئىدى، ئەمما سوفى كۈلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى يىغلاپ كەتتى.

بېرتىلاند ئەپەندى خۇددى بىر كۈچۈكنى كۆتۈرگەندەك، ئۇنى قولىغا ئېلىپ، كىچىك قوللىرىنى ئېھتىيات بىلەن پۇلاڭلاتتى. سوفى يۈزىنى ئۆرۈپ بوينۇمغا قويۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. بېرتىلاند ئەپەندى دولىسىنى قىسىپ قويۇپ: «ئۇلار سىناپ باقسۇن» دېدى. ئىشقىلىپ، بالىنى ئۇ ئەمەس، ئايالى باقاتتى. بىز پەرۋىش ئۆيىدىن دەرھال يېنىپ چىقتۇق.

چېھرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاللىبگرا بىردىنلا ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. ئۇ ھېچ ھېيىقماستىن بىزگە قاراپ يۈگۈرۈپ، بېرتىلاند ئەپەندىنىڭ ئالدىغا چاقپەلەكتەك دومىلاپ چۈشتى. بېرتىلاند ئەپەندى ئۇنى دەسسىۋالماسلىق ئۈچۈن، دەرھال كەينىگە داجىپ، يەنە تېزدىن يېنىپ ئاللىبگرانى يۆلىدى، ئاللىبگرا ئۇنىڭغا قاراپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ: «دادا، دادا!» دېگىنىچە پۇتلىرىغا ئۇرغىلى تۇردى.

بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان دوختۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرىتلاند ئەپەندى ئاللىبىگرا كۆرگەن تۇنجى ئەر ئىدى. بىرىتلاند ئەپەندى ئۇنى خۇددى كۇندە كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك يەڭگىلگىنە قوچاقلاپ كۆتۈردى. ئاللىبىگرا خۇشلۇقىدىن چىرقىراپ كەتتى. بىرىتلاند ئەپەندى يەرگە قويۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئۇ چۈشكىلى ئۇنىماي، بىرىتلاند ئەپەندىنىڭ قورسىقىغا تېپىپ، بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى تارتتى. ئاللىبىگرانىڭ ۋۇجۇدى ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.

بىرىتلاند ئەپەندى ئاللىبىگرانى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭ كىچىك قوللىرىدىن چىڭ تۇتقىنىچە، تولىمۇ كەسكىنلىك بىلەن:

— ئۇ بولسۇن، ئۇ دەل مېنىڭ قىزىم، كىچىك پەرىشتەم! — دېدى. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئۇنى ئاكىلىرىدىن ئايرىۋېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈۋىدىم، ئۇ قۇلاق سېلىپمۇ قويمىدى. ئىشخانىغا قايتقۇچە يول بويى نەق يېرىم سائەت دەتالاش قىلىشتۇق.

بىرىتلاند ئەپەندى ئاللىبىگرانىڭ رەڭگى - رۇخسارىنى، روھىنى، ھەممىلا يېرىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. پەمىمچە، ئۇ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان مۇشۇنداق بالىنى ئىزدەيدىكەن. قارىغاندا، يىغلاڭغۇ بالىنى ئەكەتكۈسى بولمىسا كېرەك، شۇڭا ئۇنىڭغا قىلچە گەپ يېگۈزگىلى بولمىدى. ئەگەر ئاللىبىگرانى ئەكەتسە، ئۇنى ئۆزىگە سىرداش قىلىۋېلىشى، ئۇنى خۇشال قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بىر دەملىك ھاياجان تۈپەيلى ئاللىبىگرانى ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن قايتۇرۇۋېلىشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن؟ ئۇنىڭ ئائىلىسى ئاللىقاچان يوق بولدى، قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئۇنى يېڭى بىر ئائىلىگە ئېرىشتۈرۈش.

مەن يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ: «ئەپەندى، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىنى بىللە ئەكېتىڭ» دېدىم.

ياق، ياق. ئۇ بۇنداق قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، ئۇنىڭ ئايالى كېسەلچان، ئۈچ بالىنىڭ ھۆددىسىدىن ئەسلا چىقالمايتتى.

بۇ ئاللېگراغا كەلگەن پۇرسەت ئىدى، ئەمما ئۇ قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. بېرىتلاند ئەپەندى ئاللېگرانى بېقىۋالسا، چوقۇم ئىلگىرىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزدۈرەتتى. ئۇنداقتا، ئاللېگرا خۇددى دادىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، ئاكىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى.

قەدىرلىكىم، مەن سىنى، سىنى ئىلگىرى بېقىۋالماقچى بولغان ئائىلىنى، رەت قىلىشىڭ ساڭا ئەكەلگەن زەربىسىنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇنداق ئازابنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. سەن دائىم، ئەسلىدە باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئائىلىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىڭنى، ئەمما لېپ بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى تىلغا ئالاتتىڭ. مەنمۇ لېپ خېنىمنىڭ رولىنى ئېلىپ قالامدىمەن، قانداق؟ ئىككى ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەھۋال ئوخشىمايدۇ، ئۇلار تەربىيىلىنىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالايدۇ. ئەمما، بىر قىز بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئائىلە، يەنە كېلىپ، ئوبدان بىر ئائىلە نەقەدەر مۇھىم ـ ھە! ئاللېگرا باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ سىنىڭ كىچىك چاغلىرىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇمۇ ئاتا ـ ئانىسى بار بالىلارغا ئوخشاش، بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرە ئېلىشقا ھوقۇقلۇق. شۇڭا، بىز چوقۇم ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. قايسى دارىلئېتام بۇنداق پۇرسەت بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ؟ مەن ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتىم، بېرىتلاند ئەپەندىمۇ زېرىكمەستىن ئۇ يەردە مېڭىپ يۈرەتتى. «ئاكىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىڭ، مەن ئۇلارغا دەيمەن. ناۋادا ئۇلار شەخسىيەتچى بولمىسىلا، ئۇنى ئەكېتىشىمگە قوشۇلىدۇ.» بېرىتلاند ئەپەندى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى.

ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى چاقىرتىپ كەلدىم. يۈرىكىم ئازابقا تولغانىدى، ئاللېگرانىڭ ئىككى ئاكىسى دادىسىدىن ئايرىلدى، ئىمدى يەنە سىڭلىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بەكلا شەپقەتسىزلىك ئىدى.

ئىككى بالا قول تۇتۇشقىنىچە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ
كەيپىياتى جىددىي ئىدى، كۆز ئالدىدىكى ناتونۇش ئادەمنى دەڭ-
سەۋاتاتتى.

— بالىلىرىم، بۇياققا كېلىڭلار، سىلەرگە گېپىم بار، —
دېدى بېرىتلاند ئەپەندى ئىككى بالىنىڭ قولىدىن تارتىپ، —
بىزنىڭ بالىمىز يوق. خانىمىم، يەنى سىلەرنىڭ ئاچاڭلار بۇ يەر-
دىن بىر بالا بېقىۋالماقچى بولغان. شۇنداق بولسا، بالىنىڭ ھاياتى
خۇشال ئۆتىدۇ، چىرايلىق ئۆيى، ئويۇنچۇقلىرى بولىدۇ. بۇ يەردىن
كۆپ ياخشى. بىز سىلەرنىڭ سىڭلىڭلارنى ياقتۇرۇپ قالدۇق، مې-
نىڭچە، سىلەر سىڭلىڭلار ئۈچۈن خۇشال بولىسىلەرغۇ دەيمەن.

— ئۇنداقتا، بىز سىڭلىمىزنى قايتا كۆرەلمەمدۇق؟ — دەپ
سورىدى كىلففورد.

— شۇنداق.

كىلففورد ماڭا، ئاندىن بېرىتلاند ئەپەندىگە تىكىلدى، كۆز
ياشلىرى بۇلدۇقلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ تۇيۇقسىز باغرىمغا
ئۆزىنى ئېتىپ:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىڭ، سىڭلىمنى ئەكەت-
مىسۇن، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئەمما، بېرىتلاند ئەپەندى تاش يۈرەك ئادەم ئىكەن. ئۇ ۋەزمىن
ھالدا:

— مەن پۈتكۈل دارىلئېتامنى بېقىۋالالمايمەن - دە، — دېدى.
دونمۇ يىغىنى باشلىۋەتتى. دوختۇر كەلدى، ئۇ ئاللىبۇرۇن گېپىنى
كۆتۈرۈۋالغانىدى.

مەن ئۇلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ، ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى-
نى بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ چىقتىم. بېرىتلاند ئەپەندى ئال-
لىبۇرۇن كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، دوختۇر بەرگىلى ئۇنىمىدى.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، — دېدى «شوتلاندىيىلىك ئەر-
كەك» تومتاقلا جاۋاب بېرىپ، — ماكبىرد خېنىم ئېيتتى، ئائى-
لىنى پارچىلىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بۇ دارىلئېتامىمىزنىڭ

قائىدىسى.

بىرىتلاند ئەپەندى تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنەتتى.

— ماكبىرد خېنىم قارار قىلىپ بولغان بولسىمۇ، سىزنى بۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماس، دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۇ.

پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى بولغان بۇ ئىككى تەرسا ئەرنىڭ تالىشىشلىرى بەئەينى پادىشاھ سولومون ھۆكۈم چىقارغان چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى.

نائىلاج باللارنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇپ، قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىغا ئارىلاشتىم. ئۇلار ناھايىتى كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. ئاخىردا بىرىتلاند ئەپەندى ئەجەللىك سوئال قويدى:

— دارىلئېيتامنىڭ مەسئۇلى زادى سىز دوختۇر ئەپەندىمۇ ياكى مۇدىر جانابلىرىمۇ؟

— بۇ مۇھىم ئەمەس، كىمنىڭ يوللۇق بولسا شۇنىڭ دېگىنى ھېساب!

دوختۇر مېنى بۇ يات ئەرنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنىڭدىن سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، دوختۇر بىلەن سوقۇشالمايتتىم. بىرىتلاند ئەپەندىگە سوفىنى ئويلىشىپ كۆرۈشنى، ئائىلىگرانى ئەكېتىشىنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىراق، بىرىتلاند ئەپەندىنىڭ ئائىلىگرادىن باشقا بالىنى ئەكېتىش ئويى يوق ئىدى، سوفىنى تېخىمۇ ئويلاشمايتتى. ئۇ ماڭا ناۋادا بۇ ئىشقا قوشۇلمىسام، ئائىلىگرانىڭ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىمدەك بىر ھەقىقەتنى بىلدۈرۈپ قويماقچىدى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە ھۆرمەت بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ماكرىئا دوختۇر، ماكبىرد خېنىم، خوش ئەمىسە، — دېدى ـ دە، ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى.

ئەمدى دوختۇر ئىككىمىز تالىشىشقا باشلىدۇق. ئۇ، ئادىمىي-

لىك خىسلەتكە ئىگە، باللارغا ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان بىر ئادەم بىر ئائىلىنى پارچىلىۋېتىشتىن نومۇس قىلىشى كېرەك، دەيتـ تى. مەن ئۇنى شەخسىي غەرىزىڭىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭىز، ئەسلىدە ئاللىبۇرادىن ئايرىلىپ قالغۇڭىز يوق، دەيتتىم. مەن ئۆ ـ زۈمنىڭكىنى توغرا دەيتتىم، ھېچقايسىمىز بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەيتتۇق. ئاخىردا ئۇمۇ بېرىتلاند ئەپەندىگە ئوخشاش سوغۇق ئەدەپ بىلەن كېتىپ قالدى. ئۆزۈمنى خۇددى ئىككى تاشنىڭ ئا ـ رىسىدا يانجىلىۋاتقاندەكلا ھېس قىلدىم. بېتسىي قايتىپ كېلىپ، مۇشۇنداق ياخشى بىر ئائىلىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىم ئۇ ـ چۇن مېنى ئەيىبلىدى.

ئارىمىزدا يۈز بەرگەن ئىش مۇشۇ. ئاخىر سوفى بىلەن ئال ـ لىبىگرا يەنىلا يېتىم قالدى. پەرۋەردىگار، بۇ ئۆلگۈر دوختۇرنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەيسەن! ئۇنىڭ ئورنىغا گېرمانىيىلىك بولامـ دۇ، فرانسىيىلىك ياكى جۇڭگولۇق بولامدۇ، قەيەرلىك بولسا مەيـ لى، پەقەت ئىرېلاندىن باشقا، قانداق ئادەم بەرسەڭ بولىۋېرەتتى.

نىمجان بولۇپ قالغان:

سالليي ماكبىرد
17 ـ ئىيۇل

ئەسكەرتىش:

ھۆددە قىلالايمەنكى، دوختۇرمۇ چوقۇم مېنى ئىشتىن بوشىـ تىۋېتىش ھەققىدە خەت يېزىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسا، باشقا گېپىمـ مۇ يوق، بۇ ئىشلاردىن بىزار بولدۇم.

## 76

قەدىرلىك كولتون:

ھۇ، قۇسۇرچى، مەنمەنچى ئۆلگۈر! مېنىڭ شوتلاند يېزىقىدا خەت يېزىشىم فامىلەمدە شوتلاندلار كۆپ قوللىنىدىغان «ماك» سۆزىنىڭ بولغانلىقىدىن!

دارىلئېتامدىكىلەر پەيشەنبە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىدۇ. بۇ پەقەت ھېلىقى تەخەي ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە سىزمۇ بار جۇمۇ. بىر پارچە ئۇزۇن خەت يېزىپ ئىلگىرىكى قەرزلىرىمنى قايتۇراي دېۋىدىم، بىراق ئەمدى ئۇنداق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندۇ؟ سىزنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كېتىۋاتىمەن، سىز كەلسىڭىز قانداق ياخشى ـ ھە!


مەن ئىرېلاند قېنىدىن، شۇڭا ئىرېلاندچە سۆزلىرىمنى كەچۈرگەيسىز.

سالليي ماكبىرد

## 77

قەدىرلىك جۇدى:

چىشى چۈشۈپ كەتكەن، تىزى سۈرۈلگەن، بىلىكى قايرىلغان، تۇبېركۇليوز بولغانلاردىن باشقا، دارىلئېتامدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ. بېتسىي ئىككىمىز دوختۇرغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز. ئۇنىڭغا تەكەللۇپ قىلىشىمىدىكى سەۋەب: يېقىندىن بۇيان ئۇ بەكلا



رەھىمسىز بولۇپ كەتتى، ئۇ بۇنى پەقەت كەيپىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن كۆرىدۇ. غەلىتە يېرى، يېقىندىن بېرى ئۇ بەكلا غەلىتە، ئۆزگىچە زادىلا ئوخشىماي قالدى، ئەمما يەنىلا سوغۇق، قىلچە يۈز - خاتىر قىلىشنى بىلمەيدۇ.

يېقىندىن بېرى دوختۇر بېشىمنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. پات ئارىدا، تېخىمۇ قىزىقارلىق بىر ئادەمنى كۈتۈۋالىمىز. ئاۋام پالاتاسىدىكىلەر يەنە ئارام ئاپتۇ، كولتون برانتىۋۇد مېھمانخانىسىدا ئارام ئالماقچى.

دېڭىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگەنلىكىمنى، بولۇپمۇ بۇ يەرگە كېلىپ سالقىنلاپ كېتىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ بەكلا خۇش بولدۇم. بۇ يەردە ئازادە، ھەشەمەتلىك ئۆيلەر بار. جېرۋىس پەقەت ھەپتە ئاخىرىدىلا كېلەلەيدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى ئۆزگىرىش دېگىنە.

ھازىرچە، نىكاھ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ مېتافىزىكىلىق نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمايمەن. مەن مونرېئىزم ۋە باشقا سىياسىي تېمىلارنى تەكرار قىلىسام بولغۇدەك. ئاۋغۇستنىڭ تېزرەك كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ كەتتىم. شۇ چاغدا ئىككىمىز ئۈچ ئايغىچە بىللە بولالايتتۇق.

ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

سالليي ماكبىرد

## 78

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

ئۆتكەن ھەپتىدىكى يانار تاغنىڭ پارتلىشىدەك جېدىلىمىزنى ئەمدى بولدى قىلساقمۇ بولار. ئاۋۋال سىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلاي، قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز. بىزگە خاسىڭ، ئالتۇنبېلىق ۋە بىرمۇنچە ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتكەن ھېلىقى ساخاۋەتلىك كولتون ئەپەندى يادىڭىزدىمۇ؟ بۈگۈن كەچ ئۇنى كۈتۈۋالىدىغان ئوبدان پۇرسەت كەلدى.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، زىياپەت سائەت يەتتىدە باشلىنىدۇ.
ئاۋۇالقىدەك تۇرغان:
سالليپ ماكبىرد
جۇمە
سۆيۈملۈك دۇشمەن:
مەڭگۈ ئاشۇ ئادەمسىمان مايمۇنلار تۇرىدىغان ئۆڭكۈرلەرگىلا
لايىقسىز.
سالليپ ماكبىرد

## 79

قەدىرلىك جۇدى:
كولتون بۇ يەرگە كەلدى، ئۇنىڭ دارىلئېتامغا تۇتقان پوزىتـ-سىيىسىدە بىر يۈز سەكسەن گرادۇس ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئۇ يەنە بالىنىڭ تەربىيىنى قىلىپ ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدىغاندـ-ىلىقىدەك تەبىئەت قانۇنىنى بايقاپتۇ. شۇڭا، ئۇ دارىلئېتامدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولسۇن، بىرقۇر تەربىلەپ چىقتى، ھەتتا لورىتتانىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ ماختىغۇدەك تەرەپلەرنى تېپىپ چىقتى. لورىتتانىڭ كۆزى ئالىغاي بولمىسا، نېمىلەرنى دەپ كېتەتتىكىنتاڭ.
چۈشتىن كېيىن، كولتون مەن بىلەن بىللە بازارغا بېرىپ، بالىلارغا چاچ قىسقۇچ سېتىۋالدى، تېخى سالليپ كايتقا ئۆز قولى بىلەن تاللىدى دېگىنە. سەل ئارىسالدى بولۇپ، ئاخىردا بىرى سۇس يېشىل، يەنە بىرى قىزغۇچ ئىككى لېنتىنى تاللىدى.
بىز چاچ قىسقۇچ تاللاۋاتقىنىمىزدا، ياندا بىراۋنىڭ بىزنى ماراپ، سۆزىمىزگە ئوغرىلىقچە قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم.
ئۇ شىلەپە كىيىپ، چۇمبەل ئارتقان، كۇنلۇك كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ ئېسىل كىيىنگەنىدى. دەرمەھەل كىملىكىنى ئەسلىيەلمە-

## ماككى خانىم




دىم، ئەمما كۆزلىرىدىن يېغىپ تۇرغان تونۇش شۇملۇقتىن ئۇنىڭ ماككى خانىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. ئۇ ماڭا ناھايىتى سوغۇق ھالدا ئېگىلىپ سالام قىلدى، مەنمۇ جاۋابەن سالام قىلدىم.

قارىماققا، ئۇنىڭ كەيپى يامان ئەمەس ئىدى، ئەمما يۈزىدىكى كۈلكە تېزلا ئۆچتى.

ماككى خانىم قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىدىكى ئىشلارنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسە كېرەك، باشتا ئۇ مېنى دوختۇرنى تارتىۋالدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمدى كولتون بىلەن بىللە يۈرگىنىمنى كۆرۈپ، يەنە ساددىلىق بىلەن مېنى ئىككى كىمگە تەڭلا دەسسەپتۇ، دەپ قالدى.

مېھمان كېلىپ قالدى، خوش ئەمىسە.

كولتون، بېتسي، لېۋىرمور خانىم، ۋىستېر ئەپەندىلەر بىرلىكتە كەچلىك تاماق يېدۇق. دوختۇر تەكلىپىمنى رەت قىلىپ: «رايىم يوق» دېدى. بۇ «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» ھەقىقەتەن بەك شەپقەتسىز.

كولتوننىڭ قانچىلىك كېلىشكەن، مۇلايىم، يۇمۇرلۇق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن ئېيۋەن تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ لاياقەتلىك ئەر، ئەمما

مەن زىياپەتلەردىكى گۈل لوڭقىسى بولۇشنى ئەمەس، غايەمدىكى ئەر بىلەن بىللە ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن.

بۈگۈن ئاخشام كولتون كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. بېتسىي بىلەن لېۋىرمور خانىمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىشتى. ئۇ مايمۇن جاۋانىڭ كەلگۈسى ھەققىدە بىر مەيدان نۇتۇق سۆزلىۋىدى، بىز بۇ مايمۇنغا قانداق ئۇسۇلدا تەسەللى بېرىشىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق. كولتون ئۇنى جىمى سوۋغا قىلغان، بۇش جىمىنىڭ دوستى، شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە بۇش بىلەن بىللە يېتىشى كېرەك، دېدى. پاھ، ئۇ تۇغما ناتىق ئىكەن ئەمەسمۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ جاۋانى بىردەمدىلا قەھرىمانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

كولتون بىر كېچە سۆزلەپ چىقتى. ئۇ دارىلئېيتامنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە مىسكىن جاۋانى كۆرۈپتۇ. ئۇ جاۋانى يىراق ئورماندىكى قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپتۇ، دېدى. بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ياش تۆكۈشتۇق.

بۇنداق سۆزمەن ئادەمنىڭ مۇقەررەر ئىستىقبالى بار. يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ پرېزىدېنت سايلىمى ئۈچۈن بىر بېلەت تاشلايمەن.

بۇ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئاخشام بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ھەممەيلەن باللارنى ئەستىن چىقارغانىدۇق. گەرچە ئۇلارنى سۆيسەكمۇ، بۇ قىسقىغىنا ئۇنتۇشتا باشقىچە بىر شادلىق بار ئىدى.

سائەت ئون بولغاندا، ئۇلار تارقاشتى. قوڭغۇراقلىق سائىتىم يەنە توختاپ قاپتۇ. جېين پۇرژىنا ئورنىتىپ قويۇشنى دائىم ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئالاھازەل يىرىم كېچە بولدىغۇ دەيمەن، بىر ئايالغا نىسبەتەن ئۇنى قوغلىشىدىغان بىراۋ يېنىدا بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ياخشىراق ئۇخلىۋېلىشى كېرەك.

ئەتە ئۇلاپ يازاي، خەيرلىك كەچ.

(شەنبە)

ئەتىگەندە كولتون باللار بىلەن بىللە ئوينىدى. ئۇ باللار-

نىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان ئويۇنچۇقلارنى سوۋغا قىلىش قارارىغا
كەپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇچ تال رەڭلىك توتېم تۇۋرۇكى ئىندى-
ئان چېدىرىنى ئۆزگىچە تۇسكە ئىگە قىلىدىكەن. دارىلئېتام مۇ-
دىرى ھال رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ، كۇل رەڭدىن ئاللىقاچان تويۇپ
كەتكەن. شۇڭا، ئۇ بوۋاقلارغا ئۇچ تېڭىق ھال رەڭ كۆڭلەك سوۋغا
قىلماقچى بوپتۇ. كولتوننىڭ ئائىلىسى ئۇنى ھېچنېمىدىن غەم
قىلدۇرمايتتى، مۇھىمى ئۇ ئاق كۆڭۇل يىگىت ئىدى. بۇ سىخىي
دوستىمىز بىزگە يەنە بىر جۇپ ئېشەك، ئېگەر ۋە قىزىل رەڭلىك
ئات ھارۋىسىدىن بىرنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ھازىر ئۇ بۇش بىلەن
تاماقخانىدا چۇشلۇك تاماق يەۋاتىدۇ. پەمىمچە، ئۇ بىرمۇنچە ساخا-
ۋەتلىك ئىشلارنى پىلانلاپ قويىدى.

قەدىرلىكىم، ئېھتىمال جىمجىت دارىلئېتامىمىزنى بىراۋنىڭ
كېلىپ پاراكەندە قىلىشىدىن ئانچە خۇش بولۇپ كەتمىگەنسەن،
مېنى دارىلئېتامنى قانداق باشقۇرۇپتۇ دېسەڭ دەۋەرگىن، بىراق
مەنمۇ ئۆزۈمنى دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرۇشۇم كېرەك، جىمجىتلىقنى
ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. كولتوننىڭ خۇشخۇيلۇقى ۋە باللار-
چە قىلىقلىرى مېنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى. دوخ-
تۇر بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاسمان - زېمىن پەرقى بار ئىكەن.

(يەكشەنبە ئەتىگەن)

كولتوننىڭ زىيارىتىنىڭ نەتىجىسىنى دوكلات قىلاي. ئۇ
ئەسلىدە چۇشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ماڭماقچى بولغانىدى، مەن
ئۇنى كەچ سائەت توققۇز يېرىمغىچە تۇتۇپ قالدىم. شۇ كۇنى
چۇشتىن كېيىن ئىككىمىز سىنگاپورنى يېتىلەپ سەيلىگە چىق-
تۇق. تاكى دارىلئېتامنىڭ مۇنارى كۆزدىن يىتكۇچە مېڭىۋەردۇق،
ئاندىن تولىمۇ كىچىك بىر ئاشپۇزۇلدا تۇخۇم كولباساسى، يېس-
سىۋېلەك يېدۇق، تەمى خېلى يامان ئەمەس ئىكەن، سىنگاپورمۇ
تويغۇچە يېدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى تىنچ ھەم زېرىكىشلىك تۇرمۇشۇمغا جان
كىرگۇزگەندەك بولدى. ناۋادا ئادەمنى خۇش قىلغۇدەك باشقا

ئىشلار يۈز بېرىپ قالمىسا، مەن بىرنەچچە ھەپتىگىچە مۇشۇ ئىشتىن خۇش بولۇپ يۈرىمەن. بۇ چۈشتىن كېيىن قۇياش پارلاپ تۇراتتى، شۇنداق غەمسىز ئىدىم، مەڭگۈ مۇشۇ پەيتتە توختاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. قايتار چاغدا، يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇۋېلىپ قايتتۇق. كەچ سائەت توققۇز يېرىمدا، دارىلئېتامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىمىز دەل ۋوگزالغا مېڭىش ۋاقتىغا توغرا كەلدى. شۇڭا، ئۇنى ياتاققا تەكلىپ قىلماستىن، سەپىرىگە خۇشاللىق تىلىدىم.

ماشىنا يولنىڭ چېتىدە بىر ماشىنا توختىتىلغانىدى. مەن دوختۇر بىلەن ۋىستېر ئەپەندى ماشىنىدىمىكىن، دەپ ئويلىدىم. ئۇلار دائىم دېگۈدەك كەچتە تەجرىبىخانىغا كېلەتتى. ئايرىلىش پەيتىدە كولتون بىردىنلا كەينىگە يېنىپ، مېنى بۇ يەردىكى خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ قايتىپ ئۆزى بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە دەۋەت قىلدى.

ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزاق بىللە يۈرۈپمۇ ھېچنېمە دېمەي، ئەمدى دارىلئېتامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بۇ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ كەتكىنىنى قارا.

ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، گەپنى بۇراپ، ئۇنى ۋوگزالغا مېڭىشقا دەۋەت قىلدىم. ئۇ گېپىمگە كىرمەي، بىر تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە، گەپنى ئوچۇق قىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇنداق بولىۋەرسە، ئۇ پويىزغا كېچىكەتتى. يەنە كېلىپ، شۇ تاپتا دارىلئېتامدىكى بارلىق ئوچۇق دېرىزىلەردە بالىلارنىڭ ھەيرانە كۆزلىرى بىزنى ماراپ تۇراتتى.

مەن ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ، ئاقىۋەتتە ئىشنى تېخىمۇ بۇزۇپ قويدۇم. كولتوننىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ياندىكى تونۇش ماشىنىغا مىختەك تىكىلىپ، دوختۇرنى «تۆت كۆزلۈك ياۋا توخۇ» دەپ مەسخىرە قىلدى، يەنە تېخى: «يوقال، ئاناڭنى، ئەبلەخ!» دېدى. بۇ قاپاق باش ئەبلەخ راستتىنلا ئەدەپسىز ئىكەن. دوختۇرنىڭ مىجەزى غەلىتە، غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەملى-

كىنى، ئىككىمىزنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم. دەل شۇ چاغدا دوختۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ، بىز تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

ۋاي خۇدايىمەي، شۇ تاپتا دوختۇرنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە! روشەنكى، ئۇنىڭ بىر ئاز ئاچچىقى كەلگەنىدى، ئەمما يەنىلا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ تۇراتتى. تاسادىپىي پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇ تەسىرىدە كولتون ھاياجانلىنىپ، تۇرالمايلا قالدى. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ مالىمانچىلىقتىن قورقۇپ، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. دوختۇر تولىمۇ ئەدەپ بىلەن، بىزنىڭ پارىڭىمىز ئىختىيارسىز قۇلىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ماڭا ئۆزرە ئېيتتى، ئاندىن كولتونغا بۇرۇلۇپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا ماشىنىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئاپىرىپ قويۇشتا چىڭ تۇردى.

كولتونغا: «كەتمەڭ» دېدىم، ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈلكىلىك ئىشلارنى كۆرگۈم يوق ئىدى. ئەمما، ئۇلار تەلىپىمنى رەت قىلىشىپ، مېنى تاشلاپ قويۇپ، ماشىنىغا چىقىپ كېتىشتى.

ياتاققا كىرىپ، كارىۋاتقا چىقىپمۇ خېلى ۋاققىچە ھاڭۋېقىپلا قالدىم. ئۆزۈمنىڭ نېمىنى كۈتۈۋاتقىنىمنى بىلمەيتتىم. سائەت ئون بىر بولغان بولسىمۇ، دوختۇر تېخىچىلا قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسەم بولامدۇ ـ بولمامدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيتتىم، ئېھتىمال ئىشكاپقا مۆكۈنۈۋېلىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمىسەملا ياخشىدۇ. ئەمدى كولتون بىلەن ئايرىلىپ كەتتىم، دەپ ئويلايتتىم، بىراق نېمە ئۈچۈن شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. مۇشۇنداق بىمەنە ئىشلارنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭ؟ يەنە تېخى دوختۇرنىڭ بىرمۇنچە يامان گېپىنى قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم بارغانسېرى يىرىكلىشىشى مۇمكىن. ھېلىقى گەپلەرنى دېگەندە ئانچە ئويلىنىپ كەتمىگەن، كۆڭلۈمدە بولسا ئۇنداق ئويلىمىغانىدىم.

ناۋادا ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولسا ئىدى، كولتوننى

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە يولغا سېلىنىۋەتكەن بولاتتىم.

سالىيې ماكبىرد

جۈمە سائەت ئالتە يېرىم

## 80

قەدىرلىك ماكرىئا دوختۇر:

تۈنۈگۈن ئاخشامقى ھېلىقى ئەخمىقانە ئىشتا، سىز ماڭا ئىنىنىشىڭىز كېرەك. مەن ئۇ گەپلەرنى ئويلىمايلا دەپ سالغان، قەستەن دېمىگەنىدىم. مەن دارىلئېيتامىنىڭ ئىشلىرىغا پىششىق بولمىغاچقا، نۇرغۇن ئىشلاردا سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە تايىنىپ كەلدىم. سىزدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن، مېنى شۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىدىڭىز.

ناۋادا سىز يار ـ يۆلەك بولمىغان بولسىڭىز، دارىلئېيتامىنى ئەسلا ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلمەيتتىم، سىزدىن ھەقىقەتەن تولىمۇ مىننەتدارمەن. گەرچە مىجەزىڭىز ئوسال، ئالدىراقسان، ئاسان چىقىشىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ — بۇ گەپنى ئۆزىڭىز دېگەن — سىزدىن زادىلا بىزار بولغان ئەمەسمەن. تۈنۈگۈن ئاخشامقى نادانلىقىم، قوپاللىقىمنى ئەپۇ قىلىڭ. قەستەن ئۇنداق دېمىدىم، ناۋادا سىزدەك دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالسام، بەكلا ئۈمىدسىزلىنىمەن، قايغۇرىمەن. بىز يەنىلا دوست، شۇنداقمۇ؟ چىن كۆڭلۈمدىن شۇنداق بولۇشنى تىلەيمەن.

سالىيې ماكبىرد

يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن

## 81

قەدىرلىك جۇدى:

دوختۇر ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەتنىڭ تۈگىگەن ـ

تۈگىمىگەنلىكىنى بىلەلمەي، راستىنىلا گاڭگىراپ قالدىم. مەن خەت يېزىپ ئەۋەتكەن بولساممۇ، ئۇ جاۋاب يازمىدى. بۈگۈن ئۇ بۇ يەرگە كېلىۋىدى، بالىلارنىڭ بېشىغا چىققان ئەسۋىنى يوقىتىدىغان مەلھەم دورا ھەققىدىلا پاراڭ سېلىپ، ھېچقايسىمىز ئۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدۇق. بۇ چاغدا كىچىك سادى كىرىپ كەلدى. بىز مۈشۈكنىڭ پارىڭىغا ئۆتتۇق. دوختۇرنىڭ ئۆيىدىكى مۈشۈك تۆتنى ئاسلانلاپتۇ. سادى ئاسلاننى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەن، شۇڭا ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئاسلانلارنى كۆرۈشتىمىز كېلىشكە ماقۇل بولدۇم. ئارقىدىنلا، ئۆزۈمنىڭ بەكلا ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

دوختۇر تولىمۇ ئەدەپ بىلەن سوغۇق تەزىم قىلىپ قويۇپ كەتتى. ئىش مۈشۈنداق ئاياغلاشتى.

يەكشەنبە كۈنى يازغان خېتىڭنى كۆردۈم. سىلەر سېتىۋالغان ھېلىقى ئۆي ھەققەتەن بەك ياخشى ئىكەن. بەك ياخشى بولدى، قوشنا بولىدىغان بولدۇق! جېرۋىس بىلەن ئىككىڭلار يېنىمىزدا بولساڭلار، بىزنىڭ ئۆزگەرتىپ قورۇش ئىشىمىزمۇ ئۆز قەرەلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قارىغاندا، 7 ـ ئاۋغۇستتىن بۇرۇن ئۇ يەردىن ئايرىلسام بولغۇدەك. پايتەختنىڭ ھاۋاسى سالامەتلىككە پايدىلىقمىكەن؟ ئېرىنى سەندەك سۆيىدىغان ئايالنى كۆرمەپتىكەنمەن.

جېرۋىسقا مەندىن سالام ئېيتىپ قوي.

سالليي ماكبىرد

# 82

قەدىرلىك جۇدى:

سادى ئىككىمىز ئاسلانلارنى كۆرۈش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئەمما، فرىددىي خوۋلاند يىگىرمە مىنۇتنىڭ ئالدىدا پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشۈپتىكەن. دوختۇر ساقلاپ تۇرۇشىمىزنى تاپىلاپ، فرىددىينى كۆرۈشكە ئالدىراپ ماڭدى. ماككى خېنىم

بىزنى ئۇنىڭ كۈتۈپخانىسىغا باشلىدى، ئۆزىمۇ مىس بۇيۇملارنى سۈرتۈشنى باھانە قىلىپ كەينىمىزدىن سوڭدىشىپلا كىردى. ئۇ بىزدىن خاتىرجەم بولالماي كىرگەنىدى. ئۇنىڭ زادى نېمە ئويى باردۇ؟ بىزنى ئەۋرىشكىلەرنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ، دەپ گۇمانلىنامدىغاندۇيا؟

مەن ساپادا ئولتۇرۇپ، «ئەسىر» ژۇرنىلىغا بېسىلغان جۇڭگو ھەققىدىكى ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. سادى ھەممىلا يەردە خۇددى چاشقانچاقتەك تىمىسقىلاپ، كۆرۈپ ھارمايتتى، سوراپ ھارمايتتى.

ئۇ قىزىل تۇرنا ئەۋرىشكىسىدىن باشلاپ، ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىزىل، بۇنداق ئېگىز، قىزىل تۇرنا يېشىل پاقىنى يەمدۇ، ئۇنىڭ بىر پۇتى يارىلانغانمۇ، دېگەندەك سوئاللارنى پىلىموت ئوقىدەك ياغدۇرۇۋەتتى.

مەن جۇڭگو ھەققىدىكى ھېلىقى ماقالىنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتاتتىم، ماككى خانىم سادى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۆينىڭ يېرىمىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ دوختۇرنىڭ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر كىچىك قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپتۇ. سۈرەت رامكىغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ بەئەينى ئاللېگرانىڭ ئۆزى ئىدى، تۇرقىدىن شوخ، تېتىكلىكى چىقىپ تۇراتتى. بەش يىلدىن كېيىن ئاللېگرا دەل مۇشۇ ھالغا كېلەتتى. ئىلگىرى دوختۇر بىلەن بىللە تاماق يېگەندە، مەن بۇ سۈرەتنى كۆرگەن، ئەمما كىملىكىنى سورىمىغانىدىم.

سادى سۈرەتتىكى قىزنىڭ كىملىكىنى سورىدى.

— دوختۇرنىڭ قىزى.

— ھازىر نەدە؟

— ناھايىتى يىراق جايدا مومىسى بىلەن بىللە.

— دوختۇر ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشكەن؟

— خانىمى بەرگەن ـ دە.

كىتاب كۆرۈۋېتىپ توساتتىن چىرقىراپ كەتتىم ـ دە، غە-

لىتە ئاۋازدا سورىدىم:

— ئۇنىڭ خانىمى؟!

ئۆزۈمنىڭ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمنى تېزلا ھېس قىلدىم، ئەمما بۇنىڭدىن ساقلىنالمايتتىم. ماككى خانىم بېلىنى رۇسلاپ، چاقچاقلىق بىلەن:

— دوختۇر سىزگە بۇ ئىشنى دېمىگەنمۇ؟ ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ خانىمى ئېلىشىپ قالدى، ئەھۋالى بەكلا ئېغىر ئىدى. بىمەخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ ئايرىۋېتىلگەن. بۇ ئۇنى ئۆلتۈر-گەنگە باراۋەر - دە. مەن ئۇنداق چىرايلىق ئايالنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان. مېنىڭچە، دوختۇر بۇ ئىش تۇپەيلى خېلى ئۇزاققىچە ئازابلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى سىزگە دېمىگەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن. ئۇنداقتا، سىلەر يەنە ياخشى دوستلاردىنمۇ؟ — دېدى.

— ئېھتىمال ئۇنىڭ دېگۈسى كەلمىگەندۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىقمۇ.

مەن پەرۋا قىلمىغاندەك گەپنى بۇراپ، ئۇنىڭ قانداق تازىلىق سۈيۈقلۇقى ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىدىم. سادى ئىككىمىز ما-شىنا ئىسكىلاتىغا بېرىپ ئاسلانلارنى كۆرۈپ، دوختۇرنىڭ كېلى-شىنى كۈتمەيلا قايتتۇق.

بۇ زادى قانداق ئىش؟ ماڭا دەپ بەرگىن. ئەجەبا، جېرۋىس باشتىن - ئاخىر بۇ ئىشنى بىلمىگەنمىدۇ؟ غەلىتە ئىش، دوخ-تۇرمۇ بەلكىم ئىلگىرى ماككى خانىمدەك بۇ ئىشنى ئىختىيار-سىز دەپ سالغان بولغىيدى؟

بۇ بىر تراگېدىيە، قورقۇنچلۇق تراگېدىيە، دوختۇر تېخى ئۇنىڭ قارا كۆلەڭگىسىدىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئىرسىي مەسىلىلەرگە شۇنداق بېرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىكەن - دە. مېنىڭچە، ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىدىن ئەندىشە قىلغان. مەن بولسام شۇنداق چاغلاردا ئۇنى مەسخىرە قىلدىم، كۆڭلىگە ئازار بەردىم. ئەمدى ئويلىسام، ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلىدۇ.

ئۇنىڭغا قارىغۇدەك يۈزۈم قالمىغاندەك ھېس قىلدىم. پەرۋەر-

دىگارىم، بىز بىر - بىرىمىزگە نەقەدەر چوڭقۇر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردۇق - ھە!

سەمىمىيلىك بىلەن:

ساللىي ماكبىرد

22 - ئىيۇل

ئەسكەرتىش: توم مامىينى ئىشچىلار ئىشلىتىۋاتقان سېمونت لايغا ئىتتىرىۋېتىپتىكەن، ئۇ ئازراق يارىلىنىپتۇ. مەن دوختۇرنى چاقىرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ.

## 83

قەدىرلىك خانىم:

ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئىچكى خەۋەرنى سىزگە دوكلات قىلىماقچىمەن:

بۇ جون گرىئېر دارىلئېتامى مۇدىرىنىڭ سەتچىلىكى، ئەمما بۇ ئىشنى سىرتقا يېيىۋەتمەڭ. ۋەزىپەمدىن مەجبۇرىي چېكىندۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، نۇرغۇن تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن.

سەھەردە دېرىزىنى ئېچىۋىدىم، قۇياش نۇرى ئېتىلىپ كىردى. مەن قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگىنىمچە فلوبىرنىڭ «ھېسسىيات تەربىيىسى»نى ئوقۇدۇم. ئەسەردە: «سەۋرچان بول، بالىلار بىلەن ئوبدانراق پىكىرلەش، ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق بالا بىزگە كۆرۈنگىنىدەك ئۇنداق ئەسكى ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشى بەدىنىنىڭ ماسلاشمىغانلىقى ياكى زېرىككەنلىكىدىن بولغان، خالاس. شۇڭا، ئامال بار ئۇلارنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراش، جازالاش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق كېرەك» دېيىلگەنىدى. مەن بالىلاردا مېھىر - مۇھەببەت ۋە شەيئىلەرگە بولغان ئىجابىي پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىپ كەلدىم. ئەمما، دەل شۇ تاپتا دېرىزە سىرتىدا بىر ئالاقاپ بىر كىچىك جانغا ئازار بېرىۋاتاتتى.

— ئۇنىڭغا ئازار بەرمە، جوننى.
— ئۇنى قويۇۋەت!
— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت!
قانداقتۇر بىر هايۋان باللار ئارىسىدا نالە قىلاتتى. مەن كىتابنى تاشلاپ بىنادىن يۈگۈرۈپ چۈشۈۋىتىپ، يان ئىشىكتە ئۇلارغا دوقۇرۇشتۇم. ئۇلار مىنى كۆرۈپ، دەرھال ئىككى يانغا ئۆتۈشتى. ئەسلىدە جاننىي كارلو بىر چاشقاننى خارلاۋاتقانىكەن. تەپسىلاتىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۇرىدۇ. مەن بىر بالىنى بۇ كىچىك هايۋاننى تىزدىن تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋىتىشكە بۇيرۇپ، جاننىينىڭ ياقىسىدىن تۇتقىنىمچە ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە سۆرەپ ماڭدىم. جاننىي تىرەجەپ، ھە دەپ تىپچەكلەيتتى. ئۇ ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن، بويى ئىگىز بولۇپ، بەئەينى كىچىك يولۋاسنىڭ ئۆزى ئىدى. ھەربىر تۇۋرۇك ۋە ئىشىكتىن ئۆتكەندە، مەھكەم ئىسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بۇنداق بالىلارنى قانداق ئەدەپلەش ھەققىدە ئويلىناتتىم. بەلكىم، ئىرېلاند قىزىنىدىكى ئىزگۈ ھېسسىياتىم بەكلا كۈچلۈك بولسا كېرەك، مەن ئاشخانىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ساپلىقنى ئېلىپ بار كۈچۈم بىلەن شۇنداق ئۇردۇمكى، جاننىي بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلگىنىچە ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى، نەچچە مىنۇت ئىلگىرىكى نوچىلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.
دوختۇر كەلدى، ئۇ ناھايىتى ھەيرانلىق ئىلكىدە «كاپلا» قىلىپ قولۇمدىكى ساپلىقنى تارتىۋېلىپ، جاننىينى يېنىغا تارتتى. جاننىي دوختۇرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشقىنىچە تۇراتتى. ئاغزىمغا ھېچقانداق گەپ كەلمەيتتى، ئاچچىقتىن كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلەتتى.
— ئۇنى ئىشخانىغا ئاپىرايلى، — دوختۇر سۆزىنى تۈگىتىپ، بىز ئاشخانىدىن چىقتۇق. جاننىي مەندىن يىراق قېچىپ، دەلدۈگۈنگىنىچە ماڭاتتى. جاننىينى ئىشخانىغا سولاپ قويۇپ، دوختۇر بىلەن ئىككىمىز يېنىپ چىقتۇق.

— چانىبېغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر مەندىن.

ئۇستەلگە بېشىمنى قويۇپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتىم. مەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە چارچىغان، ساپلىق بىلەن ئادەم ئۇرۇپ كۆچۈم خورىغانىدى.

ۋەقەنىڭ جەريانىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردىم. دوختۇر: «كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ. چاشقان ئۆلۈپتۇ، ئىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى» دەپ تەسەللى بەردى، يەنە تېخى: «يىغلىغۇچىلىڭ، بۇنىڭ سىزگە پايدىسى بار» دەپ، بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ بەردى. ئۇنىڭ بېشىمنى يەڭگىل سىلىغان ـ سىلىمىغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ شۇنداق ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ تالاي قېتىم مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەسەبىيلىكى تۇتقان باللارغا مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بۇ يەنە بىزنىڭ بىر ھەپتىدىن بېرى سالامدىن باشقا تۇنجى قېتىملىق رەسمىي ئالاقىمىز ئىدى.

مەن يىغلاپ ھارغاندىن كېيىن، كۆلگىنىمچە قولياغلىق بىلەن يېشىمنى سۈرتتۈم. ئاندىن بىز چانىبېنىڭ ئىشىنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدۇق. دوختۇر چانىبېدا خارلاش تىپىدىكى ئىرسىي ئامىل بار، دەپ قارىدى. ئادەتتە، نورمال باللاردىمۇ بۇنداق رەھىمسىزلىك كۆرۈلىدۇ. بىز بۇ خىل ئەھۋالغا چوقۇم سوغۇق قانلىق بىلەن باشقا كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. چانىبې تېخى ئەمدىلا ئون ئۇچ ياشقا كىردى، ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئەخلاق قارىشى يوق، دېيىشكە بولىدۇ.

ئارقىدىن، دوختۇر مۇدىر جانابلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، كۆزۈمگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەردى. ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، چانىبېنى چاقىرىپ كىردىم. ئۇ ئۆرە تۇرغىنىچە دوختۇرنىڭ مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالدى. چانىبې: «چاشقان دېگەن زىيانداش» دېدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئەمما ھېچبولمىغاندا ھايۋانلارنىڭ ئازابىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە

چۈشۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇ بىچارە چاشقانچاقنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى چۈشەندۈردى. دوختۇر يەنە ئۇنىڭغا ھەر-قانداق زىيانكەشلىكنىڭ قورقۇنچاقلارنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەلۋەتتە، دوختۇر ھايۋانلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرگە قاراشنى ئۆگەتمەكچىدى. ئاخىردا ئۇ كىتاب ئىشكاپىدىن روبېرت بۇرنىستنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ئېلىپ، بالىغا نېمە ئۈچۈن شوتلاندىيىلىكلەرنىڭ بۇ شائىرنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇلۇغ شائىر ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— بۇ ئۇنىڭ چاشقان ھەققىدىكى شېئىرى، — دېدى ئۇ ۋە بىر ۋاراقلاپلا «قاراڭ، بۇ بىچارە بايقۇشقا»نى ئاچتى. ئۇ ئوقۇغاچ چۈشەندۈرەتتى. ھەي، پەقەت «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»لا مۇشۇنداق قىلالايدۇ.

چاننىي كېتىدىغان چاغدا، بىر ئاز پۇشايمان قىلدى. «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» نەزىرىنى ماڭا يۆتكەپ، بەكلا چارچاپ كەتكەنلىكىمنى، بىر ھەپتە ئوبدان ئارام ئېلىشىم كېرەكلىكىنى، دارىلئېتامغا بېتسىي ۋە ۋىستېر ئەپەندىنىڭ نۆۋەتلىشىپ دىجورنىلىق قىلىپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ كۈننى قانچىلىك كۈتكەنىدىم ـ ھە! ئۆزۈمنى ئارام ئالدۇرۇشقا، قارىغايلارنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن نەپەسلىنىشكە موھتاج ئىدىم. ئۆتكەن ھەپتە ئائىلىمىزدىكىلەر دالىغا چىققانىكەن، بارمىغىنىڭ قاملاشمىدى، دېيىشتى. ئۇلار خىزمىتىمنىڭ ئارام ئالىمەن دەپلا ئارام ئالغىلى بولىدىغان خىزمەت ئەمەسلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. بىراق، ئازراق ۋاقىت چىقىرالايمەن. دارىلئېتام قوڭغۇراقلىق سائەتكىلا ئوخشايدۇ، ھازىر ئۇنىڭ پۇرژىنىسىنى تەڭشەپ قويدۇق، ناھايىتى تەبىئىي ئايلىنىدۇ. مەن كېلەر دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە پويىزغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن.

سايلىقنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى دوختۇرنىڭ چاشقان ھەققىدىكى شېئىرى تۇپەيلىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر چاننىي پۇشايمان قىلىپ، ئۆزد-

گە بېرىلگەن جازانىمۇ قوبۇل قىلدى. ئەمما، ھازىر مەن ئاشخانىغا كىرسەم، سۇزان بەكلا قورقىدۇ. ئەتىگەن غەرەزسىزلا شورپىنىڭ ئازراق تۇزلۇق بولۇپ قالغانلىقىنى دېۋىدىم، ئۇ دەرھاللا ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدى.

ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇزدا، مەن بەش قېتىم تېلېگرامما كەلگەندىن كېيىن بېكىتكەن سەپىرىمنى باشلىماقچىمەن، مەن خۇشال، خىرامان ھالدا كۆلدە قېيىق ھەيدەشنى، ئورماندا سەيلە قىلىشنى، كۇلۇبلاردا تانسا ئويناشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە! پۈتۈن بىر ئاخشام مۇشۇلارنى چۈشەپ چىقتىم. بۇ يەرگە نىسبەتەن بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمەپتىكەنمەن.

— راستتىنلا بىر مەزگىل ئايرىلىپ، ئوبدانراق ئويناپ كېلىڭ، سەپىرىڭىز كۆڭۈللۈك بولسۇن، — دېدى دوختۇر.

ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىشتىنمۇ ئارتۇق دەم ئېلىش ئۇسۇلى بولمىسا كېرەك. بۇنداق داۋالاش ئادەمنى بەكلا خۇشال قىلىدىكەن. بۇ يەرگە قايتا كەلگىنىمدە چوقۇم روھلۇق ھالدا سىنى ۋە ئالدىراش باھارنى كۈتۈۋالىمەن.

ئاۋۋالقىدەك تۇرغان:

سالليې ماكبىرد
24 ـ ئىيۇل

ئەسكەرتىش:

سىنىڭمۇ سېپىمىزگە قوشۇلۇشۇڭنى بەكلا ئۈمىد قىلىمەن. جىمى بىلەن كولتونمۇ بىللە بارىدۇ. ھەي، ئەپەندىلەر ياندا بولسا نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك ـ ھە!

## 84

قەدىرلىك جۇدى:

بۇ يەرنىڭ تاغلىرى تۈزلەڭلىكلەرنىڭكىدىن كۆپ ئېگىز،

سۇلىرى سۈزۈك، دەرەخلىرى تېخىمۇ يېشىل ئىكەن.

بۇ يىل كېچىكىپرەك كېلىپ قاپتۇق. كۆل بويىدا بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇرىدىكەن. كۇلۇبتا ئۇسسۇل ئوينايدىغانلارمۇ بەكلا بىچارە ئىكەن. بەختىمىزگە، تانسا ئويناشقا ئامراق بىر سىياسىيونىمىز بار. شۇنداق ئىكەن، ھەمراھسىز قېلىشتىن غەم قىلمايمەن.

بىز كۆلدە قولۋاق ھەيدەپ سەيلە قىلىۋاتقىنىمىزدا، مەيلى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ياكى دارىلئېيتامنىڭ ئۇششاق ئىشلىرى بولسۇن، ھەممىسىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋەتتۇق. كېلەر دۈشەنبە ئەتىگەن سائەت يەتتە ـ سەككىزلەردە قايتىشنى پەقەتلا خالىمايمەن. ئۇ چاغدا، بۇ يەردىكى ھەممىگە خوش دېيىشىم كېرەك. ئەڭ يامان بولغىنى دەم ئېلىش باشلىنار ـ باشلانماي، قايتىشنىڭ قارا كۆلەڭگىسى سايە تاشلاپ كەلدى.

بالكوندا بىرى مېنى كۈتۈۋاتىدۇ.

خوش!

ساللىي ماكبىرد
ماكبىرد ئائىلىسىنىڭ چېدىرى
29 ـ ئىيۇل

## 85

قەدىرلىك جۇدى:

يەنە دارىلئېيتامغا قايتىپ كەلدىم. قايتىپ كېلىپلا، مەندىن تاياق يېگەن چاننېينىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلىپ، ئۈستىگە «ھايۋانلارنى خارلاشنى چەكلەش شۆبە جەمئىيىتى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان ئىزناكنى مەيدىسىگە تاقىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئەسلىدە مەن دەم ئېلىشقا كەتكەندە، دوختۇر ھايۋانلارنى خارلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا چاننېينى مەسئۇل قىلغانىكەن.

چاننېينىڭ تۈنۈگۈن قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ئىشچىلارنىڭ قو-

رۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇۋاتقان ئاتلارنى ئۇرغانلىقىنى ئەيىب-لىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۈلكەمنى بېسىۋالالماي قالدىم.

سەن يەنە تۆت كۈندىن كېيىن كېلىسەن، بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئىشلارنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەڭ ئېسىللىرى تېخى كەينىدە، كەلگەندىن كېيىن ئالدىرىماي ئاڭلاپ ھوزۇرلان. بەلكىم قورقۇپ كېتىشىڭمۇ مۇمكىن، تەرسا سادى كايتىنىڭ چىرقىراش-لىرىغا قولاق سالغىن، جېيىن ئۇنىڭ چېچىنى ياساۋاتىدۇ.

ئەمدى ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى ساڭ-گىلىتىپ يۈرمەيدۇ. دارىلئېيتامدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى پاكىز، قىرقىم چاچ قويۇپ يۈرىدۇ.

— بۇ ئۆرۈمە چاچلاردىن شۇنداق بىزارمەن، — دېدى جېيىن قاقشاپ.

بۇ بالىلارغا قىرقىم چاچلارنىڭ قانچىلىك ياراشقىنىنى كۆ-رسەن. چوقۇم ئۇلارنى بېقىۋېلىشنى خالايدىغان ئادەم چىقىدۇ. سادى كايت خۇددى ئوغۇل بالىغا ئوخشاش، توغۇلۇشىدىنلا مۇس-تەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭغا بېقىۋېلىنىش پۇرسى-تى كېلىپ قالسا، ئاشۇ يار-يۆلەكسىز دوستلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن.






يېڭى فورمىنى سەن كىلىشتىن ئىلگىرى كىيدۈرۈشكە قىيىماپتىمەن. بۇ چىرايلىق كىيىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى كۆك چاقماق كىيىملەرنىڭ قانچىلىك سەتلىكىنى بىلىسەن. ھەربىر قىز بالىنىڭ ئوخشىمىغان رەڭ ۋە پاسوندىكى ئۈچ قۇر كىيىمى بار. ھەممىسىنىڭ يېڭىنىڭ ئۈچىغا ئىسمى كەشتىلەنگەن. لىپ خانىم تازىمۇ ھۆرۈن ئىكەن. ھەر ھەپتىدە بالىلارغا كىيىمنى يۇيۇپ بېرىپلا بولدى قىلغانىكەن. بۇ، بالىلارنى بوزەك قىلغانلىق ـ دە، سادى كايت چوشقىدەك چىرقىراپ كېتىۋاتىدۇ، قۇلىقى كېسىلىپ كەتتىمۇ، نېمە؟

ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنداق بولماپتۇ، ئۇنىڭ چىرايلىق قۇلاقلىرى ساپساق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ پەقەت چاچتىن ئايرىلىش ئازابىنى باشقىلارغا ۋارقىراپ بىلدۈرگۈسى كېلىپ قالغان گەپ.

ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىدىن باشقا يېزىشقا ئەرزىگۈدەك يەنە قانداق ئىشلار بارلىقىنى بىلمىدىم، شۇڭا ھەممىنى دەۋېتەي، ئاڭلاپ خۇشال بولارسەن:

مەن توي قىلىشقا پۈتۈشتۈم.

سىلەرگە بولغان مۇھەببىتىمگە بېغىشلاپ:

ساللىي ماكبىرد

## 86

قەدىرلىك جۇدى:

بېتسىي ئىككىمىز يېڭى ماشىنىمىزنى ھەيدەپ، ھېلىلا بازىدىن كەلدۇق. شەكسىزكى، بۇ دارىلئېتامىنىڭ تۇرمۇشىغا ئازتولا ھاياتلىق تۇسى قوشىدۇ. ماشىنا يولغا يېقىن يەردىكى شادۋېلل ئائىلىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. ئىشىك قۇلۇپلاقلىق، پەنجىرىلەر ھىم ئېتىك ئىدى. قاتتىق يامغۇردا بۇ ئۆيخۇددى ئادەم ئولتۇرمىغان ئۆيدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى، ھېلىقى كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن كۆرگەن ھالىتىگە بىر ئازمۇ ئوخشى-

مايتتى. ياز گويا ھاياتلىقنىڭ بىر قىسمىدەك ئۆتۈپ كېتەيلا دەپ قالدى، ئەمما نامەلۇم كەلگۈسى تاپ بېسىپلا كەلمەكتە. تۇي ۋاقتىنى يەنە يېرىم يىل كېچىكتۈرگۈم بار. بىراق، كولتوننىڭ ھەيرانۇھەس قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئارىسالدى بولۇۋاتقىدىنىم ئەمەس، ماڭا كەلگۈسۈم ھەققىدە ئويدانراق ئويلىنىپ بېقىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. مارت ئېيى كېلەيلا دەپ قالدى. ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. مەيلى ئەر ياكى ئايال ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن تۇي قىلىشتىن ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. پەرۋەردىگارىم، مەن بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالمايدىكەنمەن. نىكاھنىڭ ئۆزى ئەسلىدىلا چوڭ ئۆزگىرىش، ئەمما بىر كۆڭۈلۈك ئالدىراشچىلىقتىن كېيىن، مېنىڭ بۇلارغا يۈزلەنگۈدەك ۋاقتىممۇ قالمايدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدا، سەن بۇياقتىن ئۆي سېتىۋالدىڭ، ھەر يىلى بۇ يەرگە سالقىنلىغىلى كېلىسەن. ئۇنداقتا، مەنمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇشۇم كېرەكمۇ، قانداق؟ دارىلئېتامدا ئالدىراش ئۆتكەن كۈنلىرىمنى يىراق بىر جايدا سېغىنىشتىن قورقىمەن. كېلەر يىلى سەن، بۇش، بېتسىي، يەنە ھېلىقى كوت ـ كوت «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» ھەممىڭلار بىللە تۇرىسىلەر. ئەمما، مەن سىلەردىن ئايرىلىپ قالىمەن. بىر يۈز يەتتە بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىنىڭ قەلبىنى نېمە بىلەن تولدۇرغىلى بولىدۇ؟

كىچىك جۈدى ئىككىڭلار چارچىغانسىلەر، سىلەر ئۈچۈن بىرمۇنچە سوۋغاتلارنى تەييارلىدىم. بەزىلىرىنى ئۆزۈم، بەزىلىرىنى جېين ياسىدى. يەنە ئىككىسى تېخى دوختۇرنىڭ ئەمگىكى دېگىنە. بۇ ئادەمنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلى شۇنچە ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىككۈچىلىك ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇ ھۈنەرنى كىچىك چاغلىرىدا شوتلاندىيە يايلاقلىرىدىكى بىر قېرى پادىچىدىن ئۆگەنگەنىكەن.

ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن، يەنە شۇنداق ئەدەپ

بىلەن ئۇلتۇرۇپ چاي ئىچتى، ئەمما تېزلا سوغۇق ھالىتىگە قايتـ-
تى. ئۇنى ئىككىنچى چاقىرمايمەن. ھەرقانداق ئەرنىڭ ئۆيىدە ئېـ-
لىشىپ قالغان خانىمى بولسا، تولىمۇ ئۇمىدسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ
بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلاشقۇم بار ئىدى. بۇنداق خىياللار
ئادەمنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالسا، ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەس.
بەلكىم خېتىمدە سەن كۈتكەن نەرسىلەر يوقتۇ.

نەمخۇش كۆز ھاۋاسىدا كەيپىم بۇزۇلدى. سەللا دىققەت قىلـ-
مىسام، ئۆزۈمنىڭ تېرىككەك بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن.
كولتوننىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلاش قابىـ-
لىيىتى بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. ناۋادا ئىلگىرىكى خۇشال ۋە
سەگەك ھالىتىمنى ساقلىيالمىسام، كۆڭلىرىمىز قانداق ئۆتەر؟

جېرۋىس بىلەن جەنۇبقا بېرىش نىيىتىگە كېلىپ بولدۇڭمۇ؟
بىلمەن، جېرۋىستىن ئايرىلىشنى خالىمايسەن. ئەمما، شۇنداق
كىچىك بالىنى ئېلىپ جەنۇبقا بېرىش بەكلا قۇلايسىز، ئاۋارىچىـ-
لىكىمۇ بار.

باللار بىلەن كارىدوردا مۆكۈشمەك ئوينىغۇم كېلىدۇ.
شۇنداق قىلغاندا، ئۆتمۈشكە قايتقىلى بولاتتى. كەيپىياتىمنى
ياخشىلاشقا تىرىشىۋاتىمەن. ئەمما....

خەير - خوش!

ساللىي ماكبىرد

جون گرىئېر دارىلئېتامى

ئەسكەرتىش:

دېكابىر ئېيى نېمىدېگەن سوغۇق - ھە! بىز چېدىردىكىلەرنى
ئۆيگە ئەكىرىۋالماقچى بولۇۋاتىمىز. ھازىر ئىنىدىئان بالىلىرى
ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشتى. ئەددـ-
يال، چايدان قاتارلىقلار كۆپەيتىپ بېرىلدى. بۇ چېدىرلارنىڭ بۇ-
زۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگۈم يوق. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى
چوڭ. ئېھتىمال ئىنىدىئانچاقلىرىمىز كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن،
كانادالىق ئوۋچىلاردەك سالاپەتلىك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

## 87

قەدىرلىك جۇدى:

ئانا نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە! دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈ-شەنگەنسەن. كىچىك جۇدىنى ئېكۋاتورنىڭ ئاپتىپىغا قاقلىۋەتمە-سەڭلا، كارىب دېڭىزىدەك ئىسسىق جايغا ئاپارساڭ بىخەتەر بولىدۇ ھەم ساغلام ئۆسىدۇ. ئۆيۈڭگە دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، يەنە تېخى ئىللىق دېڭىز شامىلى، ئارقا ھويلىدا يەنە مۇز ياساش ما-شىنىسىمۇ بار. ئىرېلاندىيىلىك دوختۇرمۇ ئۇدۇلدىلا ئولتۇرىدۇ، ھەممىسى شۇنداق مۇۋاپىق.

ئۆتكەندە پەقەت شەخسىيەتچىلىك قىلىپلا ئازراق قارشى تۇرغانىدىم. قىشتا سەن كەلمىگەن بولساڭ، بەكمۇ غېرىبسىنىپ قالار ئىكەنمەن. ئىسسىق بەلۋاغ دۆلەتلىرىنىڭ تۆمۈر يولى، دې-ڭىزقاي ئىدىشلىرى، كاۋچوكزارلىقلىرى، ئۆزىمۇ بەكلا ياخشى. ئېھتىمال، كولتون بۇ گۈزەل جايغا قىزىقىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار مېنى كەلگۈسىدىكى رومانتىكىدىن ئاز ـ تولا بول-سىمۇ ھاياجانغا سالالار. ئەمما، ھوندۇراس، نىكاراگۇئا، كارىب دې-ڭىزىدىكى تاقىم ئاراللارغا سېلىشتۇرغاندا، ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايوننىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق.

بەكمۇ ئۇمىدسىزلەندىم. خەير ـ خوش، قەدىرلىكىم!

خەير ـ خوش!

سالليي ماكبىرد
20 ـ نويابىر

## 88

قەدىرلىك كولتون:

جۇدى ئاللىقاچان شەھەرگە قايتىپ كەلدى، كىيلەر ھەپتە يا-

مايكىغا بىرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. جىرۋىس تەۋەككۇلچىلىك هايا-تىنى داۋاملاشتۇرۇۋىتىپتۇ. ئۇ پاراخوت بىلەن ئەتراپتىكى دې-ڭىزلارغا بارغۇدەك. كارىب دېڭىزى قىرغاقلىرىغا قىزىقامسىز؟ ئەگەر سىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىڭىز رومانتىك هەم خەتەرلىك ئىشلار بولغان بولسا، بۇ يەردىن رازىمەنلىك بىلەن ئايرىلىپ سىزگە ئەگەشكەن بولاتتىم. مېنىڭچە، ئاق كاناپتىن تىكىلگەن كىيىم كىيىسىڭىز چوقۇم بەكلا يارىشىدۇ. ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىر ئەرنى مەڭگۇ سۆيىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

جۇدىنى قانچىلىك سېغىنىدىم ـ هە! ئۇنىڭ كېتىشى تۇرمۇ-شۇمدا ناهايىتى زور بوشلۇق پەيدا قىلدى. سىزنى كۆرسەممۇ بەك خۇش بولاتتىم، نېمىشقا تېزرەك كەلمەيسىز؟ يېقىندىن بېرى بەك چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم، كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس. مۇشۇنداق چاغدا، ئىككىمىز يىراق ـ يىراق جايلاردا ئايرىلىپ تۇرماي يې-نىمدا تۇرغان بولسىڭىز، سىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر سۆيگەن بولات-تىم. سىز يېنىمدىكى چېغىڭىزدا، ئادەمنى ئۇخلىتالايدىغان بىر خىل سېھرىڭىز بار ئىدى. ئەمما، سىز كېتىۋىدىڭىز، بۇنداق سې-هىر بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. سىزنى كۆرسەم بارلىق تۇيغۇ-لىرىم يەنە ئەسلىگە كېلەتتى. ئەجەب ئىش، سىز كەتكىلى بەك ئۇزاق بولدى، تېزرەك كېلىپ، سېھرىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ.

سالليي ماكبىرد
24 ـ نويابىر

## 89

قەدىرلىك جۇدى:

ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا، كەلگۈسى پىلانلىرىمىزنى تۈزۈپ چىققانلىرىمىز يادىڭىزدىمۇ؟ هەممىمىز جەنۇبتا تەرەققىي قىلىپ، غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلايتتۇق. جەنۇبتىكى ئاراللار سېنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى سەندە مۇشۇنداق هاياجان

ۋە كەچۈرمىشلەر بولغانمۇ؟ سەھەر پەيتىدە، دېڭىز سۈيى شۇنداق كۆك، پالما دەرىخى شۇنداق يېشىل، دېڭىز ساھىلى بولسا، ئەبەدىي ئاق، ئۆزۈڭنىڭ كىنگستون پورتىدا توختاپ قالغانلىقىڭنى بايقايسەن.

دېڭىز بويىدا ئويغانغان چاغدىكى تەسىراتىم ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇۋېتىپتۇ: ئۆزۈمنى خۇددى ساختىلا تۇيغۇغا چۆمگەن ئوپېرا ئارتىسى، يەنە كېلىپ، باش رولچىدەك سەزگەنىدىم، بەكلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ياۋروپادىكى تۆت قېتىملىق ساياھىتىمنىڭ ھوزۇرى بۇ قېتىمقى ئۈچ ھەپتىلىك ساياھىتىمنىڭ ھوزۇرىغا يېتەلمەيتتى. مۇشۇلارنى ئويلىسام گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ. بىر ۋاخ مېكسىكا قورۇمىسى يېيىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن ــ ھە! ئېھتىمال، سەن ئىزچىل تۇردە مېنى كرىئول ياكى ئىسپانىيە يېمەكلىكلىرىنى ياقتۇرىدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن. بۇ قېتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. قانداق قىزىق ئىش ــ ھە! ئەمما، مەن پەقەت تومۇردا ئىنگلاند، ئىرېلاند ۋە شوتلاند قېنى ئېقىپ تۇرغان سوغۇق قانلىق جانلىقمەن. بۇ مېنىڭ جەنۇبقا شۇنچە ئىنتىزار بولۇپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك.

پالما سېغىنار قارىغاينى، قارىغايمۇ پالمىنى ھەم.

سېنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، ھاياجان ئىلكىدە دەرھال نيۇيوركقا قايتىپ، قولۇمغا بىر دەستە كۆك رۇخسارگۇل تۇتۇپ، بىر يۇرۇش كۆك كىيىم كىيىپ ساياھەتنى باشلىۋەتكۇم كەلدى. ئۇ چاغدا، خۇشال ھالدا كولتونغا «خوش» دەپ قويۇپ، پايانسىز كەڭرى دۇنياغا قەدەم تاشلىغان بولاتتىم. بەلكىم نەزىرىڭدە كولتون بىلەن بۇ دۇنيانىڭ سېغىنىشالمايدىغان ھېچقانداق يېرى يوقتۇ. سېنىڭ ئېرىڭگە قانداق قارايدىغانلىقىڭنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن. مېنىڭچە، نىكاھ گۈزەل ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق تۇرمۇش تۈزۈمى، شۇنداقلا شەخسىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان تۈزۈم. ئۇ ئەرلەرنىڭ زۆرۈر بۇيۇمىغا ئايلانغان، چۈنكى تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، كۆڭلەر جۇلاسىنى يوقىتىپ، كىشىنى ھاياجانغا سالالمايدۇ. ھاياتنىڭ ھەقىقىي نېمەتلىرىدىن بەھرە ئالغىلى بولمايدۇ.

تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، مەن ئۆچۈن ئېيتقاندا، بىر ئەر قانا-
ئەت تۈيغۇسى پەيدا قىلالمايدۇ. مەن ئوخشاش بولمىغان ئەرلەرنىڭ
ۋۇجۇدىدىن تۈيغۇ ئىزدەشنى ياقتۇرىمەن. بەلكىم بۇ مېنىڭ ياش
ھەم بىغەرەزلىكىمدىن بولسا كېرەك. مېنىڭ ھېسسىياتىم تۇراقسىز.

رەسمىي گەپكە كەلسەك، سېنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن
نيۇيوركقا قايتتىم. قەلبىمنى بىر خىل قورقۇنچلۇق بوشلۇق
ئوراپ تۇراتتى. بىز ئۈچ ئايدىن بېرى شۇنداق يېقىن جايدا تۇرۇپ
مۇڭداشقانىدۇق، ئەمدى تاغلاردىن ھالقىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئا-
سانمۇ! سىلەر چىققان پاراخوت يولغا چىققاندا، مەن ئەسەبىيلەرچە
قول پۇلاڭلاتتىم. ئەمما، جېرۋىس ئىككىڭلار پالوبا ۋادىكى يېنىدا
ھېچقانداق ئىپادىسىز تۇراتتىڭلار، سەن ۋۇلۋورس بىناسىغا قاراپ
تۇراتتىڭ. ئۆيۈڭنى ئويلىغانمىدىڭ؟

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، تۈرلۈك ماللار شىركىتىگە مال
سېتىۋالغىلى بېرىپ، ئايلانما ئىشىكتە خېلىن كايلۇر بىلەن
ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن چىقماقچى، ئۇ كىرمەكچى ئىدى. مەن
تېخى بۇ ئىشىكنى مەڭگۈ مۇشۇنداق ئايلىنىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنـ-
مەن. بىز ئاخىر ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەللىك
شىلەپە، ئون بەش پايپاق، بىر پوپايكا، يەنە ئىككى يۇرۇش ئىچ
كىيىم سېتىۋالدىم. بىز ماڭغاچ پاراڭلىشىپ، ئەللىك ئىككىنچى
كوچىغىچە بىللە باردۇق. «قىزلار ئالىي مەكتەپ كۇلۇبى»دا چۈش-
لۈك تاماق يېدۇق. مەن بۇرۇندىن خېلىننى ياقتۇراتتىم. گەرچە
ئۇ بەك كۆزگە كۆرۈنگەن قىزلاردىن بولمىسىمۇ، تەمكىن، ئىن-
شەنچلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپلارنى تەب-
رىكلەش كومىتېتىغا مەسئۇل بولغانلىقى يادىڭدىمۇ؟ مەيلدرېد
ھەممە ئىشنى بۇزغان بولسىمۇ، ھېلىمۇ ياخشى خېلىن ئۇ
ئىشلارنى يىغىشتۇرغان. ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام، قانداق
قىلاتتىمكىن. بەك ھەسەت قىلساممۇ، ھەقىقەتكە يۈزلەنمەي ئىلا-
جىم يوق.

خېلىن مەندىن:

— ئالدىنقى نۆۋەت جۇدىنى قاچان كۆرگەنىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئون بەش مىنۇت ئىلگىرى، ئۇ ئېرى، قىزى، چاكىرى بىلەن بىللە بىر ئاندالۇ ئىتىنى ئېلىپ، پاراخوت بىلەن ئىسپانىيىگە كەتتى.

— ئېرى قانداقراق ئىكەن؟

— مۇكەممەل تىپتىكىلەردىن.

— ئۇ ئېرىنى سۆيەمدىكەن؟

— بۇنداق ئېجىل بىر جۇپلەرنى كۆرۈپ باققىنىم يوق.

خېلىن يېقىندىن بېرى ناھايىتى چۇشكۇنىدەك كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن سەل ھەيران قېلىپ، دەرھال سۆز تېمىسىنى يۆتكىدىم. ئەمما، ئۇ يەنىلا ماڭا ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، ھازىر نيۇيوركتىكى بىر نەشرىياتتا تەھرىرلىك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئاجرىشىش سەۋەبى پەقەتلا مىجەزى كېلىشەلمىگەنلىكتىن ئىكەن. نۇرغۇن مۇتەئەسسىپ كىشىلەر بۇ خىل ئۇسۇلنى كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋەتكەنلىك دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما، ئويلاپ باقە، داۋاملىق بىللە ئۆتىۋەرسە، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ئاجرىشىپ كېتىپتۇ.

(شەنبە چۇشتىن بۇرۇن)

ئەسلىدە بالدۇرراق خەت ئەۋەتەي دېگەنىدىم، ھازىر خەتلەر بىر دۆۋە بولغان بولسىمۇ، بىرەر پارچىسىنىمۇ ئەۋەتمىدىم.

بىرقانچە سوغۇق كېچە ئۆتۈپلا، سىرتتا قىرو تۇتتى. كېچىدە ئويغانسام، ھەممە تىمتاس ھەم تىنچ ئىدى. قېلىن ئەدىيالدا نەپەس ئالالماي قالغانىدىم، ئۇنى قايرىۋېتىپ راھەت تاپتىم. ئون تۆت بالا ساپ ھاۋالىق پەرۋىشخانىدا ياتاتتى. بالا باققۇچى خۇددى چوشقىدەك خارقىراپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. نائىلاج ئۆزۈم ئورنۇمدىن تۇرۇپ چارلىدىم. بالىلارنىڭ ئۇستىدىكى ئەدىياللارنى قايرىپ قويدۇم، ئۆزۈم ئۇخلىيالماي قالدىم. ئەزەلدىن مۇنداق ئۇيقۇم قېچىپ باقمىغانىدى. ھەر قېتىم ئۇخلىيالمىغاندا، بىر-

مۇنچە ئىشلار ھەققىدە ئويلىناتتىم، بۇنداق ۋاقىتتا كاللام بەكلا ئىشلەيتتى.

مەن خېلىنى ئەسكە ئالدىم، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئويلىدىم. نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، ئۇنىڭ تراگېدىيىسى قەلبىمنى چىرمىۋالغاندى. ئەمدىلا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بىر قىز ئۈچۈن بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالساق قانداق قىلارمىز؟ بىر خىل قورقۇنچلۇق ئىسيان قەلبىمنى چىرمىۋالدى. مەن قارا نىيەت ئەمەس، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشۇمدا، مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق سەۋەب يوق. ئۇنىڭ بارلىقى، يەنى بايلىقى بىلەن مەرتىۋىسىنىڭ ھېچقايسىسى مېنى قىلچىلىك قىزىقتۇرالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇش ئاياللىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس. ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان خىزمىتىمدىن ۋاز كېچىشىم كېرەك. ساڭا ئايان، بۇ بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاش خۇددى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلغانغا ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك. مەن بۇ خىزمەتنى ھەقىقەتەن ياقتۇرۇپ قالدىم، مەيلى كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېخىمۇ سەۋرچان بولىمەن. بۇ يەردە كۈندە دېگۈدەك نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشتىن كېلىدىغان خۇشاللىقنى ھېس قىلالايمەن. يېڭى بىر ھەپتىدە، ئالدىنقى ھەپتىدىكى نادانلىقىم ئۈچۈن چۆچۈپ تۇرىمەن. دارىلئېتام مېنى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىزگۈلۈككە يەنىمۇ بىر قەدەم يېقىنلاشتۇردى.

ئېھتىمال بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، مەندە بارغانسېرى ئۆز تۇرمۇشۇمغا ھەرقانداق نەرسىنىڭ كاشىلا قىلىشىنى ياقتۇرمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولماقتا ھەم بۇ ئۆزگىرىشتىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم. ئىلگىرى ھەيۋەتلىك يانار تاغنىڭ پارتلىشىنى ياخشى كۆرەتتىم، ھازىر پايانسىز يايلاقنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان ياشاۋاتىمەن. يېزىق ئۈستىلى، كىيىم ئىشكاپى، تارتمىلىرىمنىڭ ھەممىسى ھازىرقى ماڭا ئىنتايىن ماس

كەلگەن، شۇنداق راھەت. كېلەر يىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە نىسبە-
تەن قەلبىمدە ئىسيان كۆتۈرۈلدى. كولتوننى ياخشى كۆرمىگىنىم
ئەمەس، بىراق مەن بالىلارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن.
بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى، دوختۇرىمىزنى پەرۋىشخانىدا
كۆردۈم. ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ ئالاھىدە كۆيۈنۈپ ئاسرايدىغان بالىسى.
ئۇ ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ھاۋا رايى ھەققىدە گەپ ئاچتى. ئۇ مې-
نىڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئەھۋال سوراپ قويۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدىكەن.
بۇ ئېچىنىشلىق خەتتە ساڭا لازىملىق خەۋەرلەر يوق. سىلەر-
نىڭ ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەردە تىلغا ئال-
غۇدەك ئىشلار يوق. ساڭا خۇشاللىق تىلەيمەن. جون گرىئېر
دارىلئېتامىنى ئۇنتۇپ قالمىغايسەن.
مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغىن.

سالليې ماكبىرد
2 ـ دېكابىر

## 90

قەدىرلىك جۇدى:
يامايكىدىن ئەۋەتكەن خېتىڭدىن ۋاقىپلاندىم. كىچىك جۇدى
ئىككىڭلارنىڭ تىنچ ـ ئامان ئورۇنلىشىۋالغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ
بەك خۇش بولدۇم. ئۇياقتىكى ئۆيۈڭنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا دەپ
بەرگىن، ئەڭ ياخشىسى، بىرقانچە پارچە سۈرەت ئەۋەتكىن.
شۇنداق قىلساڭ، كونكرېت تۇرمۇش ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار
بولالايمەن. ئۆزۈمنىڭ بىر پاراخوتى بولغان بولسا، قانداق ياخشى
بولاتتى ـ ھە! ئۇنداق تۇرمۇش قانداق راھەت! ساڭا كىنگستون
پورتىدىن بالاما شىلەپىسى سېتىۋېلىش تەكلىپىنى بەرگەنلىكىمە-
نىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن. سېنىڭ ھېلىقى ئون سەك-
كىز قۇر ئاق كىيىمىڭمۇ بۇ چاغقىچە يىرتىلىپ كەتكەندۇ؟
بۇ يەر ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق.

مىراخن ھېلىمۇ يادىڭىزدىمۇ؟ دوختۇر بۇ بالىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. ئۇ ئائىلىسىنى تاپتى. ئەسلىدە، ئۇ خانىمىغا مۇقەددەس قەدەھنى ئوغرىلىغان ھەيدىنى باقتۇرماقچىدىم. ئۇنى قانداقمۇ ئوغرىلىق دېگىلى بولسۇن؟ ئەمما، ئۇ كۆنى مىراخىننىڭ ئۆزۈن كىرپىكلىرى ھەيدىنى مەغلۇپ قىلدى. خۇددى مارى باسكرت ئېيتقاندەك: «مۇھىمى چىرايلىق بولۇش كېرەك، ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىش چىرايلىق بولۇشقا قاراپ بېكىتىلىدۇ.»

ئۆتكەن ھەپتە قايتىپ كېلىپ، بالىلارغا بىر قېتىم ئاددىي نۇتۇق سۆزلىدىم. مەن ئۇلارغا جۇدى ھەددىسىنى پاراخوتقا چىقىرىپ قويغانلىقىمنى تىلغا ئېلىشىمغا، بالىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئوغۇللارنىڭ خىيالى بىردەمدىلا «پاراخوت» تامان كەتتى. ئۇلار: «پاراخوتتىكى بۆلمىلەر چېدىرىمىزدەك ئۆزۈنمۇ؟ پاراخوتقا بىر كۈندە قانچىلىك كۆمۈر قالىنىدۇ؟ ناۋادا دېڭىز قاراقچىلىرىغا يولۇقۇپ قالسا، پاراخوتتا مىلتىق بارمۇ؟ جۇدى ھەددىمىز مىلتىق ئاتالامدۇ؟ توپىلاڭ چىقسا، كاپىتان ئادەم ئۆلتۈرسە بولامدۇ؟ قىرغاققا چىققاندىن كېيىن دارغا ئېسىلامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. مەن ئەمدى چۈشەندىم، ھەرقانچە ئەقىللىق بولساڭمۇ، بالىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ بولالمايدىكەنسەن. نائىلاج دوختۇرنى چاقىرتىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ بولدى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.


دوختۇر بىر ياخشى چارە ئويلاپ تاپتى. بالىلار دېڭىزغا بەكلا قىزىقىدىكەن، شۇڭا چوڭراق بالىلارنىڭ ئەقىللىقلىرىدىن يەتتىنى نيۇيوركقا ئاپىرىپ، يىراق ئوكيان ساياھەت پاراخوتىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇلار تۈنۈگۈن ئەتىگەن سائەت بەشتە ئورنىدىن تۇرۇپ، سائەت يەتتە يېرىمنىڭ پويىزىدا شەھەرگە مېڭىشتى. بۇ، يەتتە بالىنىڭ ئەڭ ئېسىل تەۋەككۈلچىلىكى ئىدى. ئۇلار چوڭ ساياھەت پاراخوتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىپتۇ، تەلىيىگە دوختۇر پاراخوتتىكى شوتلاند ئىنژېنېر بىلەن تونۇشىدىكەن. ئۇلار پاراخوتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن باشلاپ، بىر قەۋەت، بىر قەۋەت-

تىن ئالا قويماي كۆرۈپ چىقىپتۇ. پاراخوتتا چۈشلۈك تاماق يې-
گەندىن كېيىن، سۇ جانلىقلىرى سارىيى ۋە يېڭى بىنانىڭ ئۆگ-
ىزىسى دېگەندەك جايلارغا بېرىپتۇ، كېيىن ئامېرىكا قۇشلىرىنى
كۆرگىلى شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ، ئاخىردا، دوختۇر خېلى
زورلاپ يۈرۈپ ئۇلارنى مۇزېيدىن ئاچىقىپ، سائەت ئالتىدىن چا-
رەك ئۆتكەندە ماڭىدىغان پويىزغا ئولتۇرۇپ قايتىپتۇ. باللار
ئاشخانىغا كىرگەندە مەيلى ئاز ياكى كۆپ يېسۇن، تاماقلارنىڭ
بىرلا باھادا ئىكەنلىكىنى بىلىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشىپتۇ -
دە، ئۇن چىقىرىشماي بولۇشىغا يەپتۇ. باشقا مېھمانلارنىڭ ھەم-
مىسى توختاپ، ئۇلارنىڭ يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئارىدا
بىر يولۇچى دوختۇردىن ئۇنىڭ مەكتىپىنىڭ مەسئۇلى ياكى ئە-
مەسلىكىنى سوراپتۇ. بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ نەقەدەر يوسۇنلۇق
ۋە غەرەز ئۇقمىغانلىقىنى كۆرۈپ قويساڭ بولىدۇ. لېپ خانىمنىڭ
باللىرىغا نىسبەتەن، بەلكىم كىشىلەر، بۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى
ھېسسىيات يېتىلدۈرۈش مەكتىپىگە بېرىش كېرەكمۇ، قانداق،
دەپ سورىشى مۇمكىن.
ئۇلار سائەت ئون بولغاندا، قايتىپ كېلىشتى. رېمونت قى-
لىش، ماشىنا، سەككىزئاياغ، ئېگىز - ئېگىز بىنالار ۋە جەننەت
قۇشى ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشتى. بۇنداق خۇ-
شاللىقلار چوقۇم ئۇلارنى ھاياجاندىن ئۇخلاتمايدۇ. مەن بۇنىڭدىن
كېيىن مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئو-
يىد قىلىمەن. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار تەپەككۇرى جانلىنىپ، ئاتا -
ئانىسى بار باللارغا تېخىمۇ ئوخشايتتى. دوختۇر خېلى قالتىس
ئىكەن، سېنىڭچىچۇ؟ ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىنىڭ كۆرۈپ باققۇچى-
لىكى بار. ئۇ مىننەتدارلىق سۆزلىرىمنى كۈتمەيلا، قولىنى بىر
سىلكىپ مېنى بىر ياقتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، سىمىس خېنىمغا:
«دورا سۈيۈقلۇقىنى بەك كۆپ ئىشلىتىۋەتمەڭ، دارىلئېتام دوخ-
تۇرخانا ئەمەس» دېدى.
«بوكسچى» قايتىپ كەلدى. ئۇ ھازىر بەك ئەدەپلىك بولۇپ

كەتكەندى. ئۇنى بېقىۋالىدىغانلارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. ئەسلىدە ھېلىقى ئىككى مومايدىن ئۈمىد كۈتكەندىم، ئەمما ئۇلار بالىنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەپ قويىدىغانلىقىنى سېزىشىپ، سا-ياھەتكە چىقماقچى بولۇشۇپتۇ.

«بوكسچى» ھېلىلا سىزىپ چىققان رەڭلىك رەسىمنى قىس-تۇرۇپ قويدۇم. بۇ پاراخوتنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تۇرغانلى-قى تېخى دەلىللىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. قارىماققا ئارقىغا قاراپ تۇرغاندەك، تاكى بىروكلىنغا بارىدىغاندەك قىلىدۇ. كۆك رەڭلىك قىرىندىشىمنى تاپالمىدىم، قارىسام، ئىتالىيە دۆلەت بايرىقىغا ئىشلىتىلىۋېتىلگەندەك تۇرىدۇ.

پاراخوتتىكىسى سەن، جېرۋىس ۋە كىچىك جۇدى، كىچىك جۇدىنىڭ بويىدىن ئاسلاننى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋالغىنىڭنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. دارىلئېتامدا ھەرقانداق بالىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ كىچىك رەسسامىمىز جېرۋىسنىڭ پاچىقىنى سەل ئۇزۇن سىزىپ قويدىمۇ، نېمە؟ «كا-پىتان قېنى؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئىچىدە كۆمۈر قالاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. «بوكسچى» بىر پاراخوتتا بىر كۈندە ئۈچ يۈز ھارۋا كۆ-



مۇر قالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال بارلىق خىزمەتچىلەرنى پارۋايغا ئوت قالاشقا ياردەملەشتۈرۈش قارارىغا كەلدى.

ھاۋ، ھاۋ...

سىنگاپور قاۋاۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ساڭا خەت يېزىۋاتقانلىقىمنى ئېيتسام، دەرھال ئىنكاس قايتۇردى.

بىز ھەممىمىز سېنى سۆيىمىز.

سەمىمىيلىك بىلەن:

سالليې ماكبىرد
11 ـ دېكابىر

## 91

سۆيۈملۈك دۇشمەن:

تۇنۇگۈن بىزگە ئەكەلگەن خۇشاللىقىڭىزغا رەھمەت. سىز راستتىنلا بەك يولسىز ئىكەنسىز، مېنى ئازراق مىننەتدارلىق بىلدۈرگىلىمۇ قويمىدىڭىز.

سىز «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نىڭ يەنە نەرىدىن چاتاق چىقتى؟ ئىلگىرى سىز بەك كەڭ قورساق ئەمەسمىدىڭىز؟ بىراق، يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت ئايدىن بېرى سىز باشقىلارغا شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىسىز، ماڭىلا قاپاق ئاچمايسىز. بىلىمەن، باشتىلا ئارىمىزدا نۇرغۇن ئۇقۇشماسلىق بولدى. ھەتتا ئەخمەقلەرچە دۇشمەنلەشتۇق، ئەمما ھەر قېتىم بىز قارشى تەرەپنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش پۇرستىگە ئىگە بولدۇققۇ؟ مېنىڭچە، ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى ھەرقانداق بوران ـ چاپقۇنغا تاقابىل تۇرالايدۇ. ئۆتكەن يىلى ئالتىنچى ئايدىكى ھېلىقى نەپرەتلىك كېچىدە، سىز مېنىڭ غەرەزسىز دەپ سالغان گەپلىرىمنى ئاڭلاپ قالدىڭىز. شۇنىڭدىن بېرى سىز مەندىن قېچىپ يۈرۈۋاتىسىز، بۇنىڭدىن بەك بىئارام بولدۇم، سىزدىن كەچۈرۈم سوراي دېگەن بولساممۇ،

سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىز مېنى قورقۇتۇۋەتتى. مەن باھانە تېپىپ سىزگە چۈشەندۈرۈۋاتقىنىم يوق. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئىش قىلغاندا، كۆپ چاغلاردا كاللامنى ئىشلىتىپ كەتمەيمەن. ئەمما، مېنىڭ قانچىلىك سەممىيلىكىمنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. مېنىڭچە، سىز مېنىڭ قىلغانلىرىمنى كەچۈرىسىز. جۇدى ئەر ـ خوتۇنلارمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىدۇ، بولمىسا، ئۇلار مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتەتتىمۇ؟ ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشنى خالىمايمەن. مەن بۇ خىزمەتنى ئىزچىل ياخشى ئىشلەشكە تىرىشتىم، شۇنداقلا بالىلارنىڭ كەلگۈسىگە بەخت ئەكېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. مۇھىمى، سىزنىڭ مېنى مەنستىمىگەنلىرىڭىزنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن. كالىلىكات جەمەتىنىڭ تارىخىنى ئون بەش سائەتتە ئوقۇپ بولغانلىقىمدەك ياخشىلىقلىرىمنى ئېسىڭىزدە ساقلاپ، دەرۋازا ئالدىدىكى ھېلىقى ئىشنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتەلمەسسىزمۇ؟

دوستلۇقىمىزنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

سالليي ماكبىرد
شەنبە

## 92

قەدىرلىك ماكرىئا دوختۇر:

جاۋاب ئورنىدا ئەۋەتكەن باغاقچىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، پەقەت بىر قۇرلا خەت ئىكەن. قىلغانلىرىڭىز ئۈچۈن ئاداۋەت تۇتۇش نىيىتىم يوق. سىزنىڭ خىياللىرىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىز مەندە ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. يولسىزلىقىڭىز، قوپاللىقىڭىزدىن كۆڭلىڭىز خۇش بولسا، شۇنداق قىلىۋېرىڭ.

سالليي ماكبىرد
جون گرىئېر دارىلئېتامى


## 93

قەدىرلىك جۇدى:

بۇ يەردە ئوتتۇز ماركا ھەۋەسكارى بار. خەت ئەۋەتكەن چېي-
غىڭدا كۆپرەك ماركا چاپلىغىن، خەتنىڭ ئىچى ـ تېشىغا چاپلاپ
توشقۇزۇۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ساياھەتكە
ھېرىس ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ. خېتىڭ كېلىشى بىلەنلا، بىر توپ
ئادەم ماركىنى سويۇۋالىمىز دەپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشىدۇ. خەت
قولۇمغا تەگكۈچە، تىتما ـ تىتما بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما ھېچكىم
بۇنى بوينىغا ئالمايدۇ. جېرۋىس ماڭا ھوندۇراسنىڭ سۈرىتى چۈ-
شۈرۈلگەن ۋە گۋاتېمالانىڭ شاتۇتى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مارکى-
سىدىن ئازراق ئەۋەتىپ بەرسۇن، ماڭا بەكمۇ لازىم ئىدى. بالىلى-
رىم بارغانسېرى نورماللىشىۋاتىدۇ. بۇ سولغۇن بالىلارنى مۇ-
شۇنداق روھلاندۇرۇش ھەقىقەتەن ئاسانغا چۈشمىدى. تۈنۈگۈن
ئاخشام B كورپۇس ياتاقتا بىر قېتىملىق ياستۇق جېڭى بولدى،
مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قېتىلىپ، بىرنى ئاتتىم دېگىنە.

ئۆتكەن شەنبە بۇشىنىڭ ئىككى دوستى كەلدى. ئۇلار بالىلار-
غا ھەمراھ بولۇپ ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچ تال رايفىل مىلتىقى بار
ئىكەن، ھەربىر ئادەم بىر ئەترەت ئادەمنى باشلاپ، ئېتىشىش ئو-
يۇنى ئوينىدى. يەڭگۈچى تەرەپكە ئىنىدىئانىنىڭ باش سۈرىتى چۈ-
شۈرۈلگەن بىر پارچە خۇرۇم مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدىكەن.

مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارغا پىرەنىك ۋە ئىس-
سىق شاكىلاتلارنى تەييارلاپ بەردىم. چوڭراق ئۈچ ئوغۇل ئوقۇ-
غۇچى ئۇلارغا بەرگەن يېمەكلىكلىرىمنى بەكلا ياقتۇرۇشتى. شۈب-
ھىسىزكى، ئۇلار بۇ ئېسىل يېمەكلىكلەردىن مەڭدىنىمۇ بەكرەك
ھۇزۇرلىنالايتتى. ئەپسۇس، مەن ھەر قېتىم قارىغا ئاتقاندا، ئۇلار-
نىڭ نەرسىلىرىنى بۇزۇپ قوياتتىم. مېنىڭچە، بۇ دۇنيادا بۇنداق



ياخشى ئەرلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. مەن دائىم بۇ باللارنى ئۆز ئەتراپىمدا چۆرگىلىتىپ يۈرەلمەيمەن ـ دە.

بۇ ئەتراپتا بۇنداق ئەرلەر چوقۇم كۆپ. ھەي، ساغلام، تېتىك نۇرغۇن كىشى كۆمۈلۈپ قالدى، مەن ئۇلارنى قېزىپ چىقىرىمەن.

مەن ھەربىر بالامنىڭ ھالىدىن ئايرىم خەۋەر ئېلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ماڭا گۈزەل، ئاق كۆڭۈل قىزلاردىن سەككىزى كېرەك. ھەر ھەپتىدە بىرى كېلىپ، كەچ كىرىشى بىلەنلا، مەش تۈۋىدە باللارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ. جۇدى، سېنىڭ باللىق چاغلىرىڭنى ئويلاپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچىمەن.

ئۆتكەن ھەپتە كېچەش يىغىنى قەرەلىدە ئېچىلدى. يىغىن ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، يېڭى كەلگەن خانىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆچەپ ئىشلىدى، ئەرلەرمۇ شۇنداق مۇنەۋۋەر ئىكەن.

مەن خون سېيروۋس ژىكوف ئەپەندىنىڭ يېڭىلا ياتلىق بولغان قىزىنى يوقلىغىلى بارىدىغانلىقىمنى خۇشاللىق بىلەن جاكارلىدىم. مەن بۇ ئاتا ـ بالىلارنىڭ مەڭگۈ بىللە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(چارشەنبە)

نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، مەن دوختۇر بىلەن كىچىك بالىلاردەك قېيىدىشىپ قالدىم. ئۇ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك دۈشمەنلەرچە مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيىسىدە ئىدى. بىرنەچچە ئايدىن بېرى، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان سوغۇق مۇئامىلىسى پۈتۈن ئۆمرۈمدە ئۇچرىغان سوغۇق مۇئامىلىلەردىن ئېشىپ كەتتى. بارغانسېرى ئىلگىرىكى ساللىيېغا ئوخشىماي قېلىۋاتىمەن. مەندە دوختۇردىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى پەيدا بولدى. دوختۇرغا قاتتىق ئازار بېرىپ، ئۇ مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج بولغاندا، دولامنى قىسىپ قويۇپ كېتىپ قېلىشنى پىلانلاۋاتىمەن.

(كەچ)

بىلەمسەن، ھازىر بالىلار مۇتەخەسسىسى بولايلا دەپ قالدىم. ئىبرانىي بېقىۋالغۇچىلار جەمئىيىتى قارمىقىدىكى «پلېسانت شۆبە دارىلئېتامى»نى زىيارەت قىلماقچىمىز. ئىسمى بەكلا ئۇزۇن. ئەتىگەندە ئىشىكتىن چىقساق، ئىككى قېتىم پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئارقىدىن يەنە ماشىنىغا ئالمىشىپ بارىدىكەنمىز، ھەقىقەتەنمۇ مۇشەققەتلىك سەپەر ئىكەن. ماڭا ئىشەن، چوقۇم ھەقىقىي مۇتەخەسسىس بولۇپ چىقىمەن. باشقا دارىلئېتاملارنى كۆرگەندە، يېڭى تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولۇشنى، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىش خىزمىتىمىزگە ياردىمى تېگىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «پلېسانت شۆبە دارىلئېتامى» قۇرۇلۇش جەھەتتە ئۈلگە بولۇشقا ئەرزىيدىكەن.

ئەمدى ئويلىسام، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتقىنىمىز توغرا بوپتۇ، ئەمما بۇ مېنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ رەھبىرى بولالمايدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئاز ـ تولا ئۈمىدلىنىپ قالدىم. ئەمما، قەدىرلىكىم، گەرچە مەن مۇدىر ھېسابلانمىساممۇ، مېنىڭ پىكرىمنى ئالىسەن، شۇنداقمۇ؟ بىز

ئىككى يەرنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى تامامل-
دۇق. باللار يېڭى كىرخانىغا كۆچۈپ كىردى، ئەمدى ئۇ يەرمۇ
ھور پۇراپ تۇرمايدىغان بولدى. كېلەر ھەپتە بىز دېھقانلارنىڭ
تۇرالغۇسىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىمىز. سىرلاپ، ئىشىك تۇتقۇچلى-
رىنى ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلەتسەك بولىدۇ.

پەرۋەردىگارىم، يەنە ئىش چىقتى. تۇرنفېلت خانىم ناھايىتى
مېھرىبان ئايال بولسىمۇ، باللارنىڭ ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ
يۈرۈشىنى ياقتۇرمايدىكەن، بۇنىڭدىن جىددىيلىشىپ كېتىدىكەن.
تۇرنفېلت ئەپەندى مۇنەۋۋەر باغۋەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىي ھا-
لىتىمۇ ئىزچىل كۆتەن يېرىمدىن چىقمىدى. ستېرربي بىلەن
سېلىشتۇرغاندا، تۇرنفېلت كۆپ كىتاب ئوقۇغان سانىلاتتى بول-
مىسا.

ستېرربي بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كەلگەن. ئۇ خىزمىتىنى
قىلغان پۇلدارلارنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا ئېھتىياجى قالمىغان بولسا
كېرەك، يەتكۈچە تالاپەت تارتقان ھالەتتە ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەۋا-
زۇ ۋە ئەدەپ بىلەن، قايتا ئىشلەش پۇرسىتى بولسا، بارلىق با-
للارنىڭ گۈللۈكى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى، ئەمما چىرايلىق رەت قىلدىم.

(جۈمە)

پلېسانتقا تولىمۇ ھەۋەس قىلىپ قايتتىم. چىرايلىق رەسىم-
لەر سىزىلغان پلاستىر ئۆيلەرنى بەكلا ئالغۇم كەلدى. پلېسانت
دارىلئېتامىدا يەتتە يۈزگە يېقىن بالا بار بولۇپ، ھەممىسى ياشلار ـ
ئۆسمۈرلەر ئىكەن. بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ ياش قۇرۇلمىسى
تەكشى ئەمەس. كونكرېت ئەھۋالىمىزغا ئاساسەن، مەندە بىرمۇنچە
يېڭى پىكىر پەيدا بولدى.

ياشتا چوڭراق باللارغا خۇددى ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرى-
مىزغا ئوخشاش باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى سىڭدۈرمەكچىمەن.
بۇنداق قىلساق، جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇلارغا نا-
ھايىتى زور ياردىمى تېگىدۇ. مېنىڭ جەمئىيەتكە چىقىش ئالدىدا

تۇرغان بەش بالام بار. ئۇن ئالتە ياشتىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ھەقىقەتەن بەك ئېچىنىشلىق. كىچىك چاغلىرىمدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكىم هازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مېنى ئۇن ئالتە ياشتا خىزمەت قىلى، دېگەندىن كۆرە، ئۆلتۈرۈۋەتكىنى تۈزۈك ئىدى. ئەمما، شۇنداق قىلماي ئىلاجىم يوق ئىدى.

ئەمدى ۋاقتىنىچە سېنى قايرىپ قويۇشۇمغا توغرا كەلدى. ۋاشىنگتوندىكى ھېلىقى سىياسىيونغا قىزىق قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىشىم كېرەك. بۇ نېمىدېگەن تەس ئىش ـ ھە! ئۇنىڭغا قانداق ئىشىنىڭ قىزىق تۇيۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بارلىق بالىلار بۇ دۇنيادىن يوقىلىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ مويى تەۋرەپ قويمايدۇ. مەندە كىچىك بالىدىن باشقا، يەنە دېگۈدەك نېمە گەپ بولسۇن؟ ئېھتىمال، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىۋاتقاندىمەن. ئاشۇ بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

خەير ـ خوش!

سالليي ماكبىرد

14 ـ دېكابىر

## 94

قەدىرلىك جۇدى:

كىشىلىك ھايات خۇددى قىشتىكى چىغىر يولغا ئوخشاش، قار ـ شىۋىرغان، پاتقاق ۋە مۇدھىش سوغۇققا تولغانىكەن. ئەمما، سەن قۇياش پارلاپ، ئاپپىلسىن پۇراقلىرى قاپلىغان يامايكىدا تۇرۇۋاتىسەن.

ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىككى كىلومېتىر نېرىدىنلا يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىمىز كۆكيۆتەل بولۇپ قالدۇق، سەۋەبى نېمىكىن، بىلمىدۇق. مېنىڭچە، بۇمۇ دارىلئېتام تۇرمۇشىدىكى بىر خىل قىزىقچىلىق بولسا كېرەك. ئاشپەز خۇددى دوختۇرنىڭ دېگىنىدەك «غىپپىدە» تىكىۋەتتى.

ھېچكىم ئۇنىڭ قانداق كېتىپ قالغانلىقىنى بىلمىدى، ماشىنىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئاشخانىدىكى ئوتمۇ پۈتۈنلەي ئۆچۈپ قاپتۇ، ھەتتا سۇ تۇرۇبىلىرىمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ. راستتىنلا «بالا ـ قازا كەلسە، قوش كەپتۇ» دېگەن شۇ ـ دە. بىلەرمەن بۇشىمۇ ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ بىرنەچچە كۈندە، بىزمۇ ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمايدۇ، دەپ ھۆددە قىلالمايمىز. دىترويىتتىكى ھېلىقى كىچىك ئالۋاستى توي ئۆزۈكىمۇ سالمايلا، ئىككى ماشىنىسى ۋە بىر كاتېرى بار بىر ئەرگە تېگىۋاپتۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن بۇش خېلى ئۇزاقتا ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن.

يىگىرمە ئىندىئان بالا يەنە قايتىپ كېلىپ بىز بىلەن تۇردىغان بولدى. كىچىك چېدىرلار سوغۇقنى توسۇپ قالالمىغاچقا، بالىلارنى ھامان ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكىرىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئىندىئان بالا بۇشنىڭ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، بۇشنىڭ ۋەزىپىسىمۇ تاماملاندى، ئەمما ئۇنىڭ مېھمانخانىغا قايتقۇسى يوق ئىدى، بەلكىم ئۇنىڭ بىر مەزگىل يالغۇز تۇرغۇسى باردۇر. ئۇنىڭ قېلىپ قېلىپ خىزمەت قىلىشىنى قانچىلىك ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمىزنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ بىرئاز ئىش قىلىپ ئازابىنى يەڭگىللىتىشى كېرەك. ئەمما، ئۇنى قانداق ئويلاشتۇرىمىز؟ ساغا ئايان، دارىلئېتام كەڭرى بولسىمۇ، يېتەرلىك ياتاق يوق. ئاخىر ئۇ شىپاخانىغا كۆچۈرۈپ كىرىلدى. دوختۇر بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دورىلارنى قايتىدىن رەتلەپ چىقتى. ئۇلار مۇشۇنداق قىلالىغانىكەن، بىز يەنە نېمىمۇ دەيتتۇق؟

ھېلىلا كالېندارغا قارىۋىدىم، چېسلاغا ئون سەككىز بوپتۇ. مىلاد بايرىمى كېلەيلا دەپ قالدى، بالىلار سوۋغات تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مەخپىيەتلىرى قولىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. بىز بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىق ۋەزىپىلەرنى ئويلاپ بولالارمىزمۇ؟

تۇنۇگۈن ئاخشام قار ياغدى.

سېنىڭ مەدىتىڭ بىلەن مىلاد بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى كۆ-

چۈمىنىڭ يېتىشىچە ئېيتىپ يۈردۈم، ئەمما ھېچقانداق ئىنكاس قوزغىيالمىدىم. سادى كايت:

— نېمىشقا ئۇ زادىلا كېلىپ باقمايدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمما، بۇ قېتىم ئۇ چوقۇم كېلىدۇ.

بىز دوختۇرنى بۇ مۇھىم رولنى ئالسىكەن، دېيىشتۇق. بۇشىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق رويابقا چىقتى.

(سەيشەنبە)

بۈگۈن دوختۇر ناھايىتى بىئەدەپ بىر ئايالنى يەرگە قاراتتى. بۇ «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» ئەمەلىيەتتە خېلى بولىدىغان ئادەم، بولۇپمۇ ناتونۇش كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا. مېنىڭچە، بۇنىڭ كەسىپ بىلەن مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ روھى ۋە جىسمىنى داۋالاش قابىلىيىتى بار. مەن ئىزچىل تۇردە دۇنيادىكى نۇرغۇن ئادەم مۇشۇنداق داۋالاشقا موھتاج، دەپ قاراپ كېلىۋاتىمەن.

جىبرۋىستىن خۇش بولساڭ بولىدۇ، ئۇ شۇنداق بىخەتەر ئەر. ئۇنى ئىشىنىشكە بولىدىغان بىردىنبىر ئەر، دەپ ئويلايمەن. ئەمما، نېمە دېسەك بولار، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ساختا، يالغان سۆزلەيدىكەن.

خەير ـ خوش، مىلاد بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن.

سالليې ماكبىرد

ئەسكەرتىش: تېزرەك جاۋاب يازارسەن. خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالسام، نەقەدەر خۇشال بولىمەن ـ ھە!

## 95

قەدىرلىك جۇدى:

سادى كايت بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ساڭا بىر پارچە خەت يېزىپ، مىلاد بايرىمىڭنى تەبرىكلىدى. بىز ھازىر بەكمۇ خۇشال، سوۋغات، ئويۇن، مەززىلىك تائاملاردىن ھۇزۇرلانغاندىن

باشقا، يەنە ئوت ـ چۆپلەردىن هارۋا ياساپ، مۇز تېيىلىشقا قاتـ ناشتۇق. هازىر بالىلارنىڭ بۇ ئىشلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىـ كىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

ئەۋەتكەن ئالتە سوۋغىتىڭنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇردۇم، بولۇپمۇ كىچىك جۇدىنىڭ سۈرىتىنى. ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى تولىمۇ ئوماق ئىكەن.

ھەيدىگە بىر پوپ ئائىلىسىنى تاپتۇق، ئۇلار تولىمۇ ئاق كۆ ـ ڭۈل كىشىلەر ئىكەن. مۇقەددەس قەدەھنىڭ ئىشىنى تىلغا ئېلىـ ۋىدىم، ئۇلار ھەتتا كۆزىنى چىمچىقلىتىپمۇ قويماستىن، ھەيدىنى قوبۇل قىلدى. يەنە تېخى ئۇنىڭغا بىر قەدەھنى مىلاد سوۋغىسى سۈپىتىدە سوۋغا قىلدى. ئۇنىڭ يېڭى دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ خىرامان تۇرغان ھالىتىگە قارا.

ئەللىك بالىنىڭ ھەممىسى ساڭا كوللېكتىپ سالام يوللىدى.

سالليې ماكبىرد
جون گرىئېر دارىلئېتامى
29 ـ دېكابىر

## 96

قەدىرلىك كولتون:

هازىر ناھايىتى ۋەھىمىلىك بىر كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن.

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى فرانسۇزچە سۆزلەپ بېقمۇۋىدىم، پەـ قەتلا راۋان سۆزلىيەلمىدىم. باشتىن تەكرار قىلىش قارارىغا كەلـ دىم. دوختۇر ماڭا قايتا تەربىيە بېرىشتىن يالتايدى، شۇڭا مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىم بار. هازىر مەن داۋدىنىنىڭ «نيۇما رامماسـ تىن»سىنى ئوقۇۋاتىمەن. سىزمۇ كۆرۈپ بېقىڭ. بىر سىياسىيون بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بىر قىزغا نىسبەتەن، بۇ ھەقىقەـ تەنمۇ قورقۇنچلۇق كىتاب ئىكەن. كىتابتىكى ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۇ شۇنداق مۇ- كەممەل، ئەمما ئۆيگە قايتىپ كەلسەلا، باشقا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھەسرەت - نادامەت چېكىدىكەن.

تۈنۈگۈن كەچ خېلى ئۇزاققىچە كۆرۈپ، قورقۇپ كەتتىم. بۇ كىتابتا شۇنداق ئەينەن يېزىلغانىكەن. ئاۋغۇستىنىڭ ئىشنى مەقسەتلىك تەگىگىنىم ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىگە، شۇنداقلا ئېرىمگە مۇتلەق ئىشەنچىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىش مانا مۇشۇنداق.

ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇپ كۆرۈڭ، بۇنىڭدىن ئاياللارنىڭ بەزى ئوي - پىكىرلىرىنى بىلەلەيسىز. ناۋادا مەن مۇشۇنداق ئىشقا يو- لۇقسام قانداق قىلار ئىدىم؟ مەن سەۋرچان ئەمەس، ئۇزاققىچە ئازار يېيىش خىيالىممۇ يوق. مەلۇم بىر ئىشنى قىلغۇم كەلسە، ئۇنى ناھايىتى ياخشى قىلىمەن. كەلگۈسىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۈنۈگۈن كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتىم.

سالليې ماكبىرد
جون گرىئېر دارىلئېتامى
30 - دېكابىر

## 97

قەدىرلىك جۇدى:

ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەردى. توماس كارلو ۋە ئۇ- نىڭ بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسى ھاراق ئىچىدىكەن. ئۇلار بالىنى ئەكېتىش ھەققىدە تېلېفون ئۇرۇپتىكەن، بېرىپ ئالالمىدىم. ئۇلار توماسنى يوقلىپ كەتتى، دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلدىم. كەچ سائەت ئون ئىككىدە توماس ئىشىكىم ئالدىدا پەيدا بولۇپ، مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتى. ئون ئالتە ياشلىق بۇ بالا غەرق مەست بولۇپ، ئادەم تەلەتى قالمىغانىدى. ئەھۋالى خېلىلا ناچار،

ھەرقانداق قىلىپمۇ مەستلىكنى يېشەلمەي، نائىلاج دوختۇرنى ياردەمگە چاقىردىم.

قەھۋە قايناتتىم. ئەھۋال بەكلا مۇرەككەپ ئىدى. دوختۇر بىلەن بۇش ئىككىسىنى بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇپ، ياتاققا قايتتىم. ئەمما، يەنە ئۇلارغا بىرەر ئىشتا كېرەك بولارمەنمۇ، دېگەن تەشۋىشتە ئۇخلىيالمىدىم. سائەت تۆت بولغاندا، دوختۇر كەلدى. ئۇ توماسنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى، بۇشنىڭ ئۇنىڭغا قارىغاچ، يېڭىدىن يۆتكەپ كىرگەن كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. دوختۇر ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزىتىۋىدىم، ئۇمۇ قولىنى ئۇزاتتى. بىردىنلا ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق، پۈتۈن بەدىنىمىز توك سوققاندەك تىترەيتتى.

— قەدىرلىكىم، مېنى تۆمۈردىن سوقۇلغان دېگەنمىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

كېيىن دوختۇر كېتىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىر بولغاندا قايتىپ كەلدى.

ئۆزۈمنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، ئىچىم بەكلا تىتىلداپ كەتتى. ئاھ، قانداق قىلارمەن! ئەمدى ئىستىپپا بېرىپ قايتىپ كېتىپ، نېسىۋەمگە شۈكۈر قىلىپ، ياخشى خوتۇن بولۇشتىن ئۆزگە چارەم يوق.

جۇدى، بۇ خەتنى يىرتىۋەتكىن، ھەرگىز جېرۋىسقا كۆرسەتمە، خوش.

ساللىي ماكبىرد
1 ـ يانۋار

## 98

قەدىرلىك كولتون:

ماڭا ئاچچىقلاشقا ھەقلىقسىز. ئۆزۈمنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت

مەكتۇپلىرىنى يېزىشقا ماھىر ئەمەسلىكىمنى بىلىمەن. «بىرۇۋېن ئەر ـ خوتۇنىنىڭ سۆيگۈ مەكتۇپلىرى»نى ئوقۇپ، سىزگە يازغانلىرىمنىڭ بەكلا ناچار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم مېنىڭ ھېسسىياتچان قىزلاردىن ئەمەسلىكىمنى خېلى بۇرۇنلا بىلگەن بولغىيدىڭىز. بەلكىم ئىلگىرى سىزگە «سىز يېنىمدا بولىسىڭىزلا، ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايمەن. ئويغاق چاغلىرىمدا سىز دائىم قەلبىمدىسىز» دېگەندەك سۆزلەرنى يازغان بولغىيدىم. ئەمما، ئۇلارنى تامامەن راست دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. قەلبىمنى دارىلئېتامدىكى بالىلار ئىگىلىۋالغان، بىراق سىز قەلبىمنى زادىلا پۈتۈنلەي ئىگىلەپ باقمىغان. دېمەكچى بولغىنىم، سىز قەيەردىلا بولسىڭىز، مەن ئوخشاشلا خۇشال يۈرىۋېرىمەن. ئەسلىدە ياسالمىلىق قىلمىسام ياخشى بولاتتى. دائىم يالغاندىن سىزنى سېغىنغان بولۇۋالسامۇ قاملاشماس. سىزنىڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان خاراكتېرىڭىزدىن زوقلىنىمەن ھەم بەزىدە راستىنىلا سىزنى سېغىنىپ قالىمەن. ئەمما، سىزنىڭ يوقلاپ كېلەلمىگەنلىكىڭىزدىن قانچىلىك ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىمنى چۈشىنىسىز. قەدىرلىكىم، قانچىلىك قايغۇرغىنىمنى قەغەز يۈزىدە ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. سىز ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ كەتكەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى بەلكىم مېھمانخانىدىكى ئايال تازىلىق ئىشچىسىلا كۆرگەندۇ. خەتنىڭ مەزمۇنىنى قەلبىمگە پۈكۈۋالغان دېمەك، سىزنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

ئالدىنقى قېتىمقى ھېلىقى خېتىمنى كەچۈرۈڭ، ئۇنىڭ سىزگە ئازار بېرىپ قويماسلىقىنى تىلەيمەن. دارىلئېتامغا كەلگەندىن بۇيان، ھاراقا بەكلا سەزگۈر بولۇپ كەتتىم. ناۋادا سىزمۇ بۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆرگەن بولسىڭىز، مەندەك ھېسسىياتتا بولۇشىڭىز مۇمكىن. دارىلئېتامدىكى بالىلارنىڭ ھاراق ئىچىشى پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۇلار تۇغۇلۇپلا باراۋەر پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەن. بۇ يەرگە كېلىپ كۆرۈپ كەتسىڭىزلا، سىزدە «ئۈمىدسىز خىيال»لار پەيدا بولىدۇ.

دېگىنىڭىز توغرا، ئېھتىمال ئاياللار ئەرلەرنى كەچۈرۈۋېتىش ئويۇنىنى ئويناشقا ماھىردۇر. بىراق، مەن ئەزەلدىن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى دەۋىلىشقا پۇرسەت بەرمىگەن. كولتون، راستىنىلا سىزنىڭ «كەچۈرۈلۈڭ» دېگەن سۆزىڭىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدىم.

«كەچۈرۈش» «ئۇنتۇش»نى ئىچىگە ئالمايدىغاندۇ؟ ئۇنتۇش پسىخىك ھادىسە، ئىرادە ئارقىلىق كونترول قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنتۇشنى ئارزۇ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەكسىچە كۆڭۈلگە ئورناپ كېتىدىغان خاتىرىلەر ھەممىلا ئادەمدە بولىدۇ. ناۋادا «كەچۈرۈش» بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالماسلىقنى كۆرسەتسە، سىناپ باقسام بولىدۇ، ئەمما كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنى دائىم كۆڭۈلدە ساقلاپ يۈرۈش ھەرگىز دانالىق ئەمەس، كۆڭۈلسىزلىكلەر خۇددى پۇتۇن بەدەنگە تارقىلىۋاتقان زەھەردەك بارغانسېرى كۈچىيىدۇ.

ۋاي خۇدا، نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، بۇ ئىشلارنى دەپ يۈرۈش ئويۇم يوق ئىدى. ئۆزۈمنى غەم ـ غۇسسىسىز، خۇشال كۆرسىتىشكە، ھېچبولمىغاندا، كەيپىياتىمنى تەڭشەپ، سىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان ساللىي بولۇشقا تىرىشىۋاتىمەن. ۋەھالەنكى، ھازىرقى مەن ئەينى چاغدا سىز سۆيگەن قىزچاق ئەمەس. كۆڭلۈمگە ئايان، مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ ھاياتنى ئويۇن قاتارىدا كۆرىدىغان، دائىم كۈلۈپ يۈرىدىغان ياش قىز ئەمەس.

بۇمۇ ئالدىنقى خېتىمگە ئوخشاش، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يېزىلغان بىر پارچە خەت. بىراق، سىز مېنىڭ بايا باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنى بىلسىڭىز، چۈشىنىپ قالىسىز. ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بىر بالىنىڭ ئانچە ياخشى بولمىغان جەمەت ئىرسىيىتى بار. ئۇ ھاراق تۇپەيلى جېنىنى سېلىپ بەرگىلى تاسلا قالدى. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىز ئۇنىڭغا قاراۋاتىمىز. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ يېشىلگەندىن كېيىن چوقۇم يەنە غەرق مەست بولۇۋالىدىغانلىقى كۆڭلىمىزگە ئايان. «دۇنيا گەرچە گۈزەل بولسىمۇ، قايغۇ بىلەن شادلىق دائىملا قوشماق.»

شوتلاندىيە ماقال ـ تەمسىللىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەنلىد-
كىمنى كەچۈرۈڭ، قەستەن قىلمىدىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭسىز.

ساللىي ماكبىرد


2 ـ يانۋار

# 99

قەدىرلىك جۇدى:

چەت ئەلدىن كەلگەن ھېلىقى تېلېگرامما سىزنى قورقۇتۇۋەتمىگەندۇ؟ سەن تۇنجى خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سىزنى تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، ساڭا باشقىچە ئۇسۇل بىلەن بۇ ئىشتىن خەۋەر بېرىشنى لايىق تاپمىدىم.

بۇ ناھايىتى ئېغىر تاسادىپىي ۋەقە، بەكلا قورقۇنچلۇق. ھېچ-لىمۇ ياخشى، ھېچقانداق ئادەم زەخىملەنمىدى. ئاشۇ ئاپەتنى ئوي-لىسامىلا، ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىمەن. ئويلاپ باق: تاتلىق



ئۇيقۇدا ياتقان يۈز نەچچە بالا ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى. يېڭى قوتقۇزۇش شوتىسى ئازراقمۇ كارغا كەلمىدى. كۈچلۈك شامالدا ئوت يالقۇنى قوتقۇزۇش شوتىسىنى يالماپ يۇتۇپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئوتتۇرىدىكى پەلەمپەي ئارقىلىق بالىلارنى قوتقۇزۇپ چىقتۇق. باشتىن سۆزلىسەم، ساڭا دېمەكچى بولغان ئىشلارنىڭ پۈتكۈل جەريانى مۇنداق:

جۈمە كۈنى پۈتۈن بىر كۈن يامغۇر يېغىپ، ئۆگزىلەر پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى. كەچتە ھاۋا سوۋۇپ كەتتى، يەنە تېخى مۆلدۈر ياغدى. ئۇخلاشقا ياتقىنىمدا، سائەت ئون بولاي دېگەنىدى. غەربىي شىمال شامىلى تەسىرىدىن بىنادىكى نەرسىلەر بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىراتتى. ئالاھازەل سەھەر سائەت ئىككىدە تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغاندىم، كۆز ئالدىمدا پۈتۈنلەي ئوت كۆيۈۋاتاتتى. كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىسام، ئۆيلەر ئوت دېڭىزى ئىچىدە قاپتۇ، شەرقتىكى ئۆيلەردىمۇ ئوت كۆيۈۋېتىپتۇ. مۇنچىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىمنى چىقىرىپ قارىۋىدىم، بوۋاقلار پەرۋىشخانىسىمۇ قۇرۇق قالماپتۇ.

ئۆي ئىچىدە ئون يەتتە بوۋاق بار ئىدى. ئاھ! يۈرىكىم توختاپ قالايلا دېدى. بىرپەس مەڭدەپ قالدىم. ئاخىر تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، چاپىنىمنى ئالدىم - دە، زالدىن ئېتىلىپ چىقتىم. بېتسىي، ماتسېۋس ۋە سىمىس خېنىمنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق ئۇردۇم. بۇش دەھشەتلىك ئوتتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. مەن يۇقىرىغا چىققاچ، چاپىنىمنى كىيىۋالدىم.

— تېز، بالىلارنى تاماقخانىغا ئاپىرىڭلار، بوۋاقلار ئالدىن بولسۇن. مەن سىگنالنى ئېچىۋېتەي، — دېدىم ھاسىراپ تۇرۇپ.

بۇش ئۈچىنچى قەۋەتكە ئېتىلدى، مەن تېلېفونغا يۈگۈردۈم. پەرۋەردىگار، باش ئاپپاراتتىكى خېنىم قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، خېلى ۋاقىتقىچە تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى.

— دارىلئېيتامغا ئوت كەتتى. جىددىي سىگنال سىستېمىسىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار. پۈتۈن بازاردىكىلەر بىلسۇن، تېز

505كە ئۇلاپ بېرىڭ!
گەرچە دوختۇرنىڭ مۇزدەك سوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلىغۇم بول-مىسىمۇ، ئۇ تېلېفوننى ئالدى.
— بۇ يەرگە ئوت كەتتى، تېز كېلىڭ. ئادەم باشلاپ كېلىڭ! — دېدىم مەن چىرقىراق ئاۋازدا.
— ۋاننىغا لىق سۇ تولدۇرۇپ، ئەدىياللارنى تاشلاڭلار، مەن هازىرلا بارىمەن، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا تېلېفوننى قويىۋەتتى.
مەن يۈگۈرۈپ زالغا چىقتىم. بىتسىي ئوتتىن مۇداپىئە كۆ-رۈش قوڭغۇرىقىنى هەدەپ چېلىۋاتاتتى. بۇش ئىنىدىئان بالىلىرى-نى C كورپۇستىكى ئۆيلەرگە ئەكەتكەنىدى.
كۆپچىلىكنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشكە چولىسى يوق، ئالدى بىلەن بالىلارنى بىخەتەر جايغا يۆتكەۋاتاتتى. C كورپۇستىن باشلاپ، بىز هەربىر كارىۋاتنى ئالا قويماي، بالىلارنى ئەدىيال بىلەن قوشۇپلا كۆتۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە ئاپاردۇق. ئىنىدىئان بالىلار بوۋاقلارنى بىر - بىرلەپ يەرگە سۇنۇپ بېرىشتى. C كورپۇس ۋە F كور-پۇستىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. بالىلار تېخى تاتلىق ئۇيـ-قۇدا، ئۇلارنى ئويغاتقۇدەك ئامالمۇ يوق ئىدى.
پەرۋەردىگارغا رەهمەت، هەر هەپتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىرىمىزغا رەهمەت، يەنە بۇش ۋە يىگىرمە تۆت بالا باشتىن - ئاياغ سەگەك تۇردى. بۇشنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىـ-لەن بالىلار تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، كىچىك قاراۋۇللاردەك ئۆز ئورنىدا مەهكەم تۇرۇشتى. ئىككى گۇرۇپپا ياتاقلارنى تازىلاش، كىچىك بالىلارنى بەزلەشكە مەسئۇل بولدى، يەنە بىر گۇرۇپپا ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى يېتىپ كەلگۈچە، سۇ مۇنارىدىن سۇ توشۇپ ئوت ئۆچۈردى، قالغانلار مال - مۈلۈكلەرنى قۇتقۇزۇشقا مەسئۇل بولدى. ئۇلار ئىشكاپ، ئۈستەل، تارتمىلاردىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى كىرلىككە تۆكۈپ يۆگەپ، بوغچا قىلىپ بىنادىن سىرتقا تاشلىدى.
بالىلارنىڭ تۇنۇگۈن كىيگەن كىيىملىرىدىن باشقا، زور كۆپ

ساندىكى نەرسىلەر قۇتقۇزۇپ قىلىندى. ئەپسۇسكى، G كورپۇس ۋە F كورپۇستىكى كىيىم ۋە كارىۋات بويۇملىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كەتتى. ئاخىرقى بىر بالىنى قۇتقۇزۇپ چىققاندا، ئۆي ئىد-چىدىن قويۇق ئىس ئۆرلەپ، كىرىشكە مۇمكىن بولمىدى.

دوختۇر، لىۋىلىن ۋە ئۇنىڭ ئىككى قوشنىسى يېتىپ كەل-گەندە، بىز ئاخىرقى ياتاقتىكى بالىلارنى سىرتقا يۆتكەۋاتاتتۇق. بالىلار تېزرەك قېچىپ چىقىشنىلا ئويلاپ، كىيىم - كېچەكلىرى-نى ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى يالاڭ ئاياغ، ئەدىياللارنى قۇچاقلىغىنىچە تۇرۇشاتتى.

بۇ چاغدا، پۈتۈن زال قويۇق ئىسقا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، نە-پەس ئالغىلىمۇ بولمايتتى. قارىماققا پۈتكۈل ئىمارەت كۆيۈۋاتات-تى. ھېلىمۇ ياخشى، شامالنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرمىگەچكە، باشقا بىنالارغا ئوت تۇتاشمىغانىدى.

ياردەمگە كەلگەن بىر ماشىنا لىق ئادەم بېسىپ، «بىرۇ قىيا-سى»دىن پەيدا بولدى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، ئاندىن ئوت ئۆچۈ-رۈش ئەترىتى يېتىپ كەلدى. بىز ئۈچ كىلومېتىر نېرىدا ئىدۇق. ئۇلاردا پەقەت ئاتلا بولۇپ، يولمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. مۇدھىش كېچە، شامالدا ئۆرە تۇرغىلىمۇ بولمايتتى. ئەرلەر بەئەينى قەھرى-مانلاردەك ئۆگزىلەرگە يامىشاتتى. تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پايپاقلا كىيىشكەن، ئوتنى توسۇش ئۈچۈن ھۆل ئەدىياللارغا ئورى-لىۋېلىشقانىدى.

دوختۇرمۇ كىچىك بالىلارغا قاراشقا مەسئۇل ئىدى. بۇ چاغدا، لىق ئادەم چىققان يەنە بىر ماشىنا كەلدى. بىز ئۇلارنىڭ ماشىنىسىنى ئارىيەت ئېلىپ، «بىرۇ قىياسى»دىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلدۇق. دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىر مويسىپىتنىڭ تۇ-غۇلغان كۈنى تەبرىكلىنىۋاتقانىكەن. بۇ بىزگە ئەڭ يېقىن پاناھ جاي ئىدى. مەيدان خوجايىنى پۈتۈن يەرلىرىنى ئارىيەت بېرىشكە قوشۇلدى. بىز ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئەڭ كىچىك يىگىرمە بالىنى ماشىنىغا سېلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىغا

ئەكەلدۇق. ئېسىل كىيىنگەن مېھمانلار باللارنى قىزغىن كۈتۈ-
ۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كارىۋاتلىرىدا ئۇخلىتىپ قويۇشتى. باللار
بارلىق ئۆيلەرنى ئىگىلەشتى. «بىرو قىياسى» دېھقانچىلىق مەيدا-
نىنىڭ خوجايىنى راما ئەپەندى يېڭىملا سالدۇرغان، ئىسسىنىش
ئۈسكۈنىلىرى بار ئىسكىلات بىزگە ئوبدان پاناھ بولدى. بىرىنچى
تۈركۈمدىكى باللارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مېھ-
مانلار يېشى سەل چوڭراق باللارنى كۈتۈشكە تەييارلىق قىلىش-
تى. ئۇلار يۇڭ ئەدىيال ۋە برېزېنت رەختلەرنى يەردىكى شال پا-
خىلى ئۈستىگە يېيىپ، ئوتتۇز بالىنى قاتار ياتقۇزۇپ ئۇخلاتتى.
ماتسېۋس خېنىم ۋە سېسترا ئۇلارغا ئىسسىق سۈت ئەكېلىپ
ئىچۈردى. باللار تىپتىنچ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

بۇ چاغدا، دوختۇر كېلىپ مالىمان چىقاردى. ئۇ كىرەر -
كىرمەيلا:

— ئادەملەرنى ساندىڭلارمۇ، باللارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردى-
مۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىز يېنىپ چىققاندا ھەربىر ياتاق بوش قالغان، — دەپ
جاۋاب بەردىم مەن. ھەممە قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، ئادەم سانىنى
ئالغىلى بولمايتتى. ياتاقتا ئېھتىمال يىگىرمىدەك ئوغۇل بالا
قالغان. بۇش ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىپ، كىيىم - كېچەك، ئۆي
جابدۇقلىرىنى توشۇتۇۋاتاتتى. يېشى چوڭراق قىزلار ئاياغلارنى
رەتلەپ، كىچىك باللارنىڭ پۇتلىرىغا تەڭلەپ سىناۋاتاتتى. با-
للار يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى، بەزىدە ئاغرىق دەستى-
دىن ۋايجانلىشاتتى.

لىق باللار چىققان يەتتە ماشىنا كەلگەندىن كېيىن، دوختۇر
تۇيۇقسىز توۋلاپ كەتتى:

— ئالليگراچۇ؟ ئۇ نەدە؟

مەيدان بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇنى كۆرمىگەنى-
دى. ئارقىدىن سىمىس خېنىم چىرقىراپ كەتتى. بىتسىي دەرھال
مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ، ئۇنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى. ئەسلىدە ئۇ

ئاللېگرانىڭ زۆكىمىنى ساقايتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كارىۋىتىنى قازناقتىكى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان بوۋاقلار ئۆيىگە يۆتكىگەنىكەن. ئۇ بۇ ئىشنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ قاپتۇ.

پەرۋەردىگارىم، قازناق! بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ تاتارغان چىرايىغا بېقىشتۇق. بۇ چاغدا، غەرب، شەرق ئىككى تەرەپتىكى بىنا ۋە ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپەيلىرى پۈتۈنلەي ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغانىدى. قارىغاندا، بۇ بالىغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قال-مىغانىدى. دوختۇر پولغا تاشلاقلىق ھۆل ئەديىالنى ئالدى ـ دە، يۈگۈرۈپ بىناغا چىقىپ كەتتى. بۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق بى-لەن باراۋەر ئىدى. بىز: «قايتىپ كېلىڭ!» دەپ ۋارقىراشتۇق. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە، قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە غايىب بولدى. يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۆگزىدىكى ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرگە ۋارقىراپ كەتتىم. قازناقنىڭ دېرىزىسى شۇنداق كىچىك ئىدى، بىر ئادەممۇ پاتمايتتى. ئۇلار ئوت تۇتىشىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، دېرىزىنى-مۇ ئاچالمايتتى.

كېيىنكى ئون مىنۇتتا نېمە ئىشلار يۈز بەرگىنىنى ھېچكىم بىلمىدى. ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيى «گۈلدۈر» قىلىپلا چۈ-شۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئوت يەنە شىددەت بىلەن بەش مىنۇت كۆي-دى. ئوتلاقتىن چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. كىشىلەر دوختۇرنى ئەمدى قۇتقۇزغىلى بولمىدى، دەپ ئويلاشتى. ئەمما، ئۇ بالىخانى-نىڭ دېرىزىسىدە ناھايىتى تېزلا پەيدا بولۇپ، ئوت ئۆچۈرگۈچى-لەرنى شوتا قويۇشقا چاقىرىپ قويۇپ، يەنە تېزلا غايىب بولدى. ئۇلار بىرھازا شوتىنى توغرا ئورۇنغا قويالماي، ئاخىر قويدى. ئىككىيلەن يۇقىرىغا چىقىپ دېرىزىنى ئاچقان ھامان، قويۇق ئىس ـ تۈتەكتە قىقىلىپ يۆتىلىپ كېتىشتى. ناھايىتى ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاقتا دوختۇر بىر توپ ئاق رەختنى قۇچاقلىغىنىچە يەنە پەيدا بولدى. ئاق رەختنى باشقىلارغا سۇنۇپ بېرىپ، دەلدەڭشىگىنىچە كەينىگە يېنىپ، يەنە غايىب بولدى. ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەردى، بىلمەيمەن، ئۇلارنىڭ

دوختۇرنى قانداق ئاچىققانلىقىنىمۇ بىلمىدىم. ئۇلار دوختۇرنى يۆلەپ شوتىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئېھتىياتسىزلىقتىن دوختۇر سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. بەلكىم زىيادە كۆپ ئىس - تۈتەك سۈمۈرۈۋالغانلىقتىن خۇدىنى يوقاتقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قار ياغقاندىن كېيىن، شوتا تېخىمۇ سىلىق بولۇپ كەتكەندى. قىسقىسى، كۆزۈمنى ئاچسام، ئۇ يەردە يېتىپتۇ. كىشىلەر كەينىگە داجىشىپ، ئۇنى ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندۈرمەكچى بولۇشتى.

ئۇلار دوختۇرنى ئاللىقاچان ئۆلدى، دەپ قارىغانىدى. بازاردىكى بىرۇيس دوختۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتى ۋە ئىككى تال قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ سۇنغانلىقىنى ئېيتتى. دوختۇر ھوشسىز ياتاتتى، كىشىلەر ئۇنى دېرىزىدىن ئاچىقىۋالغان ئىككى پارچە باللار كىرلىكىگە ياتقۇزۇپ، ئات ھارۋىسىغا چىقىرىپ ئۆيىگە ئەكەتتى.

قېلىپ قالغانلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. غەلىتە يېرى، مۇشۇنداق ئاپەتتە بارلىق ئىشلار شۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگەردىكى، ئويلىنىشقا قىلچە پۇرسەت يوق ئىدى. ئاخىردا، پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى قۇتقۇزۇش كېرەكلىكىنى تۇيۇقسىز ئەسكە ئالدۇق. مەن كۆرگەن ئەڭ مەردانە ھەرىكەت دوختۇرنىڭ ھەرىكىتى بولدى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ھايات - ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئاللېگرانى قۇتقۇزۇۋالدى. بۇ پەقەت بۇ قورقۇنچلۇق كېچىدىكى قىسقىغىنا ئون بەش مىنۇتتا يۈز بەرگەن تاسادىپىيلىق.

ئۇ ئاللېگرانىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بالىنىڭ ئامان قېلىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. بىخەتەر بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئەدىيالدىن پاخپايغان بېشىنى چىقىرىپ، بىزگە خۇش تەبەسسۇم بىلەن باقتى. ئۇ تېخى بىز بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتىمەن، دەپ قالغانىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇ يەنە كۈلەلىدى. كۈچلۈك ئوت ئۇنىڭ ياتىقىدىن بىر مېتىر نېرىدا يالقۇنجاپ

تۇراتتى. شامال يۆنىلىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ياتىقىغا ئوت تۇتاشمىغانىدى. تەلىيىگە سىمىس خېنىم ساپ هاۋا دېگەندەكلەرگە ئىشەنمەيتتى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ كىچىككىنە ساپ هاۋا ئۈچۈن دېرىزىنى ئېچىپ قويغان بولسا، كۈچلۈك ئوت ياتاق ئىچىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولاتتى. ناۋادا ئاللېگرا ئۆلۈپ كەتسە، برېتلاند ئەپەندىنىڭ ئۇنى بېقىۋېلىش تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالار ئىدىم. ئەمما، «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» مەسىلىلەرگە مېنىڭدەك قارىمايدۇ.

گەرچە زىيان بولغان بولسىمۇ، ئىككى تراگېدىيىنىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىنى ئويلىسامىلا، كۆڭلۈم ئاز ـ تولا تەسكىن تاپىدۇ. دوختۇر ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئوت دېڭىزى ئىچىدە يەتتە مىنۇتقا يېقىن تۇرغاچقا، كۆپچىلىك ئۇ ئىككىيلەننىڭ هايات قېلىشىغا ئىشەنمىگەنىدى. بۇ ئىش هەر قېتىم ئېسىمگە چۈشسە، قورقىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك باسىدۇ.

ئەمدى باشقا ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي. ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ۋە خالىس قۇتقۇزغۇچىلار پۈتۈن كېچە بار كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ دېهقانچىلىق مەيدانىدىن كەلگەن شوپۇر ۋە هارۋىكەش، يېڭىدىن كەلگەن نېگىر ئايال ئاشپەزمۇ قەهرىمانغا ئايلاندى. ئۇ سىرتقا ئوت يېقىپ بىر كورا قەهۋە قاينىتىپ، قىسقىغىنا دەم ئېلىش پەيتلىرىدە ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملارغا قەهۋە سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئاز بولسىمۇ هاردۇقىنى چىقاردى. بىز كىچىك بالىلارنىڭ هەربىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈتۈش ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدۇق. ياشتا چوڭراق ئوغۇللار تاكى تاڭ يورۇغۇچە توختىماي ئىشلىدى. پۈتۈن بازاردىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى كېلىپ بىزگە ياردەملەشتى، هەتتا دارىلئېتامنىڭ نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ يېرىم كېچىدە يېتىپ كېلىپ، بىزنى ئۆي بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئادەمنى هەقىقەتەن تەسىرلەندۈرەتتى. ئۇلار بۇ بالىلارنى ئېلىپ قېلىپ ئىسسىق شورپا ئىچۈرۈپ، يۇيۇندۇرۇپ، بەزلەپ ئۇخلىتىشتى. يۈزدىن ئارتۇق بالىنىڭ بىرەرىمۇ

چەتتە قالدۇرۇلماي خەۋەر ئېلىنىدى، بولۇپمۇ كۆكيۆتەل بولۇپ قالغان بالىلار تېخىمۇ ئوبدان كۈتۈلدى.

ئوت ئۆچۈرۈلگەندە، تاڭ ئاتقانىدى. بىز شۇ چاغدىلا قۇتقۇزۇش نەتىجىسىدىن خەۋەر تاپتۇق: مەن تۇرۇۋاتقان يەرگە ھېچقانداق زىيان يەتمىگەنىدى، قويۇق ئىستىن باشقا، كارىدوردىن پەلەمپەيگىچە بولغان يەرلەر ھېچنېمە بولمىغانىدى.

كۆز ئالدىمىزدىكى ھەممە نەرسە كۆيۈپ قارىداپ، نەملىشىپ كەتكەنىدى. شەرقتىكى بىنا قاپقارا جاھازغىلا ئايلىنىپ قالغان. سەن ئىزچىل ياقتۇرمايدىغان F كورپۇس بىنا پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەنىدى. مەيلى رېئاللىقتا ياكى مەنىۋى جەھەتتە بولسۇن، جون گرىئېر دارىلئېتامى ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. سېنىڭ بۇ كونا قۇرۇلۇشنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭنى، ئۇنى يەر شارىدىن غايىب بولدى دەپ قارىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىر كېچىدىلا مۇنداق كۆپ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى كۆرۈشۈم تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى كېچىلىك كىيىم، كېچىلىك كۆڭلەك، ياقىسىز كىيىملەرنى كىيگەنىدى. ئەمما، خون سېيرۇس ۋىكوف ئەپەندى بولسا، چۈشلۈك چاي ۋاقتىدىكىدەك پۇزۇر ياسانغان مەرۋايىت قادالغان گالستۇك چەككەن ۋە ئىلغۇچ تاقىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇمۇ بىزگە كۆپ ياردەم قىلدى. ئۇ ئۆيىنى بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە بەردى ۋە ماڭا ياردەملىشىپ، ھېستېرىيە بولۇپ قالغان سىمىس خانىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. پۈتۈن كېچە ئۇ قۇتقۇزۇش خىزمىتىمىزگە قىلچە توسالغۇ بولمىدى.

كۆپ يازالمايمەن، مۇشۇنچىلىك يېزىپ تۇراي، بۇ ئۆمرۈمدە ھازىرقىدەك ئالدىراش بولۇپ باقمىغانىدىم. ئەمما، كاپالەت بېرەي، سەپىرىڭنى توختىتىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئالتە كېڭەش ئەزاسى بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈردى. بىز تىرىشىپ يۈرۈپ، نەرسىلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋالدۇق. بالىلار ھازىر پۈتۈن بازارغا تارقىتىۋېتىلدى. بىز ھەربىر بالىنىڭ

قەيەردىلىكىنى ئېنىق بىلىمىز، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارمۇ مەڭگۇ باشقىلارنىڭ يېنىدا تۇرمايدۇ. بۇ ناتونۇش كىشىلەرنىڭ شۇنچىلىك دوستانىلىكى ھالقىلىق پەيتتە، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياخشىلىققا مايىللىقىغا بىزنى يەنىمۇ ئىشەندۇردى.

ئەمما، مەن تا ھازىرغىچە دوختۇرنى كۆرمىدىم. ئۇلار تېز - لىبگرامما ئارقىلىق نيۇيوركتىن مەخسۇس بىر دوختۇرنى ئۇنىڭ پۇتىنى داۋالاشقا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشتى. ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن، ئەسلىگە كېلىشىگە بىر مەزگىل كېتىدىكەن. ھېر - لىمۇ ياخشى، ھېچقانداق ئىچكى زەخىم بايقالماپتۇ. ئۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكۈدەك بولغاندا، ساڭا تەپسىلىي ئەھۋاللارنى يېزىپ ئەۋەتىمەن. قەلىمىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، ئەتە يەنە پاراخوتقا ئۇلگۈرۈشۇم كېرەك.

خوش، ھەممە ئىش جايىدا، ئەندىشە قىلما. ئەتە يەنە ساڭا خەت يازاي. بەختسىزلىكتىن كېيىن ھامان بەخت پارلايدۇ.

سالليې ماكبىرد

11 ـ يانۋار

ئەسكەرتىش:

ۋاي خۇدا، بىرىتلاند ئەپەندىنىڭ ماشىنىسى كېلىۋاتىدۇ.

## 100

قەدىرلىك جۇدى:

بىرىتلاند ئەپەندى ئوت كېتىش ۋەقەسىنى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دىن كۆرۈپتۇ. گېزىتتە بۇ يەردىكى ئەھۋال ئۇجۇر ـ بۇ - جۇرىغىچە خەۋەر قىلىنغانىكەن. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالار ـ ئالماي:

ـــ ئاللىبگراغا ھېچ ئىش بولمىغاندۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

— تىنچ - ئامان، — دېدىم مەن.

ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا، يۇقىرى ئاۋازدا:

— پەرۋەردىگارغا شۈكۈر، ئەجەبا، بۇ كىچىك بالا تۇرىدىغان جايمۇ؟ مەن ئۇنى ئالغىلى كەلگەن، ھېلىقى ئىككى ئوغۇلنىمۇ بىللە ئەكېتىمەن، — ئۇ شۇنداق تېز سۆزلەپ، مېنىڭ سۆز قىستۇرۇشۇمغا ئىمكان بەرمىدى، — خانىمىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بولدۇق، ئەڭ ياخشىسى، ئۇچىلىسىنى بېقىۋالىمىز.

ئوت ئاپىتىدىن كېيىن بىرنەچچە بالا ھېلىغىچە مېنىڭ ئىشخانامدا تۇرۇۋاتاتتى. مەن ئۇنى شۇ يەرگە باشلاپ باردىم. ئون مىنۇتتىن كېيىن بىنادىن چۈشۈپ، كېڭەش ئەزالىرى بىلەن بالىلارنى بېرتلاند ئەپەندى بىلەن يالغۇز قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. مېنىڭچە، ئۇ ھازىر پۈتۈن ئامېرىكىدىكى ئەڭ بەختىيار ھەم پەخىرلىك ئاتا ئىدى. قىزى قۇچىقىدا، ئىككى ئوغلى ئىككى ياندا ئۇنىڭغا يېپىشىپ تۇراتتى.

بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدىن بىر ئىش ۋۇجۇدقا چىقتى: ئۈچ بالا ئاپەت ئىچىدىن ئامەتكە ئېرىشىپ، ئىللىق ماكانغا ئىگە بولدى. يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ساڭا دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، تېخى ئوتنىڭ قانداق كەتكەنلىكىنىمۇ ساڭا دېمىدىم. ئەمما، بۇ ئىشنى ئويلىساملا، قوللىرىم قىچىشىپ كېتىدۇ. ئۆتكەن ھەپتە روبېرت ستېرربي بۇ يەرگە كەلگەن. كەچتە ئۇ «جېك رېستورانى»دا قاتتىق غۇچە ئىچىپ مەست بولۇپ، دېرىزىدىن يامىشىپ مېنىڭ ھۇجرامغا كىرگەن، ئاندىن شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇ شامنى ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، ئوت شۇنىڭدىن تۇتاشقانىكەن. ھېلىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ھازىر پۈتۈن بەدىنىگە دورا سۈرتۈلۈپ، بازاردىكى دوختۇرخانىدا ياتىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى ئوتقا سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايماندا.

تەلىيىمىزگە، ھەممەيلەن سۇغۇرتىلانغانىدۇق، زىيان سوممىسى ئانچە يۇقىرى بولمىدى، باشقا تەرەپلەردىمۇ ھېچقانداق زى-

يان بولمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، دوختۇردىن باشقىلار ئاپەتتىن
ئامەتكە ئېرىشتۇق دېسەك بولىدۇ. كىشىلىك دۇنيادا شۇنچە كۆپ
ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى ئويلاپ باقماپتىكەن-
مەن. ئەمدى بۇرۇن كېڭەش ھەققىدە قىلغان غەيۋەتلىرىمنى قايـ-
تۇرۇۋالدىم. تۆت كېڭەش ئەزاسى ئەپەندى ئوت كەتكەندىن كېـ-
يىن، تاڭ سەھەردىلا نيۇيوركتىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. يەرلىك
كىشىلەرمۇ ناھايىتى قىزغىن ئىدى، ھەتتا ۋىكوف ئەپەندىمۇ ئۆزى
باشلامچى بولۇپ بەش بالىنى ئۆيىدە ۋاقىتلىق تۇرغۇزدى، ھازىر-
غىچە ھېچقانداق گەپمۇ كۆتۈرۈپ كەلمىدى. ئوت ئاپىتى شەنبە
سەھەر سائەت ئالتىدە يۈز بەرگەن، يەكشەنبە كۈنى چېركاۋنىڭ
پوپى كۆپچىلىكنىڭ بىر - ئىككىدىن بالىنى تاكى دارىلئېتام
نورمال يۇرۇشكۈچە نۆۋەتلىشىپ، ئۈچ ھەپتىدىن بېقىشنى مۇرا-
جىئەت قىپتۇ.

كىشىلەر پوپنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشتى. يېـ-
رىم سائەتكە قالماي، بالىلارنىڭ ھەممىسىنى بېقىۋالىدىغانلار
چىقتى. بۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سالىدۇ، بۇ ئىشنىڭ
ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر زورلۇقىنى ئويلاپ باقمىن. ھازىردىن
باشلاپ ھەربىر ئائىلىنىڭ يېتىم بالىلارغا بولغان ئېتىبارى
ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلارمۇ بۇنىڭدىن نورمال
ئائىلىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنىۋالىدىغان بولدى. قىشنى قانداق
ئۆتكۈزۈشكە كەلسەك، سەھرا كۇلۇبى قىشتا ۋاقىتلىق ئېچىلمىـ-
غاچقا، ئۇلار توپچى بالىلار تۇرىدىغان بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىشلىـ-
تىشىمىزگە قوشۇلدى. بۇ ئۆي بىزنىڭ ئارقىمىزدا بولۇپ، ئۇنى
«ئايرىمخانا» دەپ ئاتىدۇق، تەخمىنەن تۆت بالا تۇرالايدۇ. بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى ماتسېۋۇس خېنىم بىر تەرەپ قىلىدۇ. تاماقخانا بىلەن
ئاشخانا ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىغانىدى. بالىلار ئىلگىرىكىـ-
دەكلا تاماق يەپ، دەرس ئاڭلىسا بولىدۇ، پەقەت كەچتە قايتار
چاغدا يېرىم كىلومېتىر يولنى ئارتۇق باسىدۇ، خالاس.

ئۇنىڭدىن باشقا، دوختۇرنىڭ تولىمۇ مېھرىبان ھېلىقى

قوشنىسى ۋىلسون خانىم ھەپتىدە تۆت دوللار ھەق بىلەن بەش با ـ لىنى كۆپرەك بېقىشقا ماقۇل بولدى. ئۇنىڭغا ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدىغان، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان قىزلاردىن تاللاپ بەردىم. ۋىلسون خانىم بىلەن ۋىلسون ئەپەندى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئىقتىسادچىل، تىرىشچان، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ۋە مېھرىبان بولۇپ، بۇ ھەربىر تەلەيلىك قىزغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ياخشى ئائىلە بولۇشىدىكى ئۈلگە ئىكەنلىكىنى ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي تەرەپ دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنىنىڭ ئوت ئا ـ پتى يۇز بەرگەن ئاخشىمى قىرىق يەتتە كىچىك بالىنى ئېلىپ قېلىپ، تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئۆيىنىڭ ۋاقىتلىق يەسلىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم. ئەم ـ ما، ئۇلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئەتىسى ئوتتۇز ئالتە بالىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئون بىرىنى قالدۇرۇپ قويغانىدۇق. مەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئىلگىرىكى گېپىمنى قايتۇرۇۋالدىم. مەيدان خوجايىنىنى مىجەزى ئوسال، تولىمۇ پىخسىق دەپ ئاڭلى ـ غانىدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خېلى ياخشى ئادەم ئىكەن. قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىمىزدا، ئۇ بىر ئېغىز ئۆيىنى بوۋاقلار پەرۋىشخا ـ نىسى قىلىپ، مەخسۇس ئىرىلاند بالا باققۇچى تەكلىپ قىلىپ با ـ لىلارغا قاراتتى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى، ئۇ سۈتلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەيتىكەن، ھەربىر لىتىردا تۆت سىنت زىيان تارتىدىغان بولغاچقا، سېتىپمۇ چىقىرالمايتىكەن. ئۇ، ھەر ـ نېمە بولسا، بۇ سۈتلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدۇم، دېدى. مەن A كورپۇستىكى يېشى چوڭراق ئون ئىككى قىزنى دېھقان ـ چىلىق مەيدانىدىكى كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇ قىزلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ـ تۆتىنى باشقۇرغىلى بولمىغاچقا، بېقىۋالغۇچىلار قايتۇرۇپ ئەكېلىپ قويغان، ئۇلار ئەڭ ئۇنۇملۇك تەربىيىگە موھ ـ تاج ئىدى. بىچارە تۇرنىبلت ئىككى كۈن تۇرۇپلا، كەنتكە قوغلى ـ ۋېتىلدى. كىچىك بالىلارغا قاراشتا، ئۇلار بىزگە ھېچقانداق يار ـ دەم بېرەلمەيتتى. ئەمما، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيگە ئېھتىياجلىق ئى ـ

ىدىم. نېمە ئىشلارنى قىلدىم، بىلەمسەن؟ مەن خېلىنىگە نەشرىيات-تىكى ئىشنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ قىزلارنى تەربىيىلە-شىمگە ياردەملىشىش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدىم. خېلىن ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان تويىدىن بىزار بولغان، شۇنداقلا هاياتىنكى يېڭى تۇرمۇشنى باشلاشنى ئۈمىد قىلاتتى.

بىز بېرتلاند ئەپەندىنىڭ ئاللېگرا ئۈچۈن دوختۇرغا مىن-نەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن سوۋغىتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇلار ئىككىسى دارىلئېتامنىڭ ئېهتىياجى تۈپەيلى بىر قېتىم سۆهبەتلەشتى. بېرتلاند ئەپەندى بىزنىڭ ئىندىئانچە چېدىرىمىز-نى قايتا قۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن، ئۈچ مىڭ دوللارغا چەك كېسىپ بەردى. بىز بالىلارنىڭ ئىككى هەپتە ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ قىشلىق ئۆيلىرىگە خۇشال - خۇرام ئورۇنلىشىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇ بوش ۋە بازاردىكى ئارخىتېكتورلار بىلەن ئىش باشلاش پىلانى-نى ئاللىقاچان تۈزۈپ بولدى. ناۋادا ئەينى چاغدا بىر يۈز يەتتە با-لىنىڭ هەممىسى كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئاقىۋىتى قانداق بولار ئىدى؟ ئويلاشقا پېتىنالمايمەن. ئەمما، هازىر قارىغىنا، ئۇلار مۇ-هەببەتكە تولغان كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتىدۇ.

(جۇمە)

دوختۇرنىڭ يېقىندىن بېرىقى ئەهۋالىنى تىلغا ئالمىغانلى-قىمدىن ئەجەبلىنىۋاتقانسەن. ئۇ مېنى كۆرۈشنى ئەسلا خالىمايدۇ. ئۇ بېتسي، ئاللېگرا، لېۋىرمور خانىم، بېرتلاند ئەپەندى ۋە بىر قىسىم كېڭەش ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى، پەقەت مەن بىلەنلا كۆرۈشمىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە مەستانە بولۇشىنى ياقتۇر-مايدۇ، شۇنداقلا باشقىلارغا ئۆزىنى قەهرىمان دېگۈزۈش نىيىتىمۇ يوق. ئۇلار ماڭا دوختۇرنىڭ ناهايىتى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقانلى-قىنى، ئىككى تال قوۋۇرغىسىنىڭ ۋە پۇتى قايرىلغان يەردىن ئىككى تال پاچاق سۆڭىكىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشتى. مۇدىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مىننەتدارلىقىمنى بىل-دۈرۈش ئۈچۈن كۆپ قېتىم يوقلاپ بارغان بولساممۇ، هەر قېتىم

ئىشىككە: «ئارام ئېلىۋاتىدۇ، ئاۋارە قىلماڭ» دېگەن سۆزلەر يې-زىقلىق ئىدى. دەسلەپتە ئۇنى ماككى خېنىم يازغان، دەپ ئويلىغا-نىدىم، كېيىن دوختۇرنىڭ يازغانلىقىنى بايقىدىم. شۇڭلاشقا، مەن نائىلاج ئاللىبۇرانى بېتسىيگە قوشۇپ، جېنىمنى قۇتقۇزغان شاپا-ئەتچىسىدىن ئەھۋال سوراشقا ئەۋەتتىم. دوختۇرغا نېمە بولغىنىد-نى بىلمەيمەن، ئۆتكەن ھەپتە خېلى ئوبدان تۇراتتى. مەن نائىلاج بۇشنى دوختۇرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشقا ئەۋەتتىم. بەلكىم ئۇنىڭ مەن بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈسى يوقتۇ، پەقەت مېنى بىر مۇددەت قاتارىدىلا كۆرىدىغاندۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، «شوتلاندىيىلىك ئەركەك» يەنىلا «شوتلاندى-يىلىك ئەركەك» — دە!

(يەنە قەلەمنى ئالدىم)

گەرچە ياماپكىغا خەت ئەۋەتىشكە جىق پۇل كەتسىمۇ، يەنىلا سېنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. دارىلئېيتام 1876 — يىلى قۇرۇلغاندىن بېرى مۇنداق كۆپ ئىشلار زادىلا يۈز بېرىپ باقمىغان. ئوت ئاپىتى بىزنى كەل-گۈسى تۇرمۇشىمىزدا ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇش ھەققىدە ئا-گاھلاندۇردى. مېنىڭچە، ھەرقانداق ئورۇنغا يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن بىر قېتىم ئوت كېتىپ، كونا ئۈسكۈنە ۋە كونا قاراشلار كۆيدۈرۈپ تاشلىنىشى كېرەك ئىكەن. ھېلىمۇ ياخشى، ئۆتكەن يىلى يازدا بىز جېرۋىسنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋەتمىگەن. ناۋادا ئۇ-نىڭ پۇللىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولساق، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق بولار ئىدى — ھە! ھازىر كۆيۈپ كەتكىنى دارىلئېيتام قۇرغۇچىسى-نىڭ ئەپيۇندىن قىلغان كىرىمى، ئۇنچىلىك ئەپسۇسلىنىپ كەت-كۈچىلىكى يوق.

ئوت ئاپىتىدىن كېيىن، بىز ۋاقىتىنچە ئۆيلەرنى رېمونت قى-لىپ تۇردۇق، خېلى ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز. ئۆيلەرمۇ خىزمەتچى خادىملارنىڭ تۇرۇشىغا يېتىدۇ. يەنە تېخى باللار ئۈچۈن مەخسۇس ئاشخانا ۋە تاماقخانىلار ھازىرلانغان. كەلگۈسىدە بىز تېخىمۇ ياخ-

شى كېچەيتىپ قورۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىمىز.

بىلەمسەن؟ چوقۇم پەرۋەردىگار بىزنىڭ تىلەكلىرىمىزنى ئاڭلىدى. «جون گرىئېر دارىلئېتامى»نىڭ پات ئارىدا ئۆزىنىڭ بىناسى بولىدىغان بولدى.

ئېكۋاتورنىڭ شىمالىدا ئالدىراش يۈرگەن:

سالليې ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

14 ـ يانۋار

## 101

قەدىرلىك كولتون:

ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەڭ. بۇ چاغدا مېنى دارىلئېتامدىن ھەرگىز ۋاز كەچتۈرەلمەيسىز. بالىلار ماڭا ئەڭ موھتاج بولغان چاغدا، ئۇلارنى تاشلىۋېتەلمەيمەن، بۇ تەرىپىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز دائىم «ئادەمنى بىزار قىلىدىغان خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى» دەپ سۆپەتلەيدىغان بۇ ئىشلاردىن ۋاز كېچىش ئويىدا بولۇشۇم ئىلگىرىكى ئىش بولۇپ قالدى.

مەن ئۇچۇن ئەندىشە قىلمىغايسىز. زىيادە چارچاپ كەتكىنىم يوق، ئەكسىچە، ناھايىتى خۇشالمەن. مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق ئالدىراش، مۇنداق خاتىرجەم بولۇپ باقمىغان. ئوت ئاپىتى ھەققىدىكى گېزىت خەۋەرلىرى رېئاللىقتىكىدىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن. مېنىڭ بالىنى ئېلىپ ئۆگزىدىن سەكرەۋاتقانلىقىم تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈش بەكلا كۆپتۈرۈۋېتىلىپتۇ. گەرچە بىرنەچچە بالا كاناي ياللۇغى بولۇپ قالغان، دوختۇر گىپىسقا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ياخشى، ھەممىمىز ئوبدان ياشاۋاتىمىز.

ھازىر مەن بەك ئالدىراش، ئۇ تەپسىلاتلارنى بايان قىلىشقا

ئامالسىزمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز كەلمەڭ! كېيىن ئىشلار ئىزىغا چۈشكەندە، بىز ئارىمىزدىكى ئىشلار ئۈستىدە ئوبدانراق پاراڭلىشايلى. ئەمما، ھازىر مېنى تىنچ ئويلانغىلى قويۇڭ.

سالليې ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

16 ـ يانۋار

## 102

قەدىرلىك جۇدى:

خېلىنىنىڭ خىزمىتى ئەڭ قىيىن، ئۇ ھېلىقى بەڭۋاش قىزلارنى چوقۇم ياخشى باشقۇرالايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى خۇشال. مېنىڭچە، ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى شېرىكلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

«بوكسچى»نىڭ ئىشىنى ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئوت ئاپتى يۈز بەرگەندە، يازىچە ئۇنى باققان ھېلىقى ئىككى موماي كالىفورنىيىگە ماشىقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. ئۇلار «بوكسچى»نى يۈك ـ تاقلىرى بىلەن قوشۇپ ئەكەتتى، يول بويى ئۇلار ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرەرمىكىن. بىزنىڭ «بوكسچى»مىز بۇ يىل قىشنى كالىفورنىيىدە ئۆتكۈزىدۇ. مەن «بوكسچى»نىڭ مەڭگۇ ئۇلارنىڭ بالىسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سەن بەلكىم ئوت ئاپىتىدىن كېيىن روھىمنىڭ تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران قېلىشىۋاتقانسەن؟

(يەنە قەلەمنى ئالدىم)

مەن بۈشنىڭ دەردىنى بەك چۈشىنىمەن، ئاخشام ئىككىمىز بىللە ئىدۇق. نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىمەن؟ سولغۇن قەلبىگە تەسەللى بېرىۋېرىپ بەكلا چارچىدىم. ھازىر بۇ بىچارە يىگىتنىڭ روھى بەكلا چۈشكۈن. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ بېتىسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايۋاتقان بول-

سىمو، ئۇنىڭ بېتسىينىڭ ياردىمىدە بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇ ئۆزىنى خۇددى داغدا قالغان تراگېدىيە قەھرىمانىدەك ھېس قىلىپ، بۇ «ئاۋارىچىلىك»تىن بىزار بولغاندەك تۇرىدۇ. بىراق، بېتسىي يېنىدا بولسىلا، ئۇ يەنىلا خۇشال خىزمەت قىلىدۇ.

تۇنۇگۈن كولتون ئەتە كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تېلېگرامما يوللاپتۇ. بىلىمەن، كۆرۈشكەندىن كېيىن چوقۇم جېدەل بولىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقۇۋاتىمەن. ئوت ئايتى يۇز بېرىپ ئەتىسى، ئۇ ماڭا دارىلئېتامنى «چۆرۈۋېتىپ»، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ھەققىدە خەت يېزىپتىكەن. ھازىر ئۇ يەنە مۇشۇ ئىشنى دېگىلى كەلدى. ئەمما، يۈزدىن ئارتۇق بالىنىڭ بەختىگە چېتىشلىق بىر ئادەم ئۆز ئىشىنى چۆرۈۋېتىمەن دەپلا چۆرۈۋېتەلمەيدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. ئەمما، ئۇنىڭغا بۇلارنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزمەن، بىردىنبىر چارە ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرمەسلىك. بىراق، ئۇ كالىدەك جاھىل ئىكەن. ھەي، مېنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن بىلىدىغان قابىلىيىتىم يوق، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى راستتىنلا بىلمەيمەن.

ئاڭلىسام، دوختۇر كۆپ ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ، ئۆزى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ چىققان مېھمانلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ كۆرۈشكۇدەك بوپتۇ. ماككى خېنىم ئۆزى ياقتۇرمايدىغان مېھمانلارنى بىردەك كىرگۈزمەيدۇ.

ھازىرچە مۇشۇنچىلىك بولۇپ تۇرسۇن، مېنىڭ جىق يازغۇم بار ئىدى، بەكلا ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى. سادى كايتىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، كۆزۈم يىتۇپ كېتەي دەپ قالدى. ئەمدى ئۇخلاي، ئەتە يەنە بىر يۇز يەتتە ئالاقاپ مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

پىندلېيتون ئائىلىسىدىكىلەرگە مۇھەببىتىمنى يوللاپ:

سالليي ماكبىرد

21 ـ يانۋار

# 103

قەدىرلىك جۇدى:

بۇ خېتىمدە پۈتۈنلەي شەخسىي ئىشىم ھەققىدە توختىلىمەن. بۇلارنىڭ دارىلئېتام بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدىكى چاغلىرىمىزدا، خۇشلېپىنىڭ مەكتۇپلىرىنى ئوقۇغانلىقىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ كىتابىتىكى بىر ھېكمەتلىك سۆز ھازىرغىچە قەلبىمدە تۇرۇپتۇ: «ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا بىر دوقال بولىدۇ، ناۋادا، ئۇنىڭدىن تەمكىنلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتەلمىسە، چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ.» ئەجەبمۇ ياخشى ئېيتىپتىكەن!

مەسىلە شۇنىڭدىكى، بىز دائىم دېگۈدەك ئالدىمىزدىكى قايسى ئىشنىڭ ھاياتىمىزدىكى دوقال ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىمىز، خادا تاشقا سوقۇلغانلىقىمىزنى بايقىغىنىمىزدا، ھەممە ئىش ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، مەن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمدىكى دوقالغا كېلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەن چىن كۆڭلۈمدىن كولتون بىلەن نىكاھنىڭ مۇقەددەس قەسىرىگە بىللە كىرىشنى خالايتتىم، ئەمما ھازىر مەن بۇنداق نەتىجىنىڭ بولۇشىدىن بارغانسېرى گۇمانلىنىۋاتىمەن. مەن ئۇ ياقتۇرىدىغان ئاياللارنىڭ تىپىدىن ئەمەس. بۇ بىر يىلدىن بېرى، ئىلگىرىكى ئۆزۈمدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋاتىمەن، بىراق كولتون يەنىلا بۇگۈنكى سالپېنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، دەپ قارايدۇ.

ئىككىمىز ئۇچۇن ئەڭ ياخشى تاللاش — مۇھەببىتىمىزنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاش.

ناۋادا ئورتاق ھايات نىشانى بولمىسا، قىز بىلەن ئوغۇل دوست بولالمايدۇ. كولتون بۇنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ، ئۇ بۇنى مېنىڭ قالايمىقان خىياللىرىم، دەپ چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ يەردە

بولىسىدى، چوقۇم ئۇنىڭغا ياقىقۇدەك سۆزلەرنى قىلغان، بەلكىم ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىققان بولاتتىم. ساڭا ئايان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمدا دائىم ئويۇن قويىمەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىگە قىلچە قىزىقمايمەن. ئۇنداقتا، كولتوننىڭ يېنىدىكىسى ھەقىقىي مەنمۇ؟ ھەرگىز ئەمەس! ناۋادا بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام، مۇشۇنداق نىقابلىنىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىمەن. كولتون مېنىڭ ئۇ خۇش بولغان ئىشلاردىن خۇش بولۇشۇمنى، خاپا بولسا، خاپا بولۇشۇمنى، ھەر كۈنى ئاشۇنداق ئۇنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈشۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ، مېنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇستەقىل بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى چۈشەنمەيدۇ.

ئۇ مېنى قاملاشتۇرۇپ ياسىنىدىغانلىقىم، سورۇنلارغا باشلاپ بارغۇچىلىكىم بارلىقى سەۋەبلىك ياخشى كۆرىدۇ. يەنە كېلىپ، مەن ئىجتىمائىي ئالاقىگىمۇ خېلى ماھىر، سىياسىيونلارنىڭ ئائىلىسىدە كۆڭۈلدىكىدەك ئايال خوجايىن بولالايمەن.

توساتتىن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭمۇ خېلىندەك بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. قەدىرلىك جۇدى، ئىككىڭلارنىڭ ئوخشىمىغان تۇرمۇشى مېنى يەنىمۇ ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، جېرۋىس بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بۇنداق ئېچىللىقىڭلارنىڭ جەمئىيەتكە خەۋپى بار، ئەتراپىڭلاردىكى نىكاھ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تەييارلىقسىز تۇرغانلار سىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزى يولۇققان تۈنجى ئەرنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىشى مۇمكىن. ئەمما، كۆپىنچە ھاللاردا ياخشى كۆرگەن تۈنجى ئەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چىقىشى ناتايىن.

قىسقىسى، مەن كولتون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى تىنچ يول بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئاخىردا يەنىلا جېدەللىشىپ قالدىم. ئىككىمىزنىڭ تەرسا مىجەزى ھامان بىر جېدەلنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئۇنى «كەلمەڭ» دەپ خەت يازغا -

نىدىم، ئۇ يەنىلا كەلدى. بىز «بىرۇ قىياسى»غا چىقىپ، كۈچلۈك شامال ئۇرۇپ تۇرغان تاغ باغرىدا توپتوغرا ئۈچ سائەت يۈرۈپ، يۈرىكىمىزدىكى چىن سۆزلىرىمىزنى تۆكۈشتۇق. كىم بىزنى چۈشىنىشمەي ئايرىلىپ كەتتى دېيەلەيدۇ؟

كولتون كەتتى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ سىيماسى تاغ چوققىسىدا غايىب بولۇپ، شامال بىلەن يىراقلارغا ئۇزاپ كەتتى، ئەمدى ئارقىغا ياندۇرۇشقا ئىمكان قالمىدى. مەن ئەركىنلىككە چىقتىم، ئاخىر ئۆز - ئۆزۈمگە خوجا بولدۇم! جۇدى، شۇ تاپتا قولۇمنى سۇنۇپ، بىردىنلا ماڭا تەئەللۇق بولۇپ قالغان بۇ دۇنيانى قۇچاقلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. بەختلىك نىكاھ ئىچىدە تۇرغانلار بەلكىم بۇنداق گۈزەل تەنھالىقنى ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئاھ، ھەممىسى ئاخىرلاشتى! نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ دارىلئېتام كۆيۈپ كېتىۋىدى، مەن بىردىنلا رېئاللىققا يۈزلىنىشىم، كۆز ئالدىمدىكى ئىشلارغا يۈزلىنىشىم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم. دارىلئېتامنى قايتا قۇرۇشقا قاتنىشالمايدىغانلىقىمنى ئويلىساملا، قەلبىمنى ھەسەت ئوتى چىرمىۋالاتتى. بۇلاردىن ۋاز كېچەلمەيمەن. دوختۇرنى خىيالىمغا كەلتۈرسەم، كولتونغا سېلىشتۇرغاندا، دوختۇرنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەن. شۇڭا، مۇشۇنداق پەيتتە ئۇنى تېخىمۇ تاشلاپ كېتەلمەيمەن. مەن چوقۇم بىزنىڭ ئورتاق ھايات نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرىمەن.

بىر تالاي چۇۋالچاق گەپلەرنى قىلىپ كەتتىم. ئېنىق دېيىشكە تىرىشقان بولساممۇ، ھازىر ھېسلىرىم تولىمۇ چىگىش، نېمىلا دەي، مەن قىش سەھىرىدىكى قۇياش نۇرىدا چەكسىز ئەركىنلىكنى ھېس قىلدىم. چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، سەكرەپ - تاقلاپ تاغدىن چۈشۈپ، تۈزلەڭلىكنى كېسىپ ياتاققا يۈگۈردۈم. ئۆزۈڭ يالغۇز ناخشا ئېيتىپ يۈرسەڭ، راستتىنلا خىجىل بولۇپ ئوڭايسىزلىنىپ قالىدىكەنسەن. ئىلگىرىكىلەرنىڭ قارىشى بويىچە

بولغاندا، مەن خۇددى قانىتى قايرىلغان قۇشتەك يالغۇز ياش تۆ-
كۈشۈم كېرەك ئىدى، بىراق ھازىر بىچارە كولتونىنىڭ ئازابلانغان
ھالدا بېكەتكە كېتىۋاتقانلىقى خىيالىمغا كىرىپمۇ چىقمىدى.

ياتاقتا كىرگىنىمدە، بالىلار خۇشال ھالدا تاماقخانىغا كى-
رىۋاتقانىكەن. بىردىنلا بالىلار ئۆزۈمنىڭ بالىلىرىغا ئايلىنىپ
قالدى. بىراق، يەنە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقانلىقى يادىمغا
كېلىپ، بالىلارنى مەندىن يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم —
دە، يېقىنلا يەردە تۇرغان ئۈچ بالىنى باغرىمغا مەھكەم باستىم.
دەل شۇ پەيتتە، خۇددى يېڭى ھاياتلىق يولۇمنى تېپىۋالغاندەك،
ئۇزاق تۇرمە ھاياتىدىن كېيىن توساتتىن ئەركىنلىككە چىققاندەك
بولدۇم. ئاھ! ئەمدى سۆزلىمەي. مەن پەقەت سېنى ھەقىقىي
ئەھۋالنى بىلسۇن دېگەن. جېرۋىس بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالسۇن،
بىراق ئۇنىڭغا سەل قايغۇرغاندەك قىلىپ، مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ
قالغانلىقىمنى دېسەڭ بولىدۇ. يېرىم كېچە بولدى، ياخشىراق
ئۇخلىيالامدىمەن، يوق، بۇنى بىلمەيمەن. ئۆزۈم ياتلىق بولۇشنى
خالىمايدىغان ئادەمگە ياتلىق بولمايدىغان بولدۇم، بۇ بەك ياخشى
بولدى! بالىلار ئۈچۈن خۇش بولۇۋاتىمەن، خېلىن ئۈچۈن خۇش
بولۇۋاتىمەن، ئوت ئاپىتىنىڭ يۈرىكىمدىكى ھەقىقىي سادانى ئې-
نىق بىلدۈرگەنلىكىگە خۇش بولۇۋاتىمەن. بىزنىڭ جەمەتىمىزدە،
ئەزەلدىن ئاجرىشىدىغان ئىشلار بولۇپ باقمىغان. ناۋادا مەن قائى-
دىنى بۇزسام، ئۇلار مەندىن قانچىلىك نەپرەتلىنەر ئىدى — ھە!

ئۆزۈمنىڭ جاھىل، شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن،
بەلكىم كۆڭلى ئازار يېگەن كولتون ئۈچۈن ئۆيلىنىپ باقسام
بولار ئىدى. ئەمما، يالغاندىن ئازابلانغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى
خالىمايمەن. ئۇ چوقۇم مەندىنمۇ لاياقەتلىك، قىزىل چاچلىق، يەنە
كېلىپ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك يېڭى ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرى-
مايدىغان، ئومۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاياللارنىڭ مەجبۇ-
رىيىتى توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايدىغان ئاياللارنى تاپالايدۇ.

قەدىرلىكىم، سەن بىللە دېگىنىز ساھىلىدا كۆپكۆك دې-

ڭىزغا نەزەر سېلىشنى، ئىسپانىيە تۇپرىقىغا چىن قەلبىمدىن چەكسىز ئېھتىرامىمنى بىلدۈرۈشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىمەن ـ ھە! خوش!

سالليې ماكبىرد

## 104

قەدىرلىك ماكرىئا دوختۇر:

بۇ قىسقا خېتىمنى سىزنىڭ قولىڭىزغا تەگكۈزەلەمدىم، يوق، بىلمەيمەن. ئويلاپ باقسام، مېنىڭ سىزنى تۆت قېتىم يوقلاپ بارغىنىمنى، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن سىزدىن ئەھۋال سوراپ، مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرمەكچى بولغانلىقىمنى قىلچە بىلمەيدىكەنسىز. ماككى خېنىمنىڭ ئاياللار ئەۋەتكەن گۈللەر، توخۇ شورپىسى ۋە مېۋە قىيامىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆلگۈرۈپ بولالماي قالغانلىقىنى ئاڭلاپ چەكسىز زوقلاندىم. گەرچە دوختۇرنىڭ پۈتۈن بەدىنى گىپس بىلەن قاتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار قەھرىمانغا چوقۇنىدۇ ـ ھە! بىراق، بىلىشىمچە، سىز باشقىلارنىڭ سىزنى قەھرىمان دەۋېلىشىنى ياقتۇرمايتتىڭىز. مەن باشقا ئاياللارغا بىرئاز ئوخشىمايمەن، چۈنكى بىز ئىلگىرى دوست ئىدۇق. ئەمدى ئىككىمىز ھېلى قېيىدىشىپ، ھېلى ئەپلىشىپ قېلىپ يۈرگەنلىرىمىزنى، يەنە ئارىمىزدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتسەك، قانداق؟

بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىنىڭ سىزنى سەل «رەھىمدىلرەك» قىلىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇ بەكمۇ كۆپ مېھىر ـ مۇھەببەت ئەكەلدى. سىز «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»نى قانچىلىك چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز. پۈتۈن ئەلگە يالغان سۆزلەپ، قوپال، مەنسىتمەس قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىزمۇ، مېنى ئالدىيالمايسىز. سىزنى پسىخولوگىيە تەربىيىسى ئالغان ۋە بېك تەجرىبىسىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ئۆتكۈر كۆزۈم بىلەن كۆزىتىۋاتقىد-




لى ئون ئايدىن ئاشتى. ئەمەلىيەتتە، سىز كۆڭلى يۇمشاق، مۇلا-يىم، ئەقىللىق، رەھىمدىل ۋە ئۇلۇغ ئادەم. كېلەر قېتىم سىزنى كۆرگىلى بارغىنىمدا، چوقۇم ئۆيىڭىزدە بولۇڭ، ئۆتكەن كۈن-لەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى پۈتۈنلەي كې-سىپ تاشلايلى.

ھېلىقى شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئىشلار، بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ خۇشال چاغلار يادىڭىزدىمۇ؟

سالليې ماكبىرد

27 ـ يانۋار

ئەسكەرتىش:

ناۋادا يەنە سىزنى كۆرگىلى بارسام، مەن بىلەن كۆرۈشكى-لى ئۇنارسىزمۇ؟ ئەمدى ئىككىنچىلەپ تەلەي سىنىمايمەن! كا-رىۋىتىڭىز ئالدىدا يىغلىماسلىقىڭىزنى، قوللىرىڭىزنى سۆيمەسلىككە كاپالەت بېرەي، ئاڭلىشىمچە، سىزگە چوقۇنىدىغان بىر قىز مۇشۇنداق قىلغانىكەن.

## 105

سۆيۈملۈك دۈشمەن:

هازىر سىزنى سىرداش دوستۇمدەك سېزىۋاتىمەن. سىزنى ياقتۇرمىغان چاغلىرىمدا، «ماكرىئا» دەپ چاقىرىمەن، «دۈشمەن» دېگىنىمدە، سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن.

سادى كايتتىن ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەت ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ. ئوڭ قولى بىلەنلا خەت يازالايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بەك قىيىن. خەتنى كۆرۈپلا، سىزنى تېخى مۈشتى بىلەن يازدىمىكىن دەپ قاپتىمەن.

ئەته سائەت تۆتتە سىزنى كۆرگىلى بارىمەن، ئۇخلاپ قالماڭ. بىز يەنە دوست دەپتىكەنسىز، بەكلا خۇش بولدۇم. كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىتتۇرۇپ قويغان نەرسەمنى قايتا تېپىۋالغاندەك بولۇۋاتىمەن.

ساللىي ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

پەيشەنبە

ئەسكەرتىش:

ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن كېچىسى جاۋا زۇكامداپ قاپتۇ، ھەتتا چىشلىرىمۇ ئاغرىۋېتىپتۇ. ھازىر ئۇ قولىنى ئېڭەككە تېرەپ، گىنىچە خۇددى ئاسلاندەك بىچارىلەرچە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرىدۇ.

## 106

قەدىرلىك جۇدى:

ئۆتكەن ھەپتە ساڭا قالايمىقان يېزىلغان خەتلەردىن بىرمۇنچە سېلىۋەتتىم. دېگىنىمدەك، خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەنسەن؟ ئۇنى خەققە ئاشكارىلىۋەتسەڭمۇ پەرۋايىم پەلەك. بۇ خىياللىرىمنىڭ

كىشىنى چۆچۈتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەنمۇ تاقەت قىلالماي مۇشۇ خىيالغا كەلگەن. كىشىلەر توي قىلىشقا پۈتۈشۈشنى خۇ-شاللىق ئىش دەپ ئويلايدۇ. بىراق، ماڭا نىسبەتەن، تويىنى بىكار قىلىشتىنمۇ بەكرەك ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ۋە ئەركىنلىك بېرىدىغان ئىش يوق.

بۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى، ئىزچىل بىر قارارغا كېلەلمىگە-نىدىم، ئەمدى كۆڭلۈم ئىزىغا چۈشتى. ھېچكىم مەندەك خۇشاللىق بىلەن قېرى قىز بولۇۋالمايدۇ.

بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سوۋغىسى ئى-كەنلىكىگە، ئۇنىڭ يېڭى «جون گرىئېر دارىلئېتامى»غا يول ئا-چىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ پۈتۈنلەي پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادى-سى، ھېلىقى بىنا سېلىش پىلانىمىزنى تۈزۈشكە كىرىشىپ كەت-تۇق. بېتسىي پىششىق خىشلىقنى ياقتۇرىدىكەن، مەن سېمونت لايلىقنى ياقتۇرىمەن، بوش بولسا ياغاچ قورۇلمىلىقنى ياقتۇرىدى-كەن، بىچارە دوختۇرنىڭ قاندىقىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلمە-دىم، بەلكىم ئۇ زەيتۇن يېشىلى رەڭلىك، قىيپاش لەمپىلىك ئۆي-لەرنى ياقتۇرسا كېرەك.

باللارغا قورۇما قورۇشنى ئۆگىتىدىغان ئون ئاشخانىمىز بار. باللار قارىماققا تولىمۇ ئاسان كۆرۈنىدىغان ئاشپەزلىكنىڭ مۇنداق قىيىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ بېقىشمىغان. مەن مېھرىبان ئانىلاردىن ئوننى ئەمەس، بەلكى ئون بىرنى ئىزدەۋاتىمەن، دوخ-تۇرمۇ باللارغا ئوخشاش ئانا مېھرىگە موھتاج ــ دە. ئۇ ھەر كۈنى كەچ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ماككى خېنىمنىڭ دەردىنى تار-تىپ، چوقۇم بەك ئۈمىدسىزلىنىدۇ. مەن ئۇ خوتۇندىن تولىمۇ بىزارمەن! ئۇ دوختۇرخانىدا تۆت قېتىم ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، ماڭا دوختۇرنىڭ ئېچىدە دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئاۋارە قىل-ماسلىقنى ئېيتتى. دوختۇرنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىم، بىراق ئەمدى يەنە ئەدەپ ساقلاپ تۇرىۋەرمەيمەن، ئالدىراپ قارار چىقار-غۇمىمۇ يوق. ئەتە سائەت تۆتتىن بۇرۇن ـــ بۇ ۋاقىتنى دوختۇر

بىلەن ئىككىمىز كېلىشىپ قويغان ــــ مەن ئۇنى يوقلاپ چىقىد-
مەن. ناۋادا ئۇ ماڭا دوختۇر دەم ئېلىۋاتىدۇ دېسە، ئۇنى ئىتتىرد-
ۋېتىمەن، ھەتتا يىقىتىۋېتىپ، ئاندىن دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىمەن.
لېۋېلىمىن ئىلگىرى دوختۇرنىڭ چاكىرى، شوپۇرى ۋە باغۋىنى
ئىدى، ھازىر پىشقان سېسترا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پوسما، خالات
كىيگەن ھالىتىنى بەكمۇ كۆرگۈم بار.

سېنىڭ خېتىڭ ۋە بېرتىلاند ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ خېتى بىللە
سېلىنغانىكەن، ھېلى تاپشۇرۇۋالدىم. بېرتلاند ئەپەندى خېتىدە،
باللارنى بېقىۋالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى ئېيد-
تىپتۇ، يەنە تېخى ئۆزلىرى تارتقان سۈرەتنى قوشۇپ قويۇپتۇ.
بىرىنچى پارچىسىدا، بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر بوۋاق ھارۋىسى-
نىڭ يېنىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، كىلففورد ئاتىنىڭ تىزگى-
نىنى تۇتۇپ مەغرۇر تۇرۇپتۇ، يېنىدا بىر ئات باققۇچى بالا تۇراتـ-
تى. بۇنداق نەتىجىنى بۇ ئۈچ بالىغا نىسبەتەن يامان ئەمەس دېگى-
لى بولار؟ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىساملا روھلىنىپ كېتىمەن،
ئەمما ئۇلارنىڭ دادىسى ئېسىمگە كەلسىلا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.
دادىسى باللىرىنى باقمەن دەپ چارچاپ ئۆلۈپ كەتتى، باللار
بولسا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، بېرتلاند ئەپەندى ئائىلى-
سىدىكىلەر باللارنىڭ تامامەن ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشىنى ئارزۇ
قىلىدۇ، باللارنىڭ باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى خا-
لىمايدۇ، شۇڭا باللارغا دادىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. يە-
نىلا تەبىئىي بولغىنى ياخشى، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆز پەرزەنتلى-
رىنى تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى بار ئەمەسمۇ؟

(جۇمە)

بۈگۈن بىچارە دوختۇر بىلەن ئاخىر كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ پۈتۈن
بەدىنى بىنت بىلەن يۆگەلگەنىدى. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى دەپ بېرەل-
مەيمەن، پۈتۈن ئۇقۇشماسلىقلار بىردەمدىلا تۈگىدى. ئادەتتە،
نورمال پاراڭلىشىدىغان ئىككىيلەن بىردىنلا قەلبىمىزنى ئېپادى-
لىيەلمەي قالدۇق، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە! دەسلەپىدە

مەن ئۇنى چۈشەنمەيتتىم، ئۇمۇ مېنى چۈشەنمىگەنىدى. قارا، شىماللىقلارنىڭ بۇنداق جىم تۇرۇۋالىدىغان ئادىتى ئادەمنى قانچىلىك ئوسال قىلىدۇ ــ ھە! ھازىر مەن جەنۇبلۇقلارنىڭ يولى كەلگەندە ئىچىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋېتىدىغان ئادىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلدىم.

جۇدى، ئۆتكەن يىلى دوختۇرنىڭ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغانلىقى، مېنىڭ بۇ ئىشتىن بەكمۇ ھەيران قالغانلىقىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن نېمىدېگەن بىغەرەز ــ ھە! ئۇنىڭ خانىمى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن، ئۇ خانىمىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقىلى بېرىپتىكەن. ماككى خېنىم ھەممىنى بىلىدىكەن، ماڭا ئازراق تىنىپمۇ قويماپتۇ.

دوختۇر ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن ماڭا خانىمىنىڭ ئىشىنى دەپ بەردى. بىچارە شۇنچە يىللاردىن بېرى قورقۇنچلۇق، كۆرۈنمەس بېسىم ئىچىدە ياشاپ كەپتۇ، ئايالىنىڭ ئۆلۈمىنى بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئۇچۇن قۇتۇلۇش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. چۈنكى، ئەينى چاغدىلا خانىمىنىڭ روھىي ھالىتى نورمال ئەمەس ئىكەن. ئەمما، ئۇ ئۆزى دوختۇر بولغاچقا، بۇلارنى چوقۇم يېڭىپ كېتەلىشىگە ئىشىنىپتىكەن، يەنە كېلىپ، خانىمۇ بەكلا چىرايلىق ئىكەن. خانىمنى دەپ دوختۇر پايتەختتىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، يېزىغا كەپتۇ. ئەمما، قىزىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن بارچە ئۈمىدى بەربات بوپتۇ. ئۇ نائىلاج ماككى خانىم ئېيتقاندەك خانىمىنى «مۆكتۈرۈپ قويۇش»قا مەجبۇر بوپتۇ. ھازىر قىزچاق ئالتە ياشقا كىرىپتۇ، تولىمۇ ئوماق ئىكەن. بىراق، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ نورمال بالا ھېسابلانمايدىكەن. بىر سېستىرا كېچە ــ كۈندۈز قىزچاقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن. ئىلگىرى ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۆپكىسى يوق ئادەم، دەپ قارايتتىم. ھازىر بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

كەم تېپىلىدىغان سەۋرچان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

جېرۋىس بەكلا ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ خېتىگە رەھمەت. ئۇ-نىڭ ئاخىر قۇملۇقنى كۆرەلىگەنلىكىدىن بەك خۇش بولدۇم. سى-لەر قايتىپ كەلگەندە، بىز بىرلىكتە يېڭى دارىلئېتامنىڭ كەل-گۈسىنى ئويدانراق پىلانلاپ چىقساق نېمىدېگەن ياخشى ــ ھە! ئۆ-زۈمنىڭ توغرا يولغا كىرگەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇ بىر يىلدىن بېرى كىشىلىك ھايات دەرسىنى ئوقۇپ چىقتىم. كەلگۈ-سىدە دارىلئېتامىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دارىلئېتامغا ئاي-لىنىدىغانلىقىنى ئويلىسام، قەلبىمدە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئۇر-غۇيدۇ. سەھەردە خۇشلۇقۇمدىن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينى-غۇملا كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

«جون گرىئېر دارىلئېتامى» دۇنيادىكى بارلىق دوستلىرىغا سەممىمىي تىلىكىنى يوللايدۇ.

خوش!

سالليي ماكبىرد

29 ـ يانۋار

## 107

ئەڭ، ئەڭ سۆيۈملۈك دۈشمەن:

«ئامەت يۇلتۇزى قونايلا دەپ قالدى.»

بۇ سۆز سىزنىڭمۇ يادىڭىزدىن بىردىنلا كەچتىمۇ، بۇنى بىل-مەيمەن، سەھەر ئويغىنىپ، نېمىدىن مۇنچە خۇش بولۇۋاتقانلى-قىمنى بىلمىدىم، كاللام بىرپەس قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى.

تاڭ تېخى يورۇمىدى، ئەمما مەن تولىمۇ سەگەك. ھاياجاندا ئۇخلىيالماي، سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن. بۇ خەتنى «ئەڭ ئىشەنچ-لىك» بالىغا بېرىمەن، ناشتىدا ئۇنى كۆرەلەيسىز.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، مەن دەل ۋاقتىدا بارىمەن. ئىككى سائەت تۇرىدىغانلىقىمنى ئۇقسا، ماككى خېنىم نېمىلەرنى

دەپ كىتەر؟
يىغلىماسلىققا، قولىڭىزنى سۈيمەسلىككە ۋەدە بەرگەنمەن،
ئەمما ۋەدەمگە ئەمەل قىلالماسلىقىم، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋىتىشىم
مۇمكىن. دەرۋەقە، بوسۇغىدىن پۇتۇمنى ئالغان ئاشۇ پەيتكىچە،
سىزنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىڭىزنى بىلەلمەپتىكەنمەن. چاچلىرد-
ىڭىز پاخپايغان، پۇتۇن بەدىنىڭىز بىنىت بىلەن تىڭىلغان هالدا،
ياستۇقتىن بىشىڭىزنى كۆتۇرگەن هالىتىڭىز ئادەمنى قورقۇتىد-
دۇ! ئاشۇ هالدىكى سىزنى سۆيگەنىكەنمەن، ئۇنداقتا، تەسەۋۋۇر
قىلىپ بىقىڭە، پۇتۇنلەي ساقايغاندىن كىيىن، سىزنى يەنە قانچىد-
لىك چوڭقۇر سۆيەرمەن ـ هە!
ئەمما، قەدىرلىكىم، روبىن، هۇ دەلدۇش، نەچچە ۋاقىتتىن




بىرىقى «شوتلاندىيىچە» هاكاۋۇرلۇقىڭىز، ئەرلەرگە نىسبەتەن ئىد-
لىپ ئىيتقاندا، هەرگىزمۇ مۇهەببەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ماڭا
شۇنچىلىك كۆڭۇل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى مەن قانداق بىلەي؟ ئىلد-
گىرىكى قىلمىشلىرىڭىزدىن مۇهەببەتنىڭ ئىزنالىرىنى ئىزدد-

سەممۇ، ئۇنداق ئىش يوق ئىكەن. ئۇنداقتا، ھەر ئىككىلىمىز ئوخشاشلا ئازابلانىمىدۇق؟ يەنىلا مىنىنەتدارلىق بىلەن ئالدىمىزغا قارايلى، ئۆتمۈشتىكى ئىشلارغا پەرۋا قىلمايلى، بولامدۇ؟ بىزنى خۇش قىلىدىغان ئىككى ئىش بار: بىرى، توي، يەنە بىرى، ئىككىلىمىز قىزغىن سۆيىدىغان خىزمەت.

تۈنۈگۈن سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گاراڭ ھالەتتە دارىلئېتامغا قايتتىم. ئۆزۈم يالغۇز ئوبدانراق تىنچلىنىۋالاي دېۋىدىم، بۇش، بېتسىي ۋە لېۋىرمور خانىملار بىللە كەچلىك تاماق يېگىلى كەپتۇ، بۇنى ئالدىن دېيىشىپ قويغاندۇق. كېيىن، بىنادىن چۈشۈپ باللار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئادەتتە، جۈمە كۈنى كەچتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىلاتتى. لېۋىرمور خانىم پاتېفوندا ناخشا قويۇپ بەردى، نائىلاج ئەدەپ يۈزىسىدىن ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدۇم. قەدىرلىكىم، بۇنى دېسەم، چوقۇم مېنى زاڭلىق قىلىدىسىز، ئاخىردا قويۇلغىنى «يوھان ئاندىرسېن — مېنىڭ جېنىم» دېگەن ناخشا ئىكەن. ئۆزۈمنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىمنى سەزدىم! مەن يېنىمدىكى بىر بالىنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ، بېشىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى باشقىلاردىن يوشۇردۇم.

جون ئاندىرسېن، مېنىڭ جېنىم،
ياماشقانتۇق تاغلارغا بىللە،
ئۆتكۈزگەنتۇق گۈزەل چاغلارنى.
بولۇپ بىر تەن، بىر گەۋدە،
يەڭدۇق قىيىن ئۆتكەلنى.
قولنى قولغا تۇتۇشۇپ —
باسايلى بىز ئالدىغا،
كۆز يۇمساق گەر بىر كۈنى،
ياتارمىز تاغ باغرىدا.
قەدىردانىم، جون ئاندىرسېن.

قېرىپ، بەللەر مۈكچىيىپ، دەلدۈگۈنۈپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغىنىمىزدا، بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىزنى رازىمەنلىك ئىلكىدە ئەسلىيەلەرمىزمۇ؟ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە ئويۇن – كۈلكىدە، سۆيگەن ئادىمىم — سىز بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. «ۋاقىت پەقەت مېنىڭ ئېقىنىم»، سىز بىلەن بىللە قېرىسام، قېرىلىقتا پەرۋا قىلمايمەن.

بالىلار مۇھەببەتكە موھتاج بولغاچقا، مەن بالىلارنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالغان، بۇ سىزنى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇر سۆيگەنلىكىمنىڭمۇ سەۋەبى. قەدىرلىكىم، سىز بىچارە ئادەم، ئۆزىڭىزنى ئوبدان كۈتەلمىگەنىكەنسىز، بىرىنىڭ سىزنى ياخشىراق كۈتۈشىگە موھتاجدۇرسىز!

دارىلئېتامنىڭ كەينىدىكى تاغ باغرىغا ئۆي سالايلى. ئېھتىمال، يانچە داچىنىڭ سېرىق رەڭلىكىنى ياقتۇرامسىز ياكى ھال رەڭلىكىنىمۇ؟ ئەمما، ھەرگىزمۇ كۆك رەڭلىك، ئۆگزىسى قىيپاش بولمىسۇن. بىزنىڭ چوڭ مېھمانخانىمىز، تام مەش، يورۇق دېرىزىلىرىمىز بولىدۇ، گۈزەل مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئەمما، ماككى خانىم بولمىسۇن. ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان جەددال قېرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا، چوقۇم سىزنى ۋەھىمىلىك كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئىش پۈتكەندە ئاندىن ئۇنىڭغا دەيمىز، باشقىلارغىمۇ شۇنداق، بولمىسا، توي كېلىشىمىنى بۇزۇۋېتىپ، ئۇزاققا قالمايلا باشقا بىرىنى سۆيسەم، كىشىلەر چوقۇم كەينىمىزدىن بىزنى تىللايدۇ. جۇدىغا خەت يازغاندىمۇ ئىمكان بار ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، خېلى ئۇزاقتا ئىككىمىزنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىدىم. قاراڭ، مەنمۇ بارغانسېرى «شوتلاندىيىلىك ئەركەك»كە ئوخشاپ قېلىۋاتىمەن.

ئېھتىمال، سىزگە ھەقىقىي ئەھۋالنى دېمىگەن بولسام، سىزنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىمنى تاكى ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن ئاشۇ كۈنگىچە ئېنىق بىلمەي يۈرەر ئىكەنمەن. سىز ئوت كۆيۈۋاتقان ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىپ كەتكەن ئاشۇ پەيتتە، ئۆلۈك –

تىرىكلىكىڭىزنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى. دەرد ـ ئەلەملىرىمنى سىزگە ئېيتالمايتتىم. ئاشۇ چاغدا، ناۋادا كېتىپ قالغان بولسىڭىز، چوقۇم بىر ئۆمۈر ئارماندا قالغان بولاتتىم. «كۆڭلۈمدە ئۆزاقتىن بېرى ساقلاپ كەلگەن سۆزلىرىمنى چوقۇم دەيمەن، ئەگەر يېقىن ئادىمىمنىڭ مېنى خاتا چۈشەنگەن پېتى بۇ دۇنيادىن كېتىشىگە قاراپ تۇرسام بولمايدۇ» دېگەن خىيال بىر مىنۇت ساقلىشىمغا يول قويمايتتى. لېكىن، سىز مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدىڭىز، بۇنىڭدىن قانچىلىك بىئارام بولدۇم ـ ھە! مېنى شۇنچىلىك كۆرگۈڭىز كەلگەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟! ھەقىقەتەن ئۇستا ئارتىس ئىكەنسىز، ئاشۇ قاملاشمىغان شوتلاندىيىچە ئەخلاق سىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغاندۇ ھەرقاچان. بىراق، قەدىرلىكىم، كەلگۈسىدە ئارىمىزدا قانداقلا ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرسۇن، بىز چوقۇم گەپنى ئېنىق قىلىشىمىز، ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزدىن يوشۇرماسلىقىمىز كېرەك. بۇنىڭ قانچىلىك ئازاب كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز.

باللار باشقا يەردە تۇرۇۋاتقاچقا، تۇنۇگۇن ئاخشام بالدۇرلا كېتىپ قېلىشتى. مەن جۇدىغا خەت يېزىپ بولغاندىن كېيىن تېلېفونغا تىكىلگىنىمچە، سىزگە ئامانلىق تىلەيمۇ ـ تىلىمەيمۇ دەپ بىر قارارغا كېلەلمىدىم، مەن جۈرئەت قىلالمىدىم، راستىنىلا جۈرئەت قىلالمىدىم! شۇ تاپتىمۇ خىجىللىق ئىلكىدە تۇرۇۋاتىمەن. سىزنىڭ سۆھبىتىڭىزدىن باشقا، مېنىڭچە، ئەڭ ياخشى ئىش بورنسنىڭ كىتابىنى ئوقۇش، ئارقىدىن شوتلاندىيە شېئىرلىرىنىڭ مەستخۇشلۇقى ئىچىدە چۈش ئالىمىگە سەپەر قىلىش. بىراق، ھازىر سىزگە سۆيگۈ مەكتۇپى يازماقتىمەن، تاڭ يورۇپ كەتتى.

قەدىرلىكىم، سىزنى نەقەدەر سۆيىمەن ـ ھە!

سالليې ماكبىرد

جون گرىئېر يېتىملار ئائىلىسى

شەنبە ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىم

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjM0MTMuemlw",
"filename_decoded": "40323413.zip",
"filesize": 16184026,
"md5": "e158a43b58eaae9213353451bc4eb310",
"header_md5": "b462c034c0fdaca05778e38ea2116e87",
"sha1": "aaa004b10a8563e6c25ebdb660926615b6149e58",
"sha256": "34a3c0af377096d73f16452e3ff75a37bb0f1802b2f7abb3e9d2be04e7c972a4",
"crc32": 4130802901,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 16609104,
"pdg_dir_name": "\u255f\u256b\u2591\u00ab\u2561\u2500\u2561\u2568\u255a\u2566\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40323413",
"pdg_main_pages_found": 273,
"pdg_main_pages_max": 273,
"total_pages": 280,
"total_pixels": 1135913088,
"pdf_generation_missing_pages": false
}